مەتتىمىن هوشۇر

# ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخي بايانى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەمتىمىن هوشۇر

# ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى

مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：艾尔肯，阿布里米提
责任校对：胡达拜的

**图书在版编目(CIP)数据**

伊犁民歌的起源/买买提明·吾守尔著.－北京：民族出版社，2006.5
ISBN 7-105-07720-4

Ⅰ.伊… Ⅱ.买… Ⅲ.维吾尔族—民歌－音乐史—伊犁地区—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. J607.215

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052437 号

出版发行: 民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址: 北京市和平里北街 14 号　　邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 北京迪鑫印刷厂
版　　次: 2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本: 850 毫米×1168 毫米
印　　张: 11.375
印　　数: 0001-3000 册
定　　价: 20.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلىمىت سادىق
ئەركىن قادىر

مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى

## مەمتىمىن ھوشۇر


نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11.375
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 20.00 يۈەن

1 - سۈرەت



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن بىر قىسىم چالغۇچىلار

ئالدىنقى رەت (سولدىن) : 1 . نادىر غىجەك ، 2 . ناخشىچى مەسۇم توقۇم ، 3 . ئىسلام چاڭچى ، 4 . × × × ، 5 . مىرزەخمەت ئاشپەز .

ئوتتۇرىدىكى رەت (سولدىن) : 1 . مۇھەممەت موللا (كارۋشاك ئاخۇنۇم) ، 2 . نادىر ئاكا (ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسى) ، 3 . ناخشىچى ئابدۇل چۇكچۇك ، 4 . رەخىمجان ساتىراش ، 5 . تەمبۇرچى مۇسا پاكا ، 6 . جەپىلكام ، 7 . ×××

ئارقا رەت (سولدىن) : 1 . ھىسامىدىن ھاپىز ، 2 . شېرىيازدان ، 3 . قاسىماخۇن بوغالتىر ، 4 . ھىبىبۇللا تومپەر ، 5 . ئۇسسۇلچى قۇربانھاجى ، 6 . ×××

2 - سۈرەت



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياركەنت تەۋەسىدە ئۆتكەن بىر قىسىم سەنئەتچىلەر

3 - سۈرەت



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن بىر قىسىم سەنئەتچىلەر ۋە ھەۋەسكارلار (1916 - يىل) ئالدىنقى رەت (ئوڭدىن) : مەسۇم زەگا، داڭلىق ناخشىچى مەسۇم توقۇم، ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ئۇستىسى ساۋۇت بىدىك، داڭلىق ناخشىچى ئابدۇل چۈكچۈك، ئوتتۇرانچى پاشا...

4 - سۈرەت



ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرى سانائىنەپىسىدىكى سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە (1936 - يىل)
ئالدىنقى رەت (سولدىن) : 3 . ھۈسىين تەمبۇر ، 4 . (چاڭ چېلىۋاتقان) روزى تەمبۇر ، 5 . نۇرمۇھەممەت ناسىر ،
6 . مەرۇپ ناسىرى ، 7 . ئىلدىرىم . ئىككىنچى رەت ئوتتۇرىدىكى ياقىلىق پەلتۇ كىيگەن كىشى بۇرھان شەھىدى ، ئۇنىڭ
سول تەرىپىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى تېيىپ ھاجى ، قاسىمجان تەمبۇرلەر .

5 - سۈرەت



1936 - يىللىرى ئەتراپىدا غۇلجا قازانچى مەھەللىسىدە ئۆتكەن سەنئەتچىلەر

6 - سۈرەت



ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانائىنەپىسە ئەزالىرى (1939 - يىل)

7 - سۈرەت



ئىلى «ئىتتىپاق» تىياتىرىدىكى سەنئەتچىلەر كوللېكتىپى (1947 - يىل)

8 ـ سۈرەت



1952 ـ يىلى ئارالتۆپە ناھىيىسىدىكى سەنئەتچىلەر

9 - سۈرەت



ئۆتكەن ئەسرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى غۇلجا شەھەر ئىچى مەشرەپ سورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم سەنئەتچىلەر

10 - سۈرەت



(تەخمىنەن 1978 - يىلى)

سولدىن : ئەبەيدۇللا تۇردى ، تېيىپجان ئېلىيوف ، غىياسىدىن بارات ، ئابلىزخان ماموت ، ھۆسەنجان جامى ، ئابدۇكېرەش ئەلى ، زىكرى ئەلپەتتا ، ئۆمەر ئاخۇن ، تۇرنىسا سالاھىدىن ، ئارزۇگۈل ، نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ، ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق ئەدىب ۋە سەنئەتچىلەر مۇقام ئاھاڭلىرى تەتقىقاتى ئۈستىدە

## 11 ـ سۈرەت




ئالدىنقى رەت (سولدىن ) : غىياسىدىن بارات ، مۇساجان روزى ، ئابدۇۋەلى جارۇللا ، ئابلىكىم ئابدۇللا ، قۇربانجان روزى .

ئارقا رەت (سولدىن ) : يۈسۈپجان توختى ، ئەبەيدۇللا تۇردى ، غاپپار ئەخمەت (1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاۋازغا ئېلىش زالىدا )

12 ـ سۈرەت



غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى بىر قىسىم سەنئەتچىلەر (تەخمىنەن 1973 ـ يىلى)

ئالدىنقى رەت (ئوڭدىن) : سابىر ، روزى ئابدۇۋەلى ، داۋۇتجان ناسىر ، ئابدۇراخمان جامى ، نەسرۇللا قارى (پەرھەتى) ، مۆمىن سەپىرى ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، مۇھەممەتئەلى ھېزىم .

ئارقا رەت (ئوڭدىن) : مەھەممەتسىدىق ھاجى ، ئەخەت ، ××× ، ھېسام قۇربان ، ئابلىز ھوشۇر ، ئازات نەسرۇللا ، جالالىدىن جارۇللا ، ×××

13 - سۈرەت



غۇلجا شەھرىدىكى بىر قىسىم ياش سەنئەتچىلەر

ئالدىنقى رەت (سولدىن) : ئالماس ئابدۇرېشىت ، سەيدۇللا توختى ، يالقۇن ياقۇپ ، نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ، ۋەلى داۋۇت ، ئەبەي ئىبراھىم ، خېلىل ، سايىتجان سىدىق .

ئارقا رەت (سولدىن) : ئابلىز ، ئابدۇللا رېھىم ، ھېسام قۇربان ، ئابدۇرېھىم ئابدۇسېلىم ، تىلىۋالدى ، ساتتاربا- قى ، تاش مۇھەممەت ، تەلئەت ئابلەت ، ھۇسەنجان ، ئىبراھىم ئابلاخان ، پەرھات ، ئەركىن .

# كىرىش سۆز

ئېلى خەلق ناخشىلىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق، مەردانە مېلودى-
يىسى ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك، مول مەزمۇنلۇق گۈزەل تېكىستلى-
رى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەزىنىسىدە ئالاھىدە جۇلالى-
نىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېلى خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، بەزمە، مەش-
رەپ، باراۋەتلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەمگەك ۋە تۇرمۇش
سورۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ
مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئىستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇپ
كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەجدادلارنىڭ مۇھەببەت -
نەپرىتىنى، قايغۇ ھەسرىتىنى، ئازاب - ئوقۇبەتلىك تارىخىي
كەچۈرمىشلىرىنى، ھۆكۈمرانلارغا، زالىملارغا قارشى ئېلىپ
بارغان ئوتلۇق كۈرەش كارتىنىلىرىنى، ئەركىنلىك، ھەققانىيەت-
نى ئىزدەش سادالىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈپ، ئەجدادلار بى-
لەن ئەۋلادلارنى بىر - بىرىگە ئۇلايدىغان رىشتە بولۇپ كەلدى.
مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقنى توپلاش، رەتلەش،
تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش — مەنىۋى تۇرمۇشى-
مىزنى بېيىتىش، ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقىلا ئەمەس، بەلكى يېقىنقى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىمىزنى
تەتقىق قىلىشقىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىش.

ئېلى ناخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئېلى ناخشىلىرىنىڭ تارىخى،

شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىك ئەلنەغمىچىلىرىمىزنىڭ تارد-
خىي ئۇستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ، ھەربىر ئەل-
نەغمىچى خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىر خەزىنىسى . ئۇلاردىن بىرسد-
نىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ياكى ئۇنتۇلغانلىقى بىر قىسىم
ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزنىڭ ، ھېچ بولمىغاندا ، ناخشا - مۇزىكد-
لىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يوقالغانلىقى ياكى
ئۇنتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي ، ناخشا - مۇزىكىلىرد-
مىزنىڭ بىر قىسىم تارىخىي ئىزلىرىنىڭمۇ ئۆچكەنلىكىدىن دې-
رەك بېرىدۇ . شۇڭا ، نۆۋەتتە ئەلى ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ، شۇند-
داقلا ئۇنىڭ ئىجات قىلىنىپ ، بېيىپ ، تەكەممۇللىشىپ بىزگىچە
يېتىپ كېلىشى ئۇچۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن ، يورەك قانلىرىنى
تۆككەن ئەلنەغمىچىلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىرىنى يورۇقلۇققا چىقد-
رىش ۋە ئۇنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش دەۋرنىڭ جىددى تەقەززاسى
ئىكەنلىكىنى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن مەملىكەت-
لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت
بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىقتىدارلىق يازغۇ-
چىمىز مەمتىمىن ھوشۇرنى تەكلىپ قىلدى . چۈنكى ، مەمتىمىن
ھوشۇرنىڭ ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف
ھەققىدە يازغان «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق بىئوگرافىيىلىك
قىسسىسى ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى»
ناملىق كىتابى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقد-
يەتلىك باشلانغانلىقىنى نامايان قىلغان ئىدى .

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئىزدىنىش ۋە
ماتېرىيال توپلاش جەريانلىرىغا مەنمۇ قاتناشتىم ، بۇ جەريان ھە-

بايلىقنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكارلارغا ھەم ئۇنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئۈچۈن تىرىشقان مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرىمەن .

نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش چاقىرىقى ئاستىدا ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتلەرگە يۈزلىنىۋاتىدۇ . مانا مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە ئورتاق تىرىشىپ ، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەتلىرىنى ، پېشقەدەم ئالىم ، سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ياراتقان مەنىۋى بايلىقلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان مۇقەددەس ئاسارئەتىقىلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ۋە سىستېمىلىق قېزىپ ، رەتلەپ ھەم تەتقىق قىلىپ ، ئۇنى ئەۋلادلارغا ساغلام يەتكۈزۈش بىزنىڭ تارىخىي بۇرچىمىزدۇر . بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .

ئابلىق ئابدۇرېشىت

[illegible]-يىل 18-ئاپرېل . بېيجىڭ

# بېغىشلىما

باتۇر، ئەمگەكچان ئىلى خەلقى ئەسىرلەر مابەينىدە مول ناخشا بايلىقىنى ياراتتى. بۇ ناخشىلار ئىلىنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى، ئىلى خەلقىنىڭ پسىخىكىسى، تۇرمۇش ئادىتى ھەم تارىخىنىڭ ئىنكاسى. ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئاھاڭ جەھەتتىن جاراڭلىق، يېقىملىق، مەردانە، مەزمۇن جەھەتتىن ئىلى خەلقىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ھەم قايغۇ - شادلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزگىچە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، قۇرۇلما جەھەتتىن يۈرۈشلەشكەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئۇنى ئەلنەغمىچىلىرىمىز بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۈن - تىنسىز قوشقان بۇ ئەجرى ۋە تۆھپىسىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن پارتىيىنى، ۋەتەننى، خەلقنى، زامانىنى، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى كۈيلەيدىغان نۇرغۇن نادىر تەركىبلەر بارلىققا كەلدى، ئىلى خەلق ناخشىلىرى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىپ، يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى

بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش ، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى .

مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي شەكىللىنىش جەريانى ، مەنبە - ئېقىملىرى ، ئىپادىلىگەن مەزمۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ ناخشىلارنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ هاياتىي پائالىيىتىنى چوڭقۇر ، ئەتراپلىق ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى هېس قىلىپ كەلگەن ئىدىم . بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ، جاپالىق ئىزدىنىپ ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ماتېرىيال توپلاپ ، «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى . بۇ كىتاب ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە ئىجاد قىلىنىپ ، بېيىپ مۇكەممەللىشىپ ، بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگۈچە ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكار ئەلنەغمىچىلەرنىڭ هاياتىي پائالىيەتلىرى جەھەتتىكى جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ مېۋىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى . بۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق بايان قىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ، ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئەلنەغمىچىلىرىگە تىكلەنگەن ئابىدە سۈپىتىدە ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىكى بىر قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغۇسى . مەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلىپ ، بېيىتىپ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان ئەلنەغمىچىلىرىمىزگە ۋە مۇشۇنداق قىممەتلىك مەنىۋى

قىقەتەن يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك جاپالىق بولدى . چۈنكى ، بۇ تارىخنى بىلىدىغان نۇرغۇن پىشقەدەملەر ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى . لېكىن ، ئەستايىدىل ئىزدەنسىلا نەتىجە چىقىدىكەن . ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىكى پىشقەدەم سەنئەتچىلەرنى ، ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ زاماندىشلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلدۇق . بەزى پىشقەدەملەر مۇشۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئىشنىڭ ئىشلىنىۋاتانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزنى ئىزدەپ قىممەتلىك ئۈچۈر ۋە يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىدى . ھەربىر يىپ ئۇچىنى ، تارىخ چاڭلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ھەربىر ئىز ، ھەربىر بەلگىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ئۈچۈن تىرىشتۇق . «تاما - تاما كۆل بولار » دېگەندەك بىر قىسىم ئاغزاكى ۋە يازما ماتېرىياللار توپلاندى . يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر مانا مۇشۇ ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل رەتلەش ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا دەسلەپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ سىنارىيىسىنى ، ئاندىن ئۇنى كېڭەيتىش ئاساسىدا «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخي بايانى» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى .

يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن سىمغا ، لىنتىغا ئېلىنىپ ساقلىنىۋاتقان پىشقەدەم خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ناخشىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتقان تەۋەرۈك سۈرەتلىرى بۇ كىتابقا تېخىمۇ ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى .

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت

ئابدۇرېشىت بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىدىن تارتىپ مەيدانغا چىققۇچە بولغان پۈتۈن جەريانىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرى-نى بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىلى ئوب-لاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارى-سى، غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەر جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ياردەم بەردى.

ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كو-مىسسارى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئا-ۋىن مۇدىرى زاھىر ساۋدانوف، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كې-ڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتجان ئەمەت، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەۋىردىن ئۆمەر، شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، ئاتاقلىق مۇ-زىكانت مۇساجان روزى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مۇزىكانت ھۆسەنجان جامى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سالاھىدىن تېيىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يۇسۇپجان توختى، ئىلى ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋى-زىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ھېبىبۇللا رېھىم، غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلى-قى مەرھۇم ئەزىمخان نۇرزات، تالانتلىق ياش ناخشىچى تاشمۇ-ھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىكى بىر قىسىم

رەھبەرلەر ، جامائەت ئەربابلىرى ، مۇتەخەسسىسلەر ۋە پىشقەدەم سەنئەتچىلەر قىممەتلىك مەسلىھەت ۋە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بەردى . بىز بۇ ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ، ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش بولغاچقا ، بەزى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولماسلىقى تەبىئى . ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

**ئابلىمىت سادىق**

**2006 - يىل 10 - فېۋرال ، ئۈرۈمچى**

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ............................ ئابلىمىت سادىق 1


## بىرىنچى قىسىم


ئىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى ... 1
ئالۋاڭ (ھوسۇل) ناخشىسى ............................ 18
ئۆستەڭ ناخشىسى ........................................ 23
سىپىل ناخشىسى ........................................... 26
ۋاڭخولۇ ئالۋىڭى ناخشىسى .............................. 33
سادىر ناخشىسى ........................................... 39
كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى ...................................... 46


## ئىككىنچى قىسىم


ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى ............... 64
كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ......................................... 89
موللا ئابلا ................................................ 99
بارات تەمبۇر ............................................ 101
ئۇستاز جامى ئاكا ........................................ 103

## ئۈچىنچى قىسىم


ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ سەھنىگە يۈزلىنىشى ………… 120

ھاسان تەمبۇر ………………………………… 130

ھۇسىين تەمبۇر ……………………………… 133

داڭلىق مۇقامچى روزى تەمبۇر ……………………… 136

مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا …………………… 142

ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف …… 146

ئۇستاز ئەزىم موللابىننى باقى ئوغلى ……………… 149

تەمبۇرچى مەتتاھىر ھەسەن ……………………… 152

سازەندە نۇرمۇھەممەت ناسىر …………………… 154

ماھىر تەمبۇرچى غوپۇر يۇسۇپ …………………… 156

قابىلىيەتلىك مۇزىكانت سۇلتان مۇرات ……………… 158

مۇقامچى قادىر رازى …………………………… 160

سازەندە زوردۇن نۇسرەت ……………………… 162

مۇقامچى ئابلاخان كىپەك ……………………… 164


## تۆتىنچى قىسىم


ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى …… 176

دۇتار پىرى مۇساجان روزى ……………………… 178

تەمبۇر ماھىرى ھۇسەنجان جامى ……………………… 183

داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن ............ 190
ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا ............ 197
قابىل سەنئەتچى ئابلىزخان مامۇت ............ 201
ئىقتىدارلىق سازەندە قۇربان ئۆمەر ............ 204
تالانتلىق خەلق ناخشىچىسى غىياسىدىن بارات ............ 208
تەڭرىتاغ بۇلبۇلى پاشا ئىشان ............ 220
تىرىشچان سەنئەتكار ئابدۇكېرەش ئەلى ............ 226
ئۇستا چالغۇچى ھۇسەنجان ھەسەن ............ 229
خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر ............ 232
مۇقام سەنئەتكارى ئابلىز شاكىر ............ 237
خەلق يېتىشتۇرگەن چالغۇچى روزى ئابدۇۋەلى ............ 242
خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخمەت ............ 247
سەنئەت مائارىپى تۆھپىكارى شىرمۇھەممەت نۇراخۇن ... 251
تۆھپىكار ئىجادىيەتچى ئەبەيدۇللا تۇردى ............ 254
چالغۇچى ئابدۇساتتار داۋۇت ............ 257

## بەشىنچى قىسىم

**ئاخىرقى سۆزلەر** ............ 268
ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا ...... 269
ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇش تەرتىپى مەسىلىسى ...... 319
يۇرۇشلەشكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەرغۇلى مەسىلىسى ... 339
ئىلى سەنىمى ھەققىدە ............ 344

## بىرىنچى قىسىم

# ئىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ تارىخي يىلتىزى

## 1

ئىلى — بۇ گۈزەل، مۇنبەت ماكاندا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان ياشاپ، جاپالىق ئەمگىكى، ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بۇ بىپايان زېمىندا ئۆزىنىڭ رەڭدار، ئاجايىپ مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

ئېگىز چوققىلاردىن ئۇخچۇپ چۇشۇۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىرىشى، بورانلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى، بۇلبۇللارنىڭ نەغمە - ناۋاسى، جانغا ئارام سەلكىن شاماللارنىڭ يوپۇرماقلارنى يېنىك شىلدىرلىتىپ سۆيۈپ ئۆتۈشى... تەبىئەتنىڭ كۆيىگە تولغان بۇ تىنىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئېنىق سادا، رېتىم، تاكت ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ گۈزەل مۇزىكا مەۋجۇت بولۇپ، تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قوللىرى بىلەن يەر شارىدا ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇشتىن مىليون يىللار ئىلگىرىلا سەنئەتنىڭ بۇ ئىپتىدائىي ئۈلگىلى-

-رنى ئاپىرىدە قىلىپ بولغان ئىدى... ئىنسانىيەت تۆرەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ، ھەر سائىتى تەبىئەتتىكى ئاشۇ شاۋ-قۇنلار ئارىسىدا ئۆتتى . ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن چوققىلار ، پاياۋ-سىز كۆك ئاسمان ، رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن دالا... تەبىئەتتىكى بۇ تويۇنغان رەڭلەر ، تۇغۇلۇش - يوقۇلۇش ، ئۆلۈم - يىتىم ، بالا - قازا ، ھەسرەت - نادامەت ، شاتلىق ۋە قايغۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان يۈرىكىنى ھەر مىنۇت ، ھەر دەمدە خىلمۇخىل ھاياجانغا چۆمۈلدۈرەتتى . ئىنسان يۈرىكىنىڭ گۈپۈل-دىشى تەبىئەتنىڭ كۈيگە تولغان ئاشۇ تىنىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ دەسلەپكى ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى .

تەبىئەتنىڭ ئۆزى ھەرخىل رەڭ ، تاۋۇش ۋە مۇزىكىلىق رىتىملارغا تويۇنغان ئاجايىپ بىر سەنئەت دۇنياسى ئىدى . بۈگۈن-كى ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە نۇرغۇن تەرەپلەردىن تەبىئەتنىڭ ئۆزى بىزگە ئۇستاز بولغان . قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى دېموكرىت : «بىز نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارنىڭ شاگىرتىمىز . ئۆمۈچۈكتىن رەخت تو-قۇش ، ياماق ياماشنى ، قارلىغاچلاردىن ئۆي سېلىشنى ، قۇشلار-دىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدۇق» دېگەن ئىدى .

ئىنسان ھايۋانلار كەبى ۋارقىراش ، چىرقىراش ، ھۆركى-رەشلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى ، سەكرەش ، قىيغىتىش ۋە چىرايىدىكى ھەر خىل ئىپادىلەر ئارقىلىق خۇشال-لىقلىرىنى ئىپادىلىگەن ، قۇشلارغا ئوخشاش چۇكۇلداش ، ھەر-خىل قىلىقلارنى چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز جۈپتىگە بولغان مۇھەب-بىتىنى بىلدۈرگەن . ئىنسان يۈرىكىدىكى نازۇك ھېس - تۇيغۇ-

لارنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى مەۋجۇت ئىدى . تىل پەيدا بولغاندىن كېيىن ، ئىنسانلار ئۆزىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلەپ ، قوشاقلارنى ياراتـ تى . بۇ ئىپتىدائىي قوشاقلار ئىنسان ئۆزىدە تەبىئىي مەۋجۇت بولغان رىتىم تۇيغۇسى ۋە قىسقا مىلودىيىلىك ئاھاڭلار بىلەن بىرلىشىپ ، بارا ـ بارا قېلىپلىشىپ بۇگۈنكى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى .

دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇسسۇل ، مۇزىكا ۋە ناخشا قاتارلىق بۇ سەنئەت تۈرلىرى بىر گەۋدە بولۇپ ، تېخى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغان ئىدى . ناخشىسىز مۇزىكىنى ، ناخشا ـ مۇزىكىسىز ئۇسسۇلنى ، ئۇسسۇلسىز ناخشا ـ مۇزىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىدى . خەلق ئىچىدىكى ھەربىر قوشاق ، بېيىتلارنىڭمۇ جەزـ مەن ئۆز ئاھاڭى بولاتتى ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلمايدىغان قوشاقمۇ بولمايتتى . كېيىن ـ كېيىن ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىـ ياتىغا ئەگىشىپ ، بۇ سەنئەت تۈرلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ، مۇستەقىل راۋاجلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى . شۇنداقتىمۇ بىز بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئارىسىدىكى توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپ ، ھېيت ـ ئايەملەردىكى تەبرىكلەش سورۇنلىرىدا ناخشا ـ قوشاق ، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىدىن ئىبارەت سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ، يەنى قەدىمىي ھالىتىگە كۆچىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايـ مىز .

## 2

ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى هايات سەرگۈزەشتىلىرى، تەبىئەتتىن ئالغان ئىلهامى، ئەمگىكى، كۈندۈلۈك تۇرمۇشى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن. بۇ سەنئەتكە ئەتراپتىكى گۈزەل مۇھىتنىڭ ۋە بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر خاراكتېرىنىڭ روشەن تامغىسى بېسىلغان.

قارا تۈندە بۆشۈكنى قۇچاقلاپ بالىسىنى پەپىلەۋاتقان ئانا، تومۇزنىڭ قىززىق ئاپتىپىدا ئورما ئورۇۋاتقان دېھقان، سەپەر خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ئۇزۇن يوللارنى ئارقىسىغا تاشلاپ خىيال بىلەن كېلىۋاتقان يولۇچى، ئايدىڭ كېچىدە ئاشىقىنى كۈتۈپ تۇرغان يىگىت، كەڭ دالاغا قويلىرىنى يېيىۋېتىپ يانپاشلاپ ياتقان چوپان، داۋانلار ئېشىپ، دەريالار كېچىپ، بۇ گۈزەل ئىلى ۋادىسىنى نىشانلاپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلار، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىش قىلىۋاتقان كاسىپلار، ئېغىر خورلۇق ئىچىدە تەر تۆكۈۋاتقان هاشارچىلار، زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىسيانكارلار... ئەنە شۇلارنىڭ هېچبىرى ناخشىدىن ئايرىلغان ئەمەس. ناخشا ئۇلارنىڭ هەسرىتىنى يېنىكلىتىپ، هاردۇقىنى چىقىراتتى؛ ئېزىلگەن، سۇنغان كۆڭۈللىرىگە تەسەللىي بېرەتتى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتى، غەزەب - نەپرىتى، شاتلىقى، دەردۇ - پىراقى، ئارزۇ - ئۈمىد، يۈرەك سۆزلىرىنىڭ هەممىسىنى سەنئەتنىڭ نازۇك تىللىرى بىلەن ئاشۇ ناخشا - مۇزىكىلىرىغا پۈتۈۋەتكەن ئىدى...

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى شامان، زەردۇشت، مانى، خرىستىئان، بۇددا قاتارلىق ھەرخىل دىنلارغا ئېتىقات قىلغانلىقى مەلۇم. بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك سەجدە كۈنلىرى، كاتتا دىنى ئايەملىرى بولاتتى. بۇ مۇراسىملاردا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر، تەڭرىگە بېغىشلانغان مەدھىيە، ھەمدۇسانا، مۇناجاتلار ئاھاڭغا سېلىنىپ ۋە بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىپ ئورۇندىلاتتى. قەدىمكى زامانلاردىكى نۇرغۇن ئەقىدە، دىنىي ئېتىقادلار كىشىلەر روھىدىكى مۇزىكا، ناخشا تۇيغۇلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تېخىمۇ تەسىرلىك تۈس ئېلىپ، سېھىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئاھاڭلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ۋاقىتتا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۇزۇن مەزگىل ئېتىقاد قىلغان دىنى شامان دىنى ئىدى. ئەنە شۇ شامانىزىم دەۋرىدە باخشىلىق ۋە پېرىخونلۇق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، باخشىلار شامان دۇمبىقىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا شامانىزىمنىڭ دۇرۇتلىرىنى مۇناجات قىلىپ، شامان مۇراسىملىرىنى تەشكىللەيتتى، جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالايتتى. ئىلى رايونىدا باخشىلارنىڭ پېرە ئويناپ كېسەل داۋالايدىغان ئىشلىرى تاكى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھەربىر يۇرت، ھەربىر يېزىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق باخشىلىرى، ئۇ باخشىلارنىڭ پېرە قوشاقلىرىنى ئېيتالايدىغان ئۇستا داپچىلىرى بولاتتى. باخشىلار كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان جىن ـ شەيتانلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن تۇغ باغلاپ، ئوت كۆچۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئەتراپىدا قويۇن.

دەك پىرقىراپ كېسەلنى خەنجەرلەيتتى . داپچىلارنىڭ پېرە ناخشىلىرى بىلەن داپ ئاۋازى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقاتتى… تۇرپانىيۇزىلىك ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخمەت بالا ۋاقتىدىكى ئىشلارنى مۇنداق ئەسلەيدۇ : «بالا ۋاقتىلىرىمىزدا مەھەللىدە تولا پېرە بولاتتى . ئۇ چاغلاردا جىلىلىيۇزىدە مۇھەممەد باخشى ، پەنجىمدە مەرۇپ باخشى ، چۇلۇقايدا ئىشان باخشى دېگەن ئادەملەرنىڭ داڭقى بار ئىدى . پېرىدە چوڭ ئويۇن ، كىچىك ئويۇن دېگەن ئويۇنلار بولاتتى . داپچىلار دەسلەپتە پېرە ناخشىلىرىغا ئاۋۇيتتى . باخشىلار تۇغنى پىرقىراپ كېسەل كىشىنى خەنجەرلەيتتى . مۇھەممەد باخشى بويى ئېگىز ، ناھايىتى قاۋۇل ئادەم بولۇپ ، ئادەمنى چىشلەپ كۆتۈرۈپ تۇغ تۇۋىگە ئاتاتتى . مەرۇپ باخشى قىپقىزىل چوغ بولغان كەتمەننى چىشلەپ تۇغنى ئايلىنىپ پىرقىرايتتى . داپچىلار قىزىپ كەتكەندە خەلق ناخشىلىرىنىمۇ ئېيتىپ چۇشۇپ كېتەتتى . بىز ئۇلارنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى يادلاپ ، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنەتتۇق… » خەلق ئارىسىدا پېرە ئاھاڭلىرى بىلەن پېرە ناخشا ـ قوشاقلىرى ھېلىمۇ خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە . ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە كۆپ يىل ئىزدەنگەن باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ قارىشىچە : «بۈگۈنكى ئىلى كلاسسىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئەينى يىللاردىكى سازەندە ـ ناخشىچىلار پېرە ناخشىلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ياساپ ، رەڭ بېرىپ ئىشلەپ چىققان ئىكەن .»[1] گەرچە بۇ كۆز قاراش كىشىگە سەل غەيرى سېزىلسىمۇ ، تارىختا دىنىي ئاھاڭلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان تۈرتكىلىك رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ .

---

① باتۇر ئەرشىدىنوف : «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، ئالمۇتا ، 2002 ـ يىل .

غەربىي دىيار ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە —
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىمۇ بۇددا ، مانى دىنى مەدەنىيىتى-
نىڭ غەربىي يۇرتتىن شەرققە قاراپ سىلجىشى بىلەن زىچ مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا «كۇسەن نەغمىلىرى» دەپ ئاتالغان
غەربىي دىيار ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ دەسلەپكى شەرققە تارقىلى-
شى 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى جىن خانلىقىنىڭ 382 ـ
يىلى كۇسەنگە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن باشلانغان . مەقسەت ،
بۇددا كىتابلىرى بىلەن بۇددا ئۆلىمالىرىنى ئېلىپ كېتىش ئىدى .
جىن خاندانلىقىنىڭ سەركەردىسى لۈيگۇاڭ كۇسەندىن 38 ياش-
لىق كومراجىۋا بىلەن بىللە كۇسەن خانلىق خەزىنىسى ۋە بۇددا
نوملىرىنى يىگىرمە مىڭ ئۇلاغقا ئارتىپ ، نۇرغۇن چالغۇچىلار
بىلەن ئۇسسۇلچىلارنىمۇ ئېلىپ لياڭجۇغا قايتتى . 401 ـ يىلىغا
كەلگەندە پادىشاھ ياۋشىڭ كومراجىۋانى ھۆرمەت بىلەن چاڭئەنگە
تەكلىپ قىلدى . كومراجىۋا ئەنە شۇ يۇرتلاردا ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-
غىچە يۈزلىگەن بۇددا ئۆلىمالىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ 384
جىلتلىق بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى . شۇندىن باش-
لاپ شەرقتە غەربىي دىيار بۇددىزىمى ۋە مۇزىكا ـ ئۇسسۇل
سەنئىتىگە بولغان قىزغىنلىق ئىزچىل داۋاملاشتى .

سىيانپىلار قۇرغان شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
ۋۇدى كۆكتۈرك قاغانى موغانىنىڭ قىزى ئاسىنا سۈيۇمنى نىكاھى-
غا ئالغاندا ، مەلىكە ئاسىنا چاڭئەنگە كۇسەنلىك سۇجۇپ ئاقارى ،
بەي چىژتۇڭ ئاقارى ، بەي ماندا ئاقارى قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكى-
شۇناسلار بىلەن نۇرغۇنلىغان سەنئەتچىلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ بې-
رىپ ، سۇجۇپ[1] مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا كات-

① سۇجۇپ — غەربىي دىيارلىق داڭلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى . ئۇنىڭ ئاتىسى كۇسەندە «مۇزىكا پىرى» دەپ نام ئالغان ئىدى . ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان .

تا خىزمەت كۆرسەتكەن . بۇ مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ ئىجادىي مۇزى-
كىلىرى ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرى ئاساسەن ئەينى چاغدىكى
ئوردا ۋە كاتتا دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت
قىلاتتى .

20 ـ ئەسىردە ياپونىيىنىڭ «كونىنۇرى مەدەنىيەت خەزىنى-
سى»دە ساقلانغان «بەشتار نوتىلىرى» بىلەن ياپونىيە «رىنچى
خاتىرىلىرى»دىكى غەربىي دىيار نوتىلىرى ۋە دۇڭخۇاڭ تاشكې-
مىرلىرىدە ساقلانغان «دۇڭخۇاڭ قەدىمىي نوتىلىرى» تېپىلىپ
سەنئەت دۇنياسىنى تاڭ قالدۇردى . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن-
نىڭ تونۇشتۇرۇشىچە : « ‹دۇڭخۇاڭ قەدىمىي نوتىلىرى› دېگىنى-
مىز 1907 ـ يىلى فرانسىيىلىك پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن ،
ھازىر پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ، تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان
25 نەغمە نوتىسىغا قارىتىلغان بولۇپ ، بۇ نوتىلار ئىچىدىكى 16 ـ
نەغمە ‹ئاستا ئورۇندىلىدىغان ئېۋىرغول نەغمىسى› ، 24 ـ نەغمە
‹ئېۋىرغول› ، 3 ـ ۋە 12 ـ نەغمە ‹قەدەھ كويى› قاتارلىقلار
روشەن غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ئىكەن .»[①] دۇڭخۇاڭ تىكىستى-
لىرى ئىچىدە بەش پارچە ئۇسسۇل نوتىسى بار بولۇپ ، بۇ ،
ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت رىتىملىرىنى خەنزۇچە سىمۋوللۇق ھەرىپ-
لەر بىلەن ئىپادىلىگەن ئاددىي بەلگىلەر ئىكەن . بۇ نەرسىلەرنىڭ
دۇڭخۇاڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىشى دىنىي پائالىيەتتە
مۇزىكا ـ ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى-
نى كۆرسىتىدۇ .

باشقا مىللەت ، باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى» ، 161 ـ بەت .

بارلىققا كېلىش تارىخىدىمۇ دىنىي قىرائەت ، ھەمدۇسانا ، مۇناجات ۋە باشقا دىنىي ئاھاڭلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بولغان . بۈگۈنكى ئاھاڭلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان نوتىنىڭ ئۆزىمۇ دەسلەپتە دىنىي قىرائەتلەرنى خاتىرىلەپ تارقىتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىدى .

«دەسلەپتە كاتولىك دىنىنى تارقاتقۇچىلار دىنىي قىرائەتلەرنى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىرنەچچە پەللىلىك ئاۋازنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، شۇ ئارقىلىق قىرائەتلەرنى دىن ئىخلاسمەنلىرىگە ئۆگەتكەن... ئەڭ قەدىمكى نوتا رىم پاپىسى گرېگورى چېركاۋىدا قوللىنىلغان سىزىقسىز نوتىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ئاساسەن چېكىت ، ئەگرى سىزىق ، چاسا بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان . بۇ نوتا خېلى مەزگىللەرگىچە ياۋروپا خرىستىئان چېركاۋلىرىدا كەڭ قوللىنىلغاندىن كېيىن رەقەملەر بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەللىشىپ مۇزىكا ساھەسىدە قوللىنىشقا باشلىغان»[1] .

دەسلەپتە دىنىي ئاھاڭلار خەلق ناخشا ، مۇزىكا ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن ، كېيىن دىنىي ئاھاڭلار يەنە خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن . ياۋروپانىڭ دىنىي مۇزىكىلىرى ئەسلىدە خەلق مۇزىكا كۈيلىرىدىن ئېلىنىپ ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ياۋروپا ھازىرقى زامان مۇزىكا ، سىمفونىيە ، ئوپېرالىرىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان . «ئىتالىيىنىڭ مىلان شەھىرىدىكى پوپ سىن ئەنمۇ پولۇس (340—397 ) خەلق مۇزىكىلىرىدىن خرىستىئان نەغمىلىرىنى قۇراشتۇردى . VI ئەسىردىكى رىم پاپاسى گرېگورى

---

① مۇتەللىپ ئىسكەندەر خارابى : «ئۇيغۇر مۇزىكا ماتارىيى تارىخىدىن تەرمىلەر» ، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2004 - يىل 2 - سان .

ئون يىل ئىشلەپ چىركاۋ كۈيلىرىنى تۈزدۈردى . ئۇنىڭ تېكستلىرى ئىنجىلدىن ئېلىنىدى . مۇشۇ ئاساستا مۇزىكا مەكتەپ-لىرى ، مۇزىكا كىتابلىرى ، مۇزىكا نوتىلىرى كېلىپ چىقىشقا باشلىدى . »①

«… دىنىي ئېتىقاد ئىنسان ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ئاڭ تۇيغۇسىنى بېغىشلىغان كەڭ دۇنيادىن ئىبارەت… خەلقنىڭ دى-نىي روھىيىتى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ھەقىقىي خەلق سەنئى-تىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . »②

بىزگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنمۇ ئەزان ئاۋازى ، قىرائەت ، مەدداھ ۋە ئاشىقلارنىڭ ھەمدۇسانالىرى ، مەۋلۇت ئا-ھاڭلىرى ، مەلۇم ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇلىدىغان قەسىدىلەر خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەل-دى . كېيىنكى چاغلاردا ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا خانىقا تەلقە ئاھاڭلىرىنىڭ خېلىلا تەسىرى بولغانلىقى مەلۇم . ئەمما ، خەلق دىنىي ئاھاڭلارنى ھامان باشقىچە تۈس بېرىپ ، يېڭىلاپ قوبۇل قىلىپ كەلدى .

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزاق يىللار ئالدىدى-كى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن يەنە ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئانا ئاھاڭلارنىڭ ئۆزى ئەسلىدە خەلق ئاھاڭ-لىرى ئىدى .

---

① ② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 535 ـ ، 538 ـ بەتلەر .

# 3

بۇگۈنكى تەتقىقات ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ تارىخى يىلتىزى مىلادىدىن ئىلگىرىكى شامان ، مانى دىنلىرىنىڭ بايرام پائالىيەتلىرىگىچە بېرىپ تۇتىشىدۇ . مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ناخشىلىرى تارىخىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ تالاي يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . بۇ خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، بارغانسېرى بېيىپ باردى . بۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىلى ، يەتتىسۇ تەۋەلىكلىرىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى .

تارىختا ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلق ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان مول ناخشا - مۇزىكا بايلىقى ، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەرخىل مۇقام شۆبىلىرى بىر قېتىملىق رەتلىنىش ۋە بىرلىككە كېلىشنى ئۇزاقتىن بېرى تەقەززا قىلىپ تۇرغانىدى . ھالبۇكى ، مۇنداق چوڭ ئىشنى ھاكىمىيەت ئارىلاشماستىن تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايتتى . مۇشۇنداق بىر پەيتتە ، يەكەن خانىدانلىقىنىڭ تەختىدە ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ئىلمىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئولتۇردى ۋە بۇ رەتلەش ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۆزى يېتەكچىلىك

قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردى . سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا بولسا ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرى ناھايىتىمۇ تونۇش ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىللە لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ ئىلى ۋادى- سى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ، ھەتتا بىر مەزگىل بۇ يەردە يەتتىسۇنىڭ سەرتاپلىقىغا (باش ۋالىيلىقى- غا ) تەيىنلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغانىدى .① شۇنداقكەن ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەشتە ئۆزى تونۇش بولغان ۋە ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىلى ، يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى ئۇلارنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا رەتلىنىپ ، ئاساسى تۇرغۇزۇلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەينى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان بارلىق قەبى- لىلەر ياشىغان كەڭ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامى- نىڭ مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان ئاھاڭلىرىنى توپلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن . ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، شۇ قېتىمقى رەتكە سېلىشتا ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار- نىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى ۋە بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ نادىر ئىجادىيەتلىرىمۇ ئون ئىككى مۇقام تەركىبىگە كىرگەن . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن ئىلگىرىكى بەزى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى ئۇيغۇر

---

① «تارىخىي مۇسىقىيۇن» : 85 - بەت . ئەنۋەر بايتۇر ، خەمىت تۆمۈرلەرنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا بەرگەن ئىزاھاتىغا قاراڭ .

كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى قىسمەن ئاھاڭلاردىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان ئەلنەغمە بايلىقىنى يىغىپ ، رەتلەپ ، كلاسسىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى تاماملىغان يەكەن خاندانلىقى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاز ئۆتمەي ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى . 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئويرات قەبىلىسى (جۇڭغارلار )نىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى . ئويراتلار يەكەن خاندانلىقىنىڭ بالقاش كۆلى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى كۈچلىرى بىلەن ئۆزئۆزىنچە تىركىشىپ ، ئاخىر يەكەن خاندانلىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . مۇنبەت ئىلى زېمىنىنى تالىشىشنى چۆرىدىگەن بۇ تۈگىمەس يېغىلىقلار ، ئۇرۇش ۋە دىنىي ماجىرالار تۈپەيلىدىن ئىلى رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كەتتى . قالغانلىرىنىڭ زور بىر قىسمىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان باشقا ئورۇنلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى . تۇرمۇشنىڭ بۇ ئېغىر ھالەكچىلىكىدە خەلقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىغا بولغان ھەۋەسلىرى قېچىپ ، مەدەنىيەت قاتتىق بوھرانچىلىققا ئۇچرىدى . مۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىلى رايونىدا 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىككى يۈز يىلغا يېقىن داۋاملاشتى . ئىككى يۈز يىل دېمەك تارىخ ئۈچۈن كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىكلا دەم بولسىمۇ ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىدى . گەرچە ئىلى تارىختىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياشاپ كەلگەن قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى

بولسمۇ ، بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىدىكى سانى ناھايىتى تۆۋەن نىسبەتكە چۈشۈپ قالدى . يەكەن خانىدانلىقى دەۋرىدە رەتلىنىپ تۇرغۇزۇلغان مۇقام ئاھاڭ-لىرىنىڭ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە كۆپىنچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا ساقلىنىپ قالغانلىقى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى . مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ، ئىلىغا بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىن يېڭىباشتىن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ ، مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە بەزى خەلق ناخ-شىلىرىنىڭ جەنۇبتىن ئىلىغا ، ئىلىدىن يەتتىسۇغا قايتا ئېقىپ كىرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى . بۇ ناخشىلار ئىلىغا كەلگەندە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، بۇ يەردىكى خەلقلەر تەرىپىدىن مەلۇم ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلغان ھالدا قايتا قوبۇل قىلىناتتى .

تارىخنىڭ قەدىمى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يەتكەندە چىڭ خانىدانلىقى جۇڭغارلارنى تىنجىتىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ-بىي بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى . ئىلى رايونىنى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئەپلىك ئورۇن دەپ تاللاپ ، ئىلىدا ئەينى يىللاردىكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورنى بولغان «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ ، ئاساسلىق مۇداپىئە قوشۇنىنى مۇشۇ ئورۇندا ساقلىدى . بۇ كۆپ سانلىق قوشۇن ۋە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى رايونىغا ئۇيغۇر-لارنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىپ ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى .

چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ جەنۇبتىن ئىلىغا ئادەم كۆچۈرۈش ئىشى 1760 ـ يىلدىن باشلاندى . ئەينى يىللاردىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دەسلەپتە ئىلىغا چىققان ئۇيغۇرلار خوتەن ، يەكەن ، دولان ، قەشقەر ، ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ ، شايار ، قاراشەھەر ، تۇرپان ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن بولۇپ ئالتە مىڭدىن ئوشۇق كىشى ئىدى .[①] 1761 ـ يىلىغا كەلگەندە يەكەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئىلگىرى ئىلىدا ياشىغان ، ئورۇشقاق جۇڭغار تۆرىلىرىنىڭ دەۋرىدە زۇلۇمغا ، ۋەيرانچىلىققا چىدىماي يۇرتلىرىدىن تېزىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارمۇ ئىلىغا قايتىپ چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى .[②] بۇ جاپاكەش خەلق چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا يىراق يوللارنى بېسىپ ئىلىغا يېتىپ كېلىپ ، ئاي دالادا باشقىدىن ئۆي ـ ماكان قۇرۇپ ، بوز يەرلەر ئېچىپ ، ئىلى دەرياسىنىڭ قاسنىقىدىكى سۇپتاي ، بورۇسۇن ، بۆلۆكەي ، جىرغىلاڭ ، بايتوقاي ، قاينۇق ، خۇنخاي ، كەتمەن غوللىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تاغ سۇلىرىنى ياقىلىتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن مەھەللىلەرنى بەرپا قىلدى .

ئىلىغا ئادەم كۆچۈرۈش ئىشى دەسلەپتە مەجبۇريي ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، كېيىن ـ كېيىن ، ئىلى ئۆز زېمىنىنىڭ كەڭلىكى ، يەر ـ سۇيىنىڭ مۇنبەتلىكى ، تۇرمۇش كۆچۈرۈش شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئىختىيارى كۆچۈپ چىققۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى . ئىلى رايونىنىڭ ئاۋاتلى-

---

① بەزى ماتېرىياللاردا بۇ سان «سەككىز مىڭ ئادەم» دەپ ئېلىنغان .
② «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» ، خەنزۇچە 634 ـ جىلد ، 13 ـ ، 14 ـ بەتلەر .

شىشىغا ئەگىشىپ بارا - بارا بۇ يەرگە چىققۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى يۇرتلاردىن ئىلىغا چىقىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئىچىدە چىلىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيانلارغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىلىغا پالانغان سۈرگۈنلەر ، ئۆز يۇرتىغا پاتمىغان نوچىلار ، خىيالپەرەس تەۋەككۇلچىلەر ، جاھانكەزدى دەرۋىشلەر ، جاپاكەش ئىشلەمچىلەر ، قولى گۈل كاسىپلار ، سوپى - ئىشان ، ئاشىقلار ، سودىگەرلەر ، ناخشىچى ، سازەندىلەر... دېگەندەك ھەممە ئىقلىمدىكى ئادەملەر تېپىلاتتى . تۈرلۈك يۇرتلاردىن خىلمۇخىل تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر ئىلى ۋادىسىدىكى ئىلگىرىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى بىر تەركىبىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . ئۇزاق يىللار ئارىلىشىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئۆزگىچە تىل شىۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس رەڭ ئالغان يەرلىك مەدەنىيەتنى ياراتتى . ئىلىدىكى ئېتىز - داللارنىڭ بىپايانلىقى ، تاغ - دەريالارنىڭ كۆركەملىكى ، يېزا - قىشلاق ، مەھەللىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىقى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۈچلۈك ، جاراڭلىق ، مەردانە ئېيتىلىدىغان ئۆزگىچە بىر تۈرلۈك شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى . «بۇ زاماندا ئىلى ۋادىسىدا ئىجتىمائىي ئىسيانكار روھىي كۈچلۈك ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى كېلىپ چىقتى . بۇ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى ئىلى - يەتتىسۇ ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا فولكلورىغا قەشقەر ، يەكەن مۇقاملىرىنى ۋە باشقا ئۇيغۇر مۇزىكا جەۋھەرلىرىنى قوشۇپ ، شۇ ئاساستا تېخىمۇ خاسلىققا ئىگە ئىلى سەنەم - مۇقاملىرىنى ، جۇملىدىن

گۈزەل مىلودىيە ۋە جەڭگىۋار خەلق تېكىستلىرىگە ئىگە ئىلى
خەلق ناخشا - مۇزىكىسىنى ياراتتى .»[1] ئىلى خەلقى ئۆز بېشى-
دىن نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ، تالاي تارىخىي ۋەقەلەرگە
شاھىت بولغاچقا ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىدە مۇ-
ھەببەتتىن كۆرە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەز-
مۇنلار كۆپرەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە
ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئۆستەڭ ناخشىسى» ، «سېپىل ناخشى-
سى» ، «ئالۋاڭ ناخشىسى» ، «ۋاڭخولۇ ئالۋىڭى ناخشىسى» ،
«سادىر پالۋان ناخشىسى» ، «كۆچ - كۆچ ناخشىسى» ۋە باشقا
تارىخىي ناخشىلار ئىلى خەلقىنىڭ ئەنە شۇ كۈلپەتلىك ئۆتمۈشى-
نىڭ ئۆچمەس بەدىئىي كارتىنىلىرى ئىدى .

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 328 - بەت .

# 4

# ئالۋاڭ (ھوسۇل) ناخشىسى

ئىلى ۋادىسىنىڭ يېرى كەڭ، مۇنبەت، سۈيى مول بولسىمۇ، بۇ يەرگە ئۇزۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جۇڭغارلارنىڭ ئاساسىي كەسپى چارۋىچىلىق بولغاچقا، ئىلگىرىكى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىزى ئۆچۈپ، شەھەر - يېزىلار ۋەيران بولۇپ يوقىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، باشقۇرۇش ۋە تۇرلۇق باج - سېلىقلارنى يىغىۋېلىشقا ئاسان بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ھەر يۈز ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ بېكىتتى. ناۋادا كۆچۈپ چىققان ئائىلە يۈز ئۆيلۈككە يەتمىسە بىر نەچچە ئون ئۆيلۈكنى ھەم بىر يېزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەربىر يېزىغا بىردىن يۈز بېگى تەيىنلەندى. ناملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان جېلىلىيۈزى، تاھىريۈزى، روزىمەتيۈزى... دېگەندەك يېزا ناملىرى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان بولۇپ، ھەربىر يۈزلۈك يېزىنىڭ نامى دەسلەپكى يۈز بېگىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۈچئون، بەشئون... دېگەندەك يېزا ناملىرى بولسا نوپۇس سانى يۈز ئائىلىگە توشمىغان يېزىلارنىڭ دەسلەپكى ئائىلە سانى بىلەن ئاتالغان ئىدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى يېڭى يېزىلارغا ئورۇنلاشقان ھەربىر ئائىلى-

گە يىلىغا تۆت خودىن، بىر يۈزلۈك يېزىغا بىر يىلدا تۆت يۈز خو هوسۇل[1] تاپشۇرۇشنى بەلگىلىگەن ئىدى. يىراق يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ چىققان دېهقانلار بوز يەر ئېچىپ، يېڭى ئۆي ـ ماكانىنى قۇرغىچە گەمە ـ ئۆڭكۈرلەردە يېتىپ ـ قوپۇپ كۆپ مۇشەققەت چېكەتتى. ئات ـ ئۇلاغ، ئۇرۇقلۇق ئاشلىق كەم ئىدى. دەشت ـ باياۋانلاردا يەر ئېچىپ، ئەمدىلەتىن تۇرمۇشىنى قامداپ، كۈنىنى ئاران ئېلىشقا باشلىغان خەلققە بۇ ئالۋاڭنى تاپشۇرۇش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. ئاشلىق سارغىيىپ پىشا ـ پىشمايلا چىڭ هۆكۈمىتى يېزىلارغا دورغىلىرىنى[2] ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتىپ، يېڭى ئاشلىقتا دېهقانلارنىڭ ئېغىزى تېگىشتىن ئىلگىرى هوسۇلنى تۆكۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەردىن يۈزلۈك يېزىلاردىكى دېهقانلارنىڭ سانى كېمىيىپ كەتسىمۇ، چىڭ دائىرىلىرى بۇ يېزىلاردىن ئوخشاشلا ئىلگىرى بەلگىلەنگەن تۆت يۈز خو ئاشلىقنى زورىغا ئالىۋېرەتتى. هوسۇلنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتقانلار ئېغىر جازالىناتتى. ئەنە شۇ ئەهۋالدا، ئەرز ـ هالىنى نەگە بېرىپ ئېيتىشنى بىلەلمىگەن دېهقانلار يۈرەك زارىنى:

ئالۋاڭ ـ هوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ هوسۇلنى قويمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق…

① ئۇ چاغلاردا دېهقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان باج «هوسۇل» دەپ ئاتىلاتتى.
② دورغا — ئاشلىق بېجىنى يىغقۇچى ئەمەلدار.

دېگەن ناخشىلار بىلەن بايان قىلغان .

1880 ـ يىلى ئىلىغا ئەلەم بولۇپ ، 1890 ـ يىلى 76 يېشىدا ۋاپات بولغان مەشھۇر خەتتات موللا ناسىر ئەلەم خۇدابەردى مۇھتەسىپ ئوغلى بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان :

«ساڭنىڭ دالويىلارى تارانچى ساڭغا ھوسۇل ئالىپ كېلىپ ، دۇۋالاپ راسلاپ تۇرسا ، پات ئالماي ئون ـ يىگىرمە كۈن ، ھەتتا بىر ئاي ساقلاتىپ قويار ئىدى . دېھقانلار ئالىپ كىرگەن ئاشلىقلارنى پات ئۆتكۈزەلمەي ، ھۆل ـ يېغىن بولۇپ ، ئاشلىقلار ئەخلەت ـ چۈۋا ، نەم بولۇپ قالسا ، ئالمايمىز دەپ ، ئاشلىقنى ساتقۇزۇپ پۇل ئالاتتى . بەزى يىللىرى يامغۇر ـ يېشىن كۆپ بولۇپ ، ئوغرى ئالىپ ، قاردا قالىپ ، چىرىپ زايە بولۇپ كەتسە ، شۇ يىلنىڭ ئاشلىقىنى كېلەر يىلغا قالدۇراتتى . دالويىدىن باشقا تورخاننىڭ[1] شازىچىلىرى[2] ھەر يۈزلۈكنىڭ ئون دۆۋە ئاشلىقىدىن ئوندىن يۈز شازا ئالغان . دالوينىڭ ئۆي كىشىلارى[3] ھەر يۈزدىن يىگىرمە شازا ئالغان . دالوينىڭ مەپىچى ، ئات ـ خېچىر باقادۇرغان ئادەملىرى ھەر دۆۋەگە قەغەزگە بولاپ بىر جىڭ ـ يارىم جىڭ چاي قويۇپ ، ھەر ئون دۆۋەدىن ئون شازا ئالغان . دېھقان قالغان ئاشلىقلارنى ھوسۇلغا ئۆتكۈزۈپ ، توشمىسا يەنە ئاشلىق تەييارلاپ ئالىپ كىرگەن… خانۇخاي ، بايتوقاي ، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق يۇرتلاردا ۋابا كېسىلى پەيدا بولۇپ ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ ، بۇ يەرلەرگە يەنە كونا يۇرتلاردىن تارانچى كېلىپ ، يۇرتى ئات ـ كالا ، ئۇرۇق چىقارغان… توققۇزتارا ، ئارا بوزلاردا

---

① تورخان — چىڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى ساڭ ئەمەلدارى .
② شازىچى — ئاشلىقنى ئۆلچەپ ئالغۇچى .
③ دالوينىڭ ئۆي كىشىلارى — دالوينىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

نۇرغۇن ئادەم كۆچۈپ كېتىپ ، ھەر يۇرتتا يۈز تارانچى كام بولۇپ قالىپ ، بەزى يۇرت سەكسەن ، يەتمىش ، تولا يۇرت ئاتمىش ، ئەللىك تارانچى بولۇپ قالىپ ، قالغان خەلق ئوخشاشلا يۈز كىشىلىك ئالۋاڭ - ھوسۇل بېرىپ تۇرغان... بۇلارنىڭ تاشايىندا ئۈچ - تۆت يىل تەرك بولماي ، ھەر يەرلەردە چېكەتكۇ ئاپىتى پەيدا بولۇپ ، ئاشلىقلار تاختا بولۇپ باش چىقارغاندا چېكەتكۇ يەپ كېتىپ ، ھوسۇل ئالالماي ، تارانچى ئۆزلىرى چاكار كىرىپ ، بالا - چاقىلىرىنى چاكار بېرىپ ھوسۇل قويۇپ نامرات بولۇپ كەتكەن... »

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، چىڭ دائىرىلىرى دېھقانلارنىڭ ھوسۇل ئۈچۈن ئەكىرگەن ئاشلىقىنى خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن بۇلاپ - تالاپ ، ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ ئالماي ، خەلققە ھەسسىلەپ زۇلۇم سالغان . ئۆلۈم - يېتىم ۋە باشقا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن كېمەيگەن جان سانىنى نوپۇس دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈۋەتمەي يۇزلۇك يېزىلاردىن ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن ھوسۇلنى ئالىۋەرگەن . ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ دەرد ئۈستىگە دەرد سالغان . ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ، چىڭ ئەمەلدارلىرى ھەر ئائىلىدىن ئالىدىغان ئالۋاڭ - ھوسۇلنى تۆت خودىن سەككىز خوغا كۆتۈرگەن . 1860 - يىللىرىغا كەلگەندە سەككىز خو ھوسۇلنى بىراقلا ئون ئالتە خوغا ئۆستۈرگەن . نەتىجىدە ، دېھقانلار ئالتە ئاي ياز تەر تۆكۈپ يىغقان - تۈككىنىنى بېرىپمۇ ھوسۇلنى تۈگىتەلمەي ، كىگىز - كېچەك ، قازان - قۇمۇچلىرىنىمۇ سېتىپ ھەر تەرەپكە سەرسان بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان .

ئاخشىمى ياتار چاغدا
سالغىلى كىگىز قېنى؟
بۇ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى
زالىملارنىڭ قىلغىنى .

ئاتالىرىمىز ھالى يامان
تەپپىنەم زاماندا .
بىر مەھەللىدە بىر قازان
زالىملار زاماندا...

دېگەن مىسرالار ئەنە شۇ تارىخنىڭ خاتىرىلىرىدۇر . «ھوسۇل ناخشىسى» ئەينى يىللاردىكى ئۆزلۈكسىز داۋام قىلغان ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ بارغان ئالۋاڭنىڭ دەستىدىن ئېيتىلغان بولۇپ ، خەلقىمىز بۇ ناخشىنى «سادىر 2 ـ» ئاھاڭىدا ھازىرغىچە ئېيتىپ كەلمەكتە .

# 5

## ئۆستەڭ ناخشىسى

ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر دەسلەپتە تاغ سۇلىرى
ئېقىپ چىقىدىغان جىلغا ئېغىزلىرىغا ، تاغ سۇلىرىنىڭ تۇزلەڭلىد-
رىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىن بويلىرىغا ۋە بەزى بۇلاق ، ساز
سۇلىرى ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ ، يەر ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلغان
ئىدى . لېكىن ، جىلغىلاردىن شارقىراپ ئېقىپ چىقىۋاتقان بۇ تاغ
سۇلىرىنى تىزگىنلىمەك مۇشكۇل ئىدى . قار - يامغۇر كۆپ
بولۇپ قالغان يىللىرى قىيان كېلىپ ، ئېتىز - ئېرىقلارنى سۇ
بېسىپ ئاپەت تۇغدۇراتتى . بەزى يىللىرى بولسا سۇ تارتىلىپ
كېتىپ ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق دېھقانىنىڭ رەڭ-
گىنى سارغايتاتتى . ئىلىدا ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ، تېرىلغۇ يەر-
لىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، بارا - بارا ئىلگىرىكى تاغ سۇيى
بىلەن بۇلاق ، سازلارنىڭ قارا سۇلىرى ئېھتىياجنى قامدىيالمايدى-
غان بولۇپ قالدى ، يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ، ئۆستەڭ
چېپىپ سۇ ئېلىپ كېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى .

ئىلىدا ئەڭ بۇرۇن چېپىلغىنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئىككى
ئۆستەڭ بولدى ، بۇنىڭ بىرى ، جىرغىلاڭدىن [1] تاشكۆۋرۈككىچە [2]
بولغان ئارىلىقتىكى ئىلى ھېكىمبېگىگە قاراشلىق يەرلەرنى سۇ-
غىرىش ئۈچۈن ئېلىنغان «ھېكىم ئۆستەڭ» ، بۇ ئۆستەڭ ئارقى-
لىق غۇلجا شەھىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى لەڭزە بېشىنىڭ [3] قارا
سۇيى قارا دۆڭ [4] قاپتىلىنى بويلاپ ئېقىپ ، ھېكىمبەگنىڭ يەرلى-

---

① ② ③ ④ جىرغىلاڭ ، تاشكۆۋرۈك ، لەڭزە بېشى ، قارادۆڭ — جاي ئىسىملىرى .

ـرىگە يەتكۈزۈلەتتى . يەنە بىرى ، شاغىبەگكە قاراشلىق يەرلەرنى
سۇغىرىش ئۈچۈن چېپىلغان «شاغىلىق ئۆستەڭ» بولۇپ ، بۇ
ئۆستەڭمۇ لەڭزە بېشىنىڭ سۈيىدىن باشلىنىپ ، تاشكۆۋرۈك ،
ئايدۆڭ مەھەللىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ تاكى ئىلى دەرياسى بويىغىـ
چە سوزۇلغان ئىدى . ئىلى دېھقانلىرىنىڭ قان ـ تەرى بىلەن
پۈتكەن بۇ ئىككى ئۆستەڭ غۇلجا شەھەر خەلقى ۋە شەھەر ئەتراپىـ
دىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تاكى بۈگۈنگىچە
ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇۋپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر
يىلى ئۆستەڭ چېپىش ، رېمونت قىلىش ئىشلىرى توختىماي داۋام
قىلدى . 1800 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلىغىچە بولغان ئاتمىش
نەچچە يىل ئىچىدە ئاق ئۆستەڭ ، ئارا ئۆستەڭ ، كوسۇن ئۆسـ
تەڭ ، ئارا بوز ئۆستەڭ ، ئونيار ئۆستەڭ ، سادىق ئۆستەڭ ،
بايتوقاي ئۆستەڭ ، قاشقارباغ ئۆستەڭ ، قاشسالا ئۆستەڭ ، قاشـ
قارياغاچ ئۆستەڭ ، قاشتۇردىيۈزى ئۆستەڭ ، دودى ئۆستەڭ ،
توققۇزتارا ئۇيغۇر ئۆستەڭ ، توققۇزتارا شىۋە ئۆستەڭ ، دولاتا
ئۆستەڭ ، غاپپار ئۆستەڭ ، ئابدۇساتتار ئۆستەڭ ، سېتىۋالدى
ئۆستەڭ ، چوڭ بۇغۇر ئۆستەڭ قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە ئۆستەڭ
چېپىلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، دودى ئۆستىڭىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن
كۆرە لاماسۇنغا سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئۆستەڭ ئېلىنغان
بولۇپ ، ئۇنى ئىلى جياڭجۈنى چاپتۇرغانلىقتىن «جياڭجۈن ئۆسـ
تەڭ» دەپ ئاتالغان . بىراق ، دەريا ياقىسىدىن يىلان كۆپ چىقىپ
يامراپ كەتكەچكە ئۆستەڭ پۈتمەي قالغان . يەنە يەتتىسۇ تەۋەسىدىـ
مۇ بەش ئۆستەڭ بولۇپ ، بۇ ئۆستەڭلەرمۇ مۇشۇ مەزگىلدە چېـ
پىلغان ئىدى . بۇ ئۆستەڭلەرنى چېپىشنىڭ ئېغىر مۇشەققىتى
ئاساسەن ، ئىلىدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكـ

لەنگەن ئىدى . ھەر يىلى مىڭلاپ دېھقانلار ھاشارغا تۇتۇلۇپ ئۆستەڭ ئەمگىكىگە ھەيدىلەتتى . ھاشارچىلار بەزىدە ئۆيىگە ئايلاپ قايتالماي ، يەرلىرى تېرىلماي ئاق قېلىپ ، بالا - چاقىلىرى ئۆيدە ئاچ - زېرىن قاقشايتتى . بەزى دېھقانلارنىڭ ئاشلىقلىرى ۋاقتىدا يىغىۋېلىنماي ، پىشىپ تۆكۈلۈپ ئېتىزدىلا قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ تۇگەيتتى .

ئەنە شۇ دەھشەتلىك كۈلپەت ، ئېغىر ھاشار بېسىمىدا تىنال- ماي قالغان دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ دەردۇ - پىغانىنى :

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق ،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ .
زالىم تۇڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ .

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر ،
دەسسىسە لىغىلدايدۇ .
زالىملار چىقىپ كەلسە ،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ .

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى .
مەن ، مەن دېگەن يىگىتلەر
يۇرتتىن ئايرىلىپ كەتتى…

دەپ «ئۆستەڭ ناخشىسى» بىلەن ئىزھار قىلغان .

## 6

# سېپىل ناخشىسى

چىڭ خاندانلىقى 1761 ـ يىلىدىن 1780 ـ يىلىغىچە بولغان يىگىرمە يىل ئىچىدە ئىلىدا چوڭ ـ كىچىك ئون قەلئە ياسىتىپ ، سەككىز قەلئەدە مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزدى . بۇ سەككىز قەلئە مۇنۇلار ئىدى :

1 . تەلكە قەلئەسى . بۇ قەلئە تەلكە تېغى ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ ، ئىلىدىكى قەلئەلەر ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھېسابلىناتتى . سېپىل ئېگىزلىكى بىر جاڭ① ، ئايلانمىسى بىر يېرىم لى② كېلىدۇ . بۇ قەلئە چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى ) سېلىنغان . ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى ئىدى .

2 . سۇيدۇڭ قەلئەسى . بۇ قەلئە چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى ) سېلىنغان . سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭ يەتتە چى ، ئايلانمىسى تۆت لىدىن كۆپرەك كېلەتتى . بۇ قەلئەنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بار ئىدى . بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى «ئوخارلىق» بولۇپ ، جۇڭغارلار تىلىدا «بېلىقچى قۇش» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن .

3 . كۇرە قەلئەسى . بۇ ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ قەلئە بولۇپ ،

---

① بىر جاڭ 10 چى ، بىر چى $\frac{1}{3}$ مېتىر .
② بىر لى 500 مېتىر .

چيەنلوڭنىڭ 29 ـ يىلى (1764 ـ يىلى) بىنا قىلىنغان. سىپىل ئېگىزلىكى بىر جاڭ تۆت چى، ئايلانمىسى توققۇز لىدىن كۆپرەك ئىدى. تۆت تەرىپىدە دەرۋازىسى بولغان. چيەنلوڭنىڭ 59 ـ يىلىغا كەلگەندە قەلئە يەنە شەرق تەرەپكە كېڭەيتىلىپ، بازار ئىچى ئايلانمىسى ئون لىدىن ئاشۇرۇلغان. مانا بۇ كىشىلەر ئېيتىپ كەلگەن «كونا كورە قەلئەسى»دۇر. بۇ قەلئە 1866 ـ يىلى پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا ۋەيران بولغاندىن كېيىن، گۇاڭ-شۈيىنىڭ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى) كونا كورەدىن ئونبەش لى يىراقلىقتا يېڭى بىر قەلئە سېلىندى. بۇ هازىرقى «يېڭى كورە» بولۇپ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا هوقۇق يۈرگۈ-زىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى — ئىلى جياڭجۈنى مۇشۇ ئىككى كورەدە تۇرغان ئىدى.

4. باياندا قەلئەسى. بۇ قەلئەنىڭ ئايلانمىسى ئالتە لىدىن كۆپرەك بولغان. ئۇ كونا كورەدىن ئىككى يىل كېيىن سېلىن-غان. بۇ قەلئە كېيىن دېھقانلار ئۇرۇشىدا خاراب بولغان. «بايان-داي» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «بايلىق» دېگەن مەنىنى بېرى-دىغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا باياندا ئەتراپىدىكى يەرلەر ناهايى-تىمۇ مۇنبەت ئىكەن.

5. گۇاڭ رېنچىڭ قەلئەسى. بۇ ئىلىدىكى قەلئەلەر ئىچىدى-كى تارىختا نامى چىققان قەلئەلەرنىڭ بىرى. ئۇ چيەنلوڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىلى) ياسىتىلغان. سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭ ئۈچ چى، ئايلانمىسى ئۈچ لىدىن ئوشۇقراق كېلىدۇ. ئىل-گىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالمالى باش مەهكىمىسى مۇشۇ ئورۇن-

غا تەسىس قىلىنغان ئىكەن . چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلـ-
غاندىمۇ بۇ ئورۇندا تۇرغان دېگەن گەپلەر بار . ھازىر يەرلىك
كىشىلەر بۇ يەرنى «لوسۇگۇڭ» دەيدۇ . يەنە بىر ئىسمى — تۇتەي .
چىڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بۇ يەردىن ئۇتەيگىچە بولغان ئارد-
لىق بەش لەشكىرى بېكەت ھېسابلىناتتىكەن . بۇ يەر بىرىنچى
بېكەت بولغاچقا ، تۇتەي ئاتالغان .

6 . جەندىچىڭ قەلئەسى . بۇ قەلئەنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى
يۇقىرىدىكى گۇاڭرېنچىڭ قەلئەسى بىلەن ئوخشاش . ئەسلىي بۇ
يەر ئىلگىرى «چاغان ئۇسۇ» دەپ ئاتىلاتتىكەن . بۇ سۆز جۇڭغار-
لارنىڭ تىلىدا «سۈزۈك سۇ» دېگەن مەنىنى بېرەتتىكەن . ھازىر-
مۇ كىشىلەر بۇ يەرنى «چىڭسىخوزا» ( 清水河 ) دەپ ئاتايدۇ .

7 . شىچۇنچىڭ قەلئەسى . بۇ باياندا بىلەن غۇلجا شەھىرى
ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بىر قەلئە بولۇپ ، يەرلىك خەلقلەر بۇ
يەرنى «كونا چىلپەڭزە» دەيدۇ . بۇ قەلئە چيەنلۇڭنىڭ 42 -
يىلى ياسالغان . سېپىل ئېگىزلىكى بىر جاڭ ، ئايلانمىسى ئىككى
لىدىن كۆپرەك كېلىدۇ . شەرق ، غەرب ، جەنۇب — ئۈچ تەرىپىدە
دەرۋازىسى بولغان .

8 . گۇڭچىنچىڭ قەلئەسى . بۇ ئەڭ غەربتىكى بىر قەلئە
بولۇپ ، ئېگىزلىكى بىر جاڭ يەتتە چىدىن ئوشۇق ، ئايلانمىسى
ئۈچ لىدىن كۆپرەك كېلەتتى . بۇ قەلئەنىڭ ئورنى كونا قورغاسقا
توغرا كېلىدۇ .

يۇقىرىقى سەككىز قەلئەدىن باشقا قالغان ئىككى قەلئەدە
ئاساسەن ئۇيغۇرلار تۇرغان . بۇ ئىككى قەلئەنىڭ بىرى — غۇلجا
شەھەر قەلئەسى ، يەنە بىرى — بۇ ئون قەلئەنىڭ ئەڭ شەرقىدد-

كى ، كېيىنكى چاغلاردا تارىخىي خاتىرىلەردە نامى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان قاش قەلئەسىدۇر .

غۇلجا شەھەر قەلئەسى چيەنلوڭنىڭ 27 ـ يىلى (1763 ـ يىلى ) سېلىنىشقا باشلىغان . شەھەر سېپىلى تۆت چاسا ، تەخمى-نەن تۆت مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ ، سېپىلنى سوقۇپ تاماملاش تاكى 1864 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقان . گۇاڭشۈينىڭ 3 ـ يىلى بۇ يەردە ناھىيە تەسىس قىلىنغاچقا غۇلجا شەھىرى «نىڭيۈەن ناھىيە بازىرى» دەپ ئاتالغان ئىدى . شۇڭا ، بۇ قەلئەمۇ خەنزۇ تىلىدا «نىڭيۈەنچىڭ» دەپ نام ئالغان . شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ ، ئەسلىدە خانلىق تەرىپىدىن بۇ دەرۋازىلارغا «جىڭشۇمېن» ، «خۇەيىيېڭمېن» ، «گۇيجىمېن» ، «جياخۇي-مېن» دېگەن ناملار بېرىلگەن بولسىمۇ ، ئادەتتىكى خەلق شەھەر-نىڭ شەرقى تەرىپىدە دەڭ ـ سارايلار كۆپ بولغاچقا ، بۇ تەرەپتى-كى دەرۋازىنى «دەڭ دەرۋازا» ، شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كۆرەگە بارىدىغان بولغاچقا بۇ تەرەپتىكى دەرۋازىنى «كۆرە دەرۋازا» ، شەھەر خەلقى سېپىلنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى ئۆستەڭ-دىن سۇ ئىچىدىغان بولغاچقا بۇ تەرەپتىكى دەرۋازىنى «سۇ دەرۋا-زا» ، شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە دولان دەرەخلىرى كۆپ بولغاچقا ، بۇ تەرەپتىكى دەرۋازىنى «دولان دەرۋازا» دەپ ئاتىشاتتى .

قاش قەلئەسىنىڭ بەرپا بولۇشى مۇساگۇڭنىڭ نامى بىلەن باغلىق . مۇساگۇڭ چىڭ خانىدانلىقىغا ئەڭ بۇرۇن ئىتائەت قىل-غان ۋاڭلارنىڭ بىرى تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولىدۇ . ئۇ چيەنلوڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىل ) قەشقەردە مۇسۇلمانلار ئىشىنى ياخشى بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن

گۇڭلۇق مەرتىۋىگە ئېرىشكەن . چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى «فۇگو-
گوڭ» مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىلىغا ھاكىمبەگ بولۇپ تەيىن-
لەنگەن . ئۇ ئىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە شەھەر قۇرۇلۇ-
شى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن .

مۇساگۇڭ ئىلىغا يېتىپ كېلىپ ، ھاكىمبەگلىك ئورنىغا
ئولتۇرغاندا ، چىڭ دائىرىلىرى جەنۇبتىن ئىلىغا ئېلىپ چىقماقچى
بولغان ئالتە مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىلىغا تېخى
يېرىمى كېلىپ بولالمىغانىدى . مۇساگۇڭ ئارقا ـ ئارقىدىن چە-
قىۋاتقان بۇ مۇساپىرلارنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى تىرىكچىلىكىنى
كۆزدە تۇتۇپ ئىلى دەرياسى بىلەن قاش دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى
قاشقا چوڭ بىر قەلئە قۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا
قويغان . ئىككى مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئايدالىدا يې-
تىپ ، مۇشەققەتلىك ئەمگەك بىلەن قاش سېپىلىنى چيەنلۇڭنىڭ
30 ـ يىلى (1765 ـ يىل) پۈتتۈرگەن . قاش قەلئەسىنىڭ
خارابىلىرى تاكى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغانغا قەدەر ساقلىنىپ
كەلگەن ئىدى . كوممۇنا قۇرۇلغاندىن كېيىن قەلئەنىڭ ئىچى
تۈزلىنىپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلغان ، قالدۇق سېپىل تاملىرىنى
دېھقانلار ئۆرۈپ ، توپىسىنى ئوغۇت قىلغان . چوڭلارنىڭ ئەسلە-
شىچە ، قەلئە ئىچىدىكى ئىككى ـ ئۈچ ئورۇندا قۇدۇقنىڭ ئىزنا-
سى ۋە چوڭ بىر مەسچىتنىڭ خارابىسى بار ئىكەن ، سېپىلنىڭ
تۆت بۇرجىكى ۋە دەرۋازىلارنىڭ ئىككى يېنىدىكى كۆزىتىش را-
ۋاقلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتىكەن .

يۇقىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئون قەلئە پۈتكىچە ئىلىدىكى

ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ زېمىنىسىگە يەر تېرىپ ، ئۆستەڭ چېپىپ چىڭ مەمۇرلىرىنىڭ قورسىقىنى بېقىپلا قالماي ، يەنە سېپىل قۇرۇلۇشى ھاشارىسىغا ئىشلەشتەك مۇشكۇل ئىشمۇ يۈكلەندى . سېپىل ناخشىسىدىكى :

سېپىل سوققىنى كەپتۇ
سەھرادىن قېرى - ياشلار .
تولا تارتىپ بۇ دەرتنى ،
ئاقاردى بىزنىڭ باشلار .

دېگەن مىسرالار شۇ تۆگىمەس دەرتلەرنىڭ ئاچچىق بايانى ئىدى .

بولۇپمۇ ، غۇلجا شەھىرىنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشى 1763 - يىلىدىن تاكى 1864 - يىلىغىچە بىر ئەسىر داۋاملىشىپ دېھقانلارغا تۆگىمەس زۇلۇم بولغان . شەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ، دىنىي مەھكىمىلەر ، زىندان ، يامۇللار ، ھاكىمبەگ ، قازى - كالانلارنىڭ ئوردىلىرى جايلاشقان بولۇپ ، سېپىل قۇرۇلۇشىغا ئىشلەش پەقەتلا دېھقانلارنىڭلا ئۈستىگە ئالۋاڭ بولۇپ چۈشكەنىدى .

سۇلتان غوجام سورايدۇ ،
سېپىل سوققانلار نەلىك ؟
بىز بەگكە نېمە قىلغان ،
بىكار ياتىدۇ شەلىك .

دېگەن مىسرالاردا خەلق زەردە بىلەن ئەنە شۇ رېئاللىقلارغا كىنايە قىلغان .

ئۇستىدە مەپە ئايلىنالايدىغان بۇ قېلىن ۋە ئېگىز سېپىللارنى هاشارچىلار كەتمەن ـ گۇرجەك دېگەندەك ئاددىي ئەمگەك قورال-لىرى بىلەن توپا قېزىپ ، زەمبىل ، قاپلاردا توپا توشۇپ ، قەۋەت-مۇقەۋەت خاڭداپ ئۆرە قىلىشانتى . كىمكى ئىشتىن توختاپ ، بىلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولغۇدەك بولسا چېرىكلەر ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزەتتى . سېپىل ناخشىسىدىكى :

بىز سېپىلغا چىققاندا ،
خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن .
هەجەپمۇ قۇتۇلمىدۇق
جانغا پاتقان خورلۇقتىن...

دېگەن مىسرالار تارىختىكى ئەنە شۇ ئاچچىق ئەمەلىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

# 7

## ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى ناخشىسى

چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىغا سالدۇرغان ئون قەلئە ئىچىدە ئەڭ زور ئىناۋەتكە ئىگە بولغىنى «خۇييۈەن قەلئەسى» ئىدى. بۇ قەلئەدە چىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا تەڭ ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ئەڭ چوڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئىلى جياڭجۈنى تۇراتتى. يەرلىك خەلقلەر بۇ قەلئەنى «چوڭ كۈرە» دەپ ئاتىشاتتى.

چوڭ كۈرە قەلئەسى بىنا بولۇپ يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتكەندە، چيەنلۇڭ خان ئۆلۈپ پادىشاھ جياچىڭ تەختكە چىقتى. جياچىڭ خان دەۋرىگە كەلگەندە سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىك ئەۋج ئېلىپ، خىيانەتچىلىك ئەدەپ كەتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى خەنزۇ خەلقى باشچىلىقىدىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى، چىڭ سۇلالىسى زەئىپلەشىشكە قاراپ ماڭدى. ئىلى دەرياسىمۇ گويا بۇ چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ يىراق چېگرىدىكى ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋېتىشكە ئالدىرىغاندەك، ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ كۈرە تەرەپكە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. دەريا دولقۇنى شېغىل ئارىلاش قۇمساڭغۇ توپىدىن ھاسىل بولغان ئېگىز يارنى گۆمۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يار ئۈستىگە جايلاشقان چوڭ كۈرە قەلئەسىنىڭ يېنىغا قىستاپ كېلىپ قالدى.

ئەينى يىللاردىكى ئىلى جىياڭجۈنى چىڭ شياڭ ئەھۋالنى خان ئوردىسىغا قايتا - قايتا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغان ئوردا ئون نەچچە مىڭ سەر كۈمۈشنى قەرز ھېسابىدا بېرىپ، «بۇ پۇللارنىڭ ئۆسۈمى يىللارغا بۆلۈپ قايتۇرۇۋېلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، 1820 - يىلى كەچكۈزدىن باشلاپ چوڭ كۆرەنى تاشقىنىدىن ساقلاشنىڭ جاپالىق ئەمگىكى باشلىنىپ كەتكەن. ئوردىدىن مۇقىم خىراجەت ئاجرىتىلماي، ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش ھېسابىغا قەرزلا بېرىلگەچكە، بۇ قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ياغاچ - تاش، شاخ - پاخال ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئۈستىگە ئالۋاڭ بولۇپ چۈشكەن. مانا بۇ تارىختىكى ئەمگەكچى خەلقنى جاق تويدۇرغان ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى ئىدى.

ئىلىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن تارىخچىمىز مەرھۇم تېيىپجان ھادى ئۆزىنىڭ «ئىلىنىڭ بىرقانچە خەلق ناخشىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا، بۇ ئالۋاڭنى خەلقنىڭ نېمە ئۈچۈن «ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى» دەيدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «ۋاڭخۇلۇ» دېگەن سۆزگە «بۇ خەنزۇ تىلىدىكى ۋاڭخۇلىيۇ （往后流） دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، دەريا ئېقىنىنى قايتۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھات بەرگەن ئىدى. يېقىندا ئىلىدىكى پولات، ئىسھاق باسىت ۋە ئۇرۇمچى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى مەسئۇت قاتارلىق يولداشلار «ۋاڭخۇلۇ» دېگەن بۇ ئىسىم ئۈستىدە قايتا ئىزدىنىپ، باشقىچە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئەينى يىللاردا كونا كۆرەنىڭ يېنىدا — دەريا

تەرەپتىكى يارلىق ئۈستىدە 望河楼 (دەرياغا نەزەر راۋىقى ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر راۋاق بولۇپ ، بۇ راۋاق يىراقلاردىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن . كېيىن كورەنى تاشقىندىن ساقلاش ئالۋى-ڭى باشلانغاندا ئاددىي خەلق بۇ ئالۋاڭنى شۇ راۋاقنىڭ نامى بىلەن «ۋاڭ خولو ئالۋىڭى» دەپ ئاتىۋالغانىكەن .

ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق راۋاقنىڭ زادى بولغان - بولمىغان-لىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلار لى روبىڭ ، لەي خوڭبو قاتارلىق ئاپتورلار يازغان «لىن زەيشۈي ئىلىدا» دېگەن كىتابتىن لىن زەيشۈي ئىلىغا كېلىپ ، داۋگۇاڭنىڭ 23 - يىلى (1842 - يىلى ) ئۆز خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرغان مۇنداق بىر مەزمۇننى نەقىل كەلتۈرىدۇ :

«1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى هاۋا ئوچۇق .

ئەتىگەندە يىن شەن بىلەن زى چى كەلدى . تاماققا تۇتۇپ قېلىپ هەمدەستىخان بولدۇم . غىزادىن كېيىن جەنۇبىي قوۋۇق-تىن چىقىپ ئىلى دەرياسىنى تاماشا قىلدۇق . دەريا قەلئەگە يېرىم چاقىرىممۇ كەلمەيدىكەن . يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى مۇز پۇتۇنلەي ئېرىپ ، دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىۋېتىپتۇ . ئېيتىش-لارغا قارىغاندا ، ياز ۋە كۈز كۈنلىرى كەلگەندە سۇ بىر جاڭدىن ئېگىز ئۆرلەپ ئاقىدىكەن . ئىلگىرى بۇ يەردىكى دەريا ساھىلىدا «لۇڭماڭمياۋ» (دەريا مۇئەككىلى بۇتخانىسى ) ۋە ۋاڭ-خولو راۋىقى بار ئىكەن . داۋگۇاڭنىڭ 13 - يىلى (1833 - يىلى ) بۇتخانا بىلەن راۋاقنى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپتۇ . كېيىن دەريانىڭ شىمالىدىن يىراقراق جايغا قايتا دەريا مۇئەككىلى بۇتخا-نىسى سېلىنىپتۇ . بۇتخانىغا كىرىپ ئايلىنىپ چىقتۇق…»

«ۋاڭخولۇ» دېگەن نام مەيلى ئېقىننى قايتۇرۇش مەنىسىدىكى «往后流» دىن كەلگەن بولسۇن ياكى «望河楼» دەپ ئاتىلىدىغان راۋاقنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن بولسۇن، ئىشقىلىپ تارىختا بۇ ئالۋاڭ «ۋاڭخولۇ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ ئالۋاڭدا ھەر يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بىر مىڭ بەش يۈز ئادەم، دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە يەنە بەش يۈز كىشى، جەمئىي ئىككى مىڭدىن ئوشۇق كىشى ھاشارغا ئىشلەيتتى. ھاشارغا كەتكەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى يېزىدا قالغان دېھقانلار تېرىپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان پاراق ئاشلىقنىمۇ شۇلار تۆلەتتى. ھەر يىلى باھار كېلىپ، كۆن ئىللىشى بىلەنلا دېھقانلارنىڭ ۋاڭخولۇ ئالۋېڭىدىن بېشى قاتاتتى. شۇڭا، ئۇلار:

ياز بولسا قىلار غەمكىن
ۋاڭخولۇنىڭ ئالۋېڭى.
بۇ ھاشارغا باش بولغان
زالىملارنىڭ يامىنى…

دەپ ھەسرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتقان.

دېھقانلار ھەر يىلى دەريا تاشقىنىنى توسۇش ئۈچۈن ھارۋا - ھارۋا ياغاچ، تاش، شاخ - شۇمبىلارنى توشۇپ كېلەتتى. ئىلىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن چوڭ كۆرەگە قاراپ سوزۇلغان يوللاردا ھاشارغا يۈك توشۇۋاتقان دېھقان ھارۋىلىرىنىڭ يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەر يىلى ئەتىيازنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقىدا يۈزلىگەن ئىشلەمچىلەر مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ

نەلەرگىدۇر قوزۇق قېقىشاتتى ، تاش ـ توپا تۆكۈپ قىرغاقلارنى خاڭداتتى ، قەيەرلەرگىدۇر بۇقا باغلاپ ، شاخ ـ شۇمبىلارنى تاشـ لىشاتتى… ئەمەلىيەتتە ئىلى دەرياسىنىڭ كەلكۈن پەسلىدىكى غايەت زور ئېقىنىنى شاخ ـ پاخال بىلەن توسۇشقا ئۇرۇنۇش ئۇنۇمسىز ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نېمە ئەمەس ئىدى . مىڭبىر جاپاـ لار بىلەن سالغان توسما ـ تۇغانلارنى يازغا كەلگەندە كۆچلۈكرەك كەلگەن بىرلا كەلكۈن سۆرەپ ئېلىپ كېتەتتى . دېھقانلار بۇ ھەقتە ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى ناخشىسىدا :

دەريانىڭ سۈيى تاشسا ،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى .
ئەقىلسىز ، نادان بەگلەر
ھاشار بىلەن توسماقچى…

دەپ ھۆكۈمرانلار ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلگەن .

ھاشارچىلار بىلىگە قاپاق ، تۇلۇملارنى باغلاپ ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە چۈشۈپ ، كۆشەكلەرگە تولدۇرۇلغان تاش ـ شېغىللارنى تاشقىن ئېلىپ كەتكەن ئېغىزلارغا باساتتى . تاشقىننى توسۇش زادى مۇمكىن بولمىغاندا كونا ئەنئەنە بويىچە توختى ئاتلىق تىرىك جاندىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ تۇغانغا تاشلىشاتتى . ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى ناخشىسىدىكى :

دەريانىڭ سۈيى تاشسا
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ .

بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار
بىر خۇداغا يىغلايدۇ...

دېگەن مىسرالار ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر.

داۋگۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرى بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا ئايلاندى. بۈيۈك تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئىلىدىمۇ چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. غەزەپ - نەپرىتى تاشقان قوزغىلاڭچىلار چىڭ ئوردىسىنىڭ ئىلىدىكى ئاساسلىق ئۇۋىسى بولغان چوڭ كۈرەنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. چوڭ كۈرەنىڭ 1765 - يىلدىن 1866 - يىلىغىچە تولۇق بىر ئەسىر ئەتراپىقا قارا كۆلەڭگۈ تاشلاپ تۇرغان ئېگىز سېپىللىرى بىراقلا غۇلاپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەلكىسىنى قىرىق يىلدىن ئوشۇق بېسىپ كەلگەن ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭمۇ ئاخىرلاشقان بولدى. ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭى توغرىسىدىكى ناخشا - قوشاقلار شۇ ئۇزۇن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

# 8

## سادىر ناخشىسى



سادىر پالۋان

سادىر — چىڭ خانىدان-
لىقنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆ-
تۈرۈلۈپ چىققان خەلق قەھرى-
مانى، مەشھۇر خەلق قوشاق-
چىسى.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىغا كەلگەندە چىڭ سۇلا-
لىسى يىلدىن - يىلغا زاۋاللىق-
قا يۈز تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلققە
سالغان زورلۇق - زومبۇلۇق-
لىرى چىدىغۇسىز دەرىجىگە بې-
رىپ يەتتى. زۇلۇمغا بەرداش-
لىق بېرەلمىگەن خەلق ئاخىر
1851 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو
ئىنقىلابىنى قوزغىدى. بۇ قوزغىلاڭ تېزدىن گۇيجۇ، شەنشى،
يۈننەن، سىچۇەن، گۇاڭشى ۋە گەنسۇلارغا كېڭەيدى. بۇنىڭ
تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ ئارقا - ئارقى-
دىن چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى.

شۇ چاغدا بارغانسېرى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا بوغۇلۇپ

قىلىۋاتقان چىڭ دائىرىلىرى ئىلىدىكى ھەربىر تۇتۇن دېھقاندىن ئالىدىغان ئالۋاڭ ئاشلىقىنى تۆت خودىن سەككىز خوغا ، سەككىز خودىن ئون ئالتە خوغا ئۆستۈرگەنىدى . ئەمەلىيەتتە ، ھەربىر تۇتۇننىڭ تاپشۇرۇدىغان ئاشلىقىنى ئون ئالتە خودىن بىراقلا ئوت-تۇز ئىككى خوغا كۆتۈرۈپ ، ئوغىسى قايناپ تۇرغان خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى . نەتىجىدە ، 1864 - يىلى ئىلى-دىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۆتۈرۈ-لۈپ چىقتى . سادىر ئەنە شۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىلى-رىدىن بىرى ئىدى . ئۇ بايانداي ۋە چوڭ كورەنى ئېلىش سوقۇش-لىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ۋە پەم - پاراسەتلىرى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا «پالۋان» دەپ نام بەرگەن .

سادىر پالۋاننىڭ ئەسلىي يۇرتى سادىقيۈزى ، كېيىن مول-تۇختىيۈزگە كېلىپ ئورۇنلاشقان . سادىر پالۋاننىڭ دادىسى خۇشئەخمەت تىكە دېگەن كىشى بولۇپ ، بوۋىسى خوتەندىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەردىن ئىدى . سادىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە يېزا دېھقانلىرىنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرگەنىدى . چىڭ ئەمەلدار-لىرىنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي سېلىۋاتقان ئالۋاڭ - سېلىقلىرى ، بۇ سېلىقلارنى ئوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خەلققە سېلىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇمى سادىرغا بالىلىق چاغلىرىدىنلا ئوبدان مەلۇم بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە زالىملارغا قارشى كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت يېتىلدۈرگەنىدى . ئۇ راست سۆز ، كەسكىن مىجەز ئادەم بولغاچ-قا ، ئاخىر زۇلۇمغا قارشى ئاتلىنىپ چىقىپ ، ئۆي - ماكانىدىن

ئايرىلىپ تاغۇ ـ دەشتىلەرنى كېزىپ يۈرگەن ، قانچە قېتىم دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ يەنە ئەقىل ئىشلىتىپ يامۇللار-دىن قېچىپ چىققان ، ئاخىرىدا زالىملارنىڭ كېلىشتۈرۈپ دەككە-سىنى بەرگەن . سادىر ناخشىلىرىدىكى :

ئالۋاڭغا سۈرۈك بەرمەي ،
يايى قامچىلاپ چىقتى .
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي ،
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى .

ئىككى مىڭ چېرىك چىقتى ،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا .
سادىر ئاتىدۇ باشقا ،
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا .

دېگەن مىسرالار سادىر پالۋاننىڭ ئاشۇ جەڭگىۋار كۈرەش ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

سادىر پالۋان مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى يىللاردىكى چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمنى ، بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى قوشاق قىلىپ توقۇپ ، ناخشا بىلەن خەلققە قالدۇرغان . خەلقىمىز سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى «ئەينى سادىر» ، «سادىر 1 ـ» ، «سادىر 2 ـ» ، «سادىر 3 ـ» قاتارلىق ئاھاڭلارغا سېلىپ بۈگۈنگىچە ئېيتىپ كەلمەكتە .

مەرھۇم ئەلقەم ئەختەم ساقلىغان ، ئىلىنىڭ يۇقارقى پەنجىم

يېزىسىدا ئۆتكەن نادىرخان داموللام (1864 — 1938) نىڭ «ئې-
نىق مەلۇماتلارنى بىلىپ يازدىم» دەپ يېزىپ قالدۇرغان قولياز-
مىسىدا سادىر ناخشىلىرىنى ئەل ئىچىگە تاراتقان توختى دۇتار
دېگەن بىر نەغمىچى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان :
«توختى دۇتار 1817 - يىلى تۇغۇلغان . ئۇ سادىر بىلەن بىللە
كۆپ قېتىم پالانغان ، سادىرنىڭ «سادىر 1 -» ، «سادىر 2 -» ،
«سادىر 3 -» دېگەن ناخشىلىرىنى ئەل ئىچىگە يايغان . ئۆستەڭ
چېپىش ، سېپىل سوقۇش ۋە ۋاڭخۇلۇ ئالۋاڭلىرىغا ئىشلەپ ،
ئىلىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئايلىنىپ ، كۆپلىگەن خەلق ناخشى-
لىرىنى توپلاپ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ ئېيتىشنى
باشلىغان . ئۇ 1868 - يىلى 51 يېشىدا ۋاپات بولغان» .[1]

يۇقىرىقى قوليازمىدا يەنە غۇلجا قۇلۇستايلىق ئۇستا ناخشى-
چى ۋە داپچى «ئاق بىلىق» توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇل-
غان : «ئاق بىلىق 1844 - يىلى تۇغۇلۇپ 1943 - يىلى 6 -
ئايدا 99 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئۇ سادىر ياشىغان دەۋرلەردە ياش
يىگىت بولۇپ ، خەلق ناخشىلىرىنى داپقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىش-
تا داڭ چىقارغان . ئۇ سادىر قوشاقلىرىنى ھەم شائىر سېيىت
مۇھەممەد قاشىنىڭ (1820 — 1881) «جەدە بايتال» ، «ساما-
ۋەر» دېگەن شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ، داپقا تەڭكەش قىلىپ
ئېيتقان»[2] .ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سا-
دىر قوشاقلىرى خېلى كۆپ . تۆۋەندە سادىر ناخشىلىرىغا كۆپرەك
سىلىنىپ ئېيتىلىدىغان سادىر قوشاقلىرىدىن بىر قىسمىنى

---

①② تۇرغان شاۋۇدۇن : «ئىلى خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل ، 13 - بەت .

بەردۆق :

سادىرنىڭ ماكانى يوق ،
كەيگىلى چاپانى يوق .
يۇرت ئىچى قۇرۇپ كەتتى ،
هايدارغا ساپانى يوق .

سادىر دەپ ئېتىم يامان ،
ئونبەش ياشتا ئاتالغان .
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا ،
قۇمۇل ۋاڭغا پالانغان .

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيۇ .
جان باقماق ئۇچۇن ساتتىم
قۇمۇل شەھىرىدە ياڭيۇ .

يامۇلنىڭ ياغاچلارى
ئېگىز قارىغاي چەڭزە .
يامۇلدىن تېشىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەنزە .

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ ،
ئىككى چىققىتىم تالاغا .

مېنى باققان بەش يايى
ئەمدى قالدى بالاغا .

مەن يامۇلدىن قاچقاندا
بىر مانجۇ بىلەن قاچقان .
قەپەزگە سولاپ قويسا ،
پەم بىلەن ئىشىك ئاچقان .

سادىرمەنۇ سادىرمەن ،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن .
تاغ يولىنى سورىساڭ ،
بىرىنى قويماي بىلۇرمەن .

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى ،
ساغرىسىدا ئالىسى .
ئىلىدا خوتۇن قالدى ،
قۇچىقىدا بالىسى .

سادىر دەپ ئېتىم قالدى ،
داڭزىدا خېتىم قالدى .
خېتىمنى ئوقۇپ باقسام ،
بەش بالام يېتىم قالدى .

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى ،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ ؟

ئاغزىمغا ئېلىم سالغان
ئەل - يۇرتۇم ئامان بارمۇ؟

سادىر ياتقان كامىرغا
ئۇچار قۇش كىرەلمەيدۇ.
مەن ئۆزۈم بۇ يەرلەردە،
باللىرىم نېمە يەيدۇ؟

يامۇلدىن قاچار چاغدا،
قازانچى بىلەن قاچتىم.
چېرىكلەر قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ، داۋان ئاشتىم.

# 9

## كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسرى بىلەن 1864 ـ يىلى ئىلىدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىد. لىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى . ئەپسۇسكى ، خەلقىنىڭ قىزىل قېنى بەدىلىگە كەلگەن كۈرەش مېۋىسى 1871 ـ يىلى چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بە. لەن قولدىن كەتتى . چارروسىيە جاھانگىرلىكى زورلۇق بىلەن ئىلىنى بېسىۋالدى . 1881 ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن چىڭ خاندانلىقى دائىرىلىرى «پېتىربورگ شەرتنامىسى »نى ئىم. زالىدى . شەرتنامىگە ئاساسەن ئىلى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، چارروسىيە جاھانگىرلىكى ئەزەلدىن ۋەتىنى. مىز ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ كەلگەن يەتتىسۇ تەۋەلىكىنى يۇتۇ. ۋالدى . مانا شۇ ۋەزىيەتتە ، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى ، بىر تەرەپتىن ، چىڭ ئىستىبدات ھا. كىمىيىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆي ـ ماكانلىرى. نى تاشلاپ ، ئىلگىرى ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولغان يەتتەسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتتى . مانا بۇ ئىلى تارىخىدى. كى ئېچىنىشلىق «كۆچ ـ كۆچ ۋەقەسى» ئىدى . خەلق :

ئۆزگە يۇرتقا كۆچ دەيدۇ ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق .
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ
كۆزى كۆك ، بېشى يۇڭلۇق .

ۋلىبايىنى[1] باي دەيدۇ ،
باي قىلسا خۇدا قىلغان .
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى
ئىلىدىن جۇدا قىلغان .

دېگەن مىسرالار بىلەن ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن .

كۆچۈپ يۇرۇشنىڭ مۇشەققىتىنى كۆپ چەككەن ئىلى خەلقى بۇ قېتىمقى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ناخشا بىلەن بايان قىلىپ :

كۆچ - كۆچ دېسە بىلمەيدۇ
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر .
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر .

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق .

[1] ۋلىباي — ۋلىباي يولداشوف ئىمىن ۋاڭنىڭ ئورۇقىدىن بولۇپ ، يەرلىك كاتتا باي ، ئەينى يىللاردا چارروسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلىدىن يەتتىسۇغا ئادەم كۆچۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن ، كېيىن روسىيىدىكى چوڭ مىللىي كىنەزلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان .

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق .

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا ، ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشىنى ئىزهار قىلغان .

ئىلىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈش 1881 - يىلى كۈزدىن باشلانغان . كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنى چاررۇسىيە هۆكۈمىتى كەچكۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا ئايدالالارغىلا ئاپىرىپ تاشلىغان . خەلق بېشىغا كەلگەن بۇ ۋەيرانچىلىقلارنى «كۆچ - كۆچ ناخشىسى »دا :

ئورۇس هارۋىسى دەيدۇ ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن .
خەقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ
كۆن ئالماقمۇ تەس ئىكەن .

ئوقنى ئاتتى يۇرەككە ،
يېنىپ تەگدى بىلەككە .
زالىملارنىڭ قىلغىنى
ئورناپ كەتتى يۇرەككە...

دەپ بايان قىلغان . «كۆچ - كۆچ ناخشىسى» ئەنە شۇ تارىخىي پاجىئەلەرنىڭ پولاتتەك دەلىلى سۈپىتىدە هازىرغىچە خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

## 10

ئۆز كەچۈرمىشلىرى ياكى ئۆزگىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قوشاق قىلىپ توقۇپ، ناخشا بىلەن بايان قىلىشنى ئىلى خەلق سەنئىتىدىكى ئالاھىدە بىر ھادىسە دېسە بولىدۇ. ئىلىدا ئۆتكەن، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قۇربانى بولغان گۈلەمخان، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى ئاتلانغان نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، مايىمخان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتالمىغان پۇچۇنخان... قاتارلىقلار ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزى قوشاققا قېتىپ، ئۆزى ناخشا قىلىپ ئېيتقان ياكى ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى باشقىلار قوشاققا قېتىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ئەل ئىچىگە تاراتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىلدىكى ناخشا-قوشاقلارنىڭمۇ ھەممىسى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

نۇزۇگۇم 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئايال قەھرىمان. ئۇ زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا تېز پۈكمەي، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى:

مەن قەشقەردىن چىققىلى
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام قويغان چېچىمغا
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

قومۇشلارغا ئوت قويسا ،
قېچىپ كىرەي دەرياغا .
ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن
سولان — يۈزى قاراغا .

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا ،
نان پىشۇردۇم ساماندا .
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا ،
ئاكام يۈرەر قاياندا .

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھار بولۇپ يۇتقىلى .
يۈزلەپ يايى چىقىپتۇ
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى...

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچەر يەر قېنى ؟
مېنى قەشقەر شەھىرىگە
ئېلىپ قاچار ئەر قېنى ؟

دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن قوشاقلارنى خەلق ئارىسىغا قالدۇرۇپ كەتكەن .

مايىمخان 1812 - يىلى ئىلىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا تۇغۇل-

غان . دادىسى توختىباقى شۇ مەھەللىدىكى تونۇلغان سازەندىلەر-دىن بولغان . مايىمخان بۇ سەنئەتكارلار ئائىلىسىدە ناخشا - قو-شاققا ھېرىسمەن بولۇپ چوڭ بولغان . ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىكى كەمبەغەل يىگىت ھېيتىباقىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي-لاشماقچى بولغان . بۇنى كۆرەلمىگەن ھامۇتبەگ ئۇنىڭغا يوق بەتناملارنى چاپلاپ سولىتىۋەتكەن ، ئۇنىڭ سۆيگۈنىنى ۋاڭخۇلۇ ئالۋېڭىغا ئەۋەتىپ ، قەست بىلەن سۇغا غەرق قىلىۋەتكەن . مايىم-خان ئۆز قوشاقلىرى بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ، بەگ - غوجاملارنى سۆكۈپ ، ئاخىرىدا ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان . خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ :

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا ،
يىگىرمە نەچچە يېشىمدا .
مەن زىندانغا كىرگەندە ،
كىشى يوقتۇر قېشىمدا .

يار ئىككىمىز دېمەتلىك ،
تەڭ ئېچىلغان غۇنچىدەك .
شۇمبۇيا بوپ ئارىغا ،
ئايرىۋەتتى ھامۇتبەگ .

زىندان تېمى ئېگىز تام ،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان .
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ ،
شېھىت كەتتى مايىمخان…

دېگەندەك نۇرغۇن ناخشا ـ قوشاقلىرى ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

گۇلەمخان ۋەقەسى 1820 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئويمانبايتوقاي يېزىسىدا يۈز بەرگەن . گۇلەمخان بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ قىزى بولۇپ ، 15 ياشقا كىرگەندە بۇ گۈزەل قىزغا ئەڭگە چولاق دېگەن شاڭيۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان . گۇلەمخان ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قايتىماي كۈرەش قىلىپ ، ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ تۇتۇلۇپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان . گۇلەمخان توغرىسىدىكى :

گۇلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە تېگەمدۇ ؟
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ
ئەرگە تېگەمدۇ ؟

گۇلەمخاننىڭ ئەسلى يۇرتى
ئويمان بۇلاقتۇر .
گۇلەمخاننى ئالماق بولغان
ئەڭگە چولاقتۇر .

گۇلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە سۆرۈلدى .
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار
قانغا ئۆرۈلدى…

دىگەندەك نۇرغۇن قوشاقلار بۈگۈنگىچە ئەل ئىچىدە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

كېيىنكى يىللاردا ئۆتكەن نودەر گاڭگۈك ، ئىلاخۇن كۆككۆز قاتارلىق ناخشىچىلارنى ئىلىدىكى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزى قوشاقلا قېتىپ ، ئۆزى ناخشا بىلەن بايان قىلىدىغان خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى دېيىشكە بولىدۇ .
نودەر ئاكا بەستلىك كەلگەن ، ئوشۇقچە جىدەل - ماجىراغا ئارىلاشمايدىغان ، ئەمما ناھەقچىلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان ئادەم بولۇپ ، ئەل ئىچىدە «نودەر گاڭگۈك» نامى بىلەن تونۇلغان ئىكەن . نودەر گاڭگۈك شەھەر سېپىلى ئۈستىگە چىقىپ ناخشا ئېيتسا ، ئادەملەر تۆۋەندە تۇرۇپ ئاپىرىن ئېيتشاتتىكەن ، ئاياللار ئۆگزە - ئۆگزىلەرگە چىقىپ ئاڭلايتتىكەن .

سۇ بويىدا ياش تاللار ،
تال ئېگىلدى ، پەس بولدى .
زالىملار زامانىدا
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى .

سۇ بويىدا ياش تاللار ،
ھەر تاللاردا مارجانلار .
جاپانى تولا تارتىپ ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار...

دېگەن مىسرالار نودەركامدىن قالغان يالدامىلار . نودەركام ئاھاڭ-
لىرىمۇ بۇگۇنگىچە خەلق ئىچىدە ياخشى كۆرۈپ ئېيتىلىپ كەل-
مەكتە .



خەلق ناخشىچىسى ئىلاخۇن
كۆككۆز

ئىلاخۇن ئىلىۋالدى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى-دا ، غۇلجا شەھىرىنىڭ قازاندچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . دادىسىدىن كىچىك يېتىم قې-لىپ ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ، ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن ئۆت-كۈزۈپ چوڭ بولغان . ئۇ ئاجا-يىپ جاراڭلىق ئاۋازغا ئىگە ناخشىچى بولۇش بىلەن يەنە پالۋان ئادەم ئىدى . شۇڭا ، ئەل ئىچىدە «ئىلاخۇن كۆك-كۆز» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان . ئۇ ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىككە ، زۇلۇمغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ، چېرىكلەر بىلەن ئېلىشقان ، بەگ - غوجاملارغا باش ئەگمەي خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىغان ، پايلاقچىلارنىڭ چىقىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ، دوستى سۇلايمان بىلەن ئۈرۈمچىگە پالانغان . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سەر-گۈزەشتىلىرىنى :

جىرغىلاڭدا باغ تولا ،
ئىلىخودا بەگ تولا .
بۇ بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن
يۈرەكلەردە دەرت تولا .

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ ،
يا ئاقمايدۇ ، تاشمايدۇ .
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ،
ياش - قېرىغا باقمايدۇ .

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىماي ئۆتتى .
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن ،
ئىلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى .

زامانەڭنىڭ هالى شۇ ،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى .
ياخشىنى يامان دېسە ،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى .

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ ،
بىز يانغىچە توڭلايدۇ .
غەمدە قالغان بېشىمنى
خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ .

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولدى
بىر ئاتسام يوغان تاشنى .
زالىملارنىڭ دەستىدىن ،
نەگە سىغدۇراي باشنى...

دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن قوشاقلار بىلەن بايان قىلىپ ، ئەجادىي ئاھاڭلىرى بىلەن كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان .

1933 - يىلى ئىلاخۇن بىلەن سۇلايمان يامۇلدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ، بەگلەر يەنە ئۇ-نىڭ كەينىگە پايلاقچىلارنى سېلىپ قويۇپ ئارامىنى قويمىغان . ئاخىرى ئىلاخۇن كۆككۆز غۇلجىدىن پۈتۈنلەي قېچىپ چىقىپ كې-تىپ ، تاغلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ، بالا - چاقىسى بىلەن تېكەسكە كېلىپ ئورۇنلاشقان . ئىلاخۇن ئاكا بىر ئەسىردىن ئو-شۇق ئۆمۈر كۆرۈپ ، 1970 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبى-لاستى چارى ئازات يېزىسىدا 104 يېشىدا ۋاپات بولدى .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، ئىلىدا يەنە خاڭ ناخشىلىرى بىلەن ھارۋىكەش ناخشىلىرىمۇ ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگىدۇر .

ئىلى كۆمۈر بايلىقى مول رايونلارنىڭ بىرى . ئىلىدا كۆمۈر قېزىش ناھايىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ئەينى يىللاردا جەنۇبتىن ئىلىغا چىققان يېتىمچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خاڭلاردا ئىشلەپ ، جاپالىق ئەمگەك ، ئېغىر كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزەتتى . ئۇلار :

ئىلى يولى خاڭ يولى ،
رومالىدا ئاي گۈلى .
خاڭدا تاپقان ـ تەرگىنىڭ
قىمارۋازنىڭ دو پۇلى .

قەشقەردىن چىققان باللار ،
تەڭدىن تولىسى خاڭدا .
يۇرتىغا كېتەي دېسە ،
چاپان ـ چارىسى داڭدا .[1]

ئىلىخونىڭ تاغلىرى ،
تاغلىرىدا خاڭلىرى .
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ
يوقسۇللارنىڭ باللىرى .

كۆڭلۈمنى ئاچاي دېسەم ،
دۇتارىمنىڭ تارى يوق .
خاڭنى ئاچقان غوجامنىڭ ،
ئۆلگەن بىلەن كارى يوق .

زۇخاڭدىن[2] چۈشۈپ بېرىپ ،
سونى[3] چاپقان ئوخشايمەن .


---

① داڭ — گۆرۈ .
② زۇخاڭ — خاڭ ئاستىغا چۈشىدىغان يول .
③ سو — كۆمۈر چېپىلىدىغان ئورۇن .

بېرىشى سۇنۇق يارماق ،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن .

ئىلىنىڭ داۋىنىدىن
ئورۇق ئات ئۆتەلمەيدۇ .
خاڭدىكى مۇساپىرلار
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ...

دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن قوشاقلار بىلەن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان . بۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان .


غېنى ھارۋىكەش

ئىلىنىڭ ھارۋىكەشلىرى يېزا - يېزىلاردىن ئاشلىق بې-سىپ شەھەرگە كىرەتتى ، شە-ھەردىن تېرە - يۇڭ ، كۆن - خۇرۇم ، ئاياغ كىيىملىرىنى بېسىپ قورغاس ئېغىزىغا با-راتتى ، قورغاس ئېغىزىدىن ھەرخىل گەزمال ، قەن - گې-زەك ، سەرەڭگىگە ئوخشاش روسىيىدىن ئۆتكەن ماللارنى قاچىلاپ ئۇرۇمچى ، قۇمۇل تا-كى شىڭشىشاغىچە يەتكۈزۈپ باراتتى . بۇ ھارۋىكەشلەرنىڭ

ئىچىدە ئاجايىپ ناخشىچىلار ، قوشاقچىلار بولۇپ ، ئۇلار مىڭلاپ چاقىرىملىق بۇ ئۇزۇن سەپىرىدە يۈك ھارۋىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ھەيدەپ ، يۇرت ـ يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئىلىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى باشقا يۇرتلارغا تارقىتىپ ، باشقا يۇرتلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئىلىغا ئېلىپ كېلەتتى ، ھەربىر يۇرت ، ھەربىر ئۆتەڭدىكى ئىشلارنى قوشاققا قېتىپ ناخشا قىلىپ ئېيتاتتى . بۇ ھارۋىكەشلەرنىڭ مۇشكۇل سەپەرلەردە تارتقان جەۋرى ـ جاپا ، بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ توقىغان قوشاقلىرى ئىلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ . بۇلاق دادامتۇلۇق ئابدۇل چولاق ، پەنجىملىك ئىگەمقۇل ، دۆڭمەھەللىلىك ئابدۇل ئۆردەك ، سۇلاي- مان ، غېنى ھارۋىكەش ، تۇرپانيۇزىلىك نىزام گودەك قاتارلىق ھارۋىكەشلەر ئەنە شۇنداق ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ، ھارۋى- كەشلىك ھەققىدە توقىغان قىزىق قوشاقلىرى بىلەن داڭلىق ئا- دەملەر ئىدى . بۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى مۇنداق :

تەلكە دېگەن ئېگىز تاغ ،
قاپتىلىدا قورام تاش .
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ
ئۆتەلمەستىن كۆزى ياش .

تەلكىدىن چىقىپ سايرام ،
ئەتراپى بوران ـ قاينام .
ئاتلارنى دەڭگە تارتىپ ،
ئۇتەيدە ئالدۇق ئارام .

تۇرپانىيۇزلۇك زاھىركام
يۇز ھارۋىغا باش ئىكەن .
راسخوتلىرى زىيادە ،
باسقان يۇكى ئاش ئىكەن .

جاغىستايلىق باللارنىڭ
سىمدىن ئۆرگەن قامچىسى .
داۋانلاردىن ئۆتكىچە ،
يىغلاپ كەتتى قانچىسى .

غېنىكامنىڭ باللىرى ،
تولىسى كېپەكيۇزلۇك .
ئەدەم قاتقان تورۇقنىڭ
كۆزلىرى چىقىر كۆزلۇك .

ئۇرۇمچىمۇ شەر ئىكەن ،
ئىلىخومۇ شەر ئىكەن .
ياندا پۇلۇڭ بولمىسا ،
غېرىپلىق يامان ئىكەن .

ھارۋىكەشمۇ ھارۋىكەش ،
يۇرگەن يېرى دەشتىمۇدەش .
ئات ـ ھارۋىدىن ئايرىلىپ ،
كېتەلمەيدۇ جاپاكەش .

ناخشا خۇمار قادىركام
سادىركامنىڭ نەۋرىسى .
شىڭشىشادا قىپقالدى
نادىركامنىڭ قەبرىسى .

## 11

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگە-رىكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئۇچۇن رۇس ئالىمى پانتۇسوف-نىڭ[1] 1890 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر . پانتۇسوف بۇ كىتابىنىكى ماتې-رىياللارنى چارروسىيە ئىلى رايونىنى بېسىۋالغاندا ئىلى ۋە يەتتىد-سۇ تەۋەسىدە يۇرۇپ يىغقان بولۇپ ، بۇ كىتابتا نوتا ۋە تېكىستلىد-رى بىلەن بېرىلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەن-دىكىچە :

1 . يائاللا ـ نىشائاللا ، 2 . گۇلمەشۇق ، 3 . خانلەيلۇن ، 4 . گۇللەيلۇن ، 5 . مەستان يارەي ، 6 . نازۇگۇم ، 7 . ئانار-خان ، 8 . ئويناڭ تۆرەم ، 9 . بىۋاپا نادان يارىم ، 10 . ئاھ يارىم ، 11 . جانىما ، 12 . خارابىگىمەن ، 13 . دادەي ، 14 . غېرىبىگىمەن ، ئەسىرىگىمەن ، ۋايەي بالادىن ئاسىرا بەندەڭنى ، 15 . لەۋلىرىڭ

---

[1] پانتۇسوف (1849 — 1909 ) رۇسىيىنىڭ نىكويفا شەھىرىدە تۇغۇلغان ، پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن . ئۇ 1871 — 1889 ـ يىللىرى رۇسىيىنىڭ يەتتىسۇ ھەربىي گۇبىرناتورلىقىدا ئىشلەش جەريانىدا ئىلى رايونىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە شائىرلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يىغقان . 1890 ـ يىلى پېتىربۇرگتا «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ قوشاق قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە بېغىشلانغان كۆپ توملۇق ئەسەرلىرى بار .

ناۋات يارىم ، 16 . سارىخان ، 17 . گۈلەمخان ، 18 . ئاللا يارىم ، 19 . مايىمخان ، 20 . ئالتۇن خېنىم ، 21 . قۇمۇل ناخشىسى ، 22 . دوستلارەي ، 23 . ئاللا ئۆرگىلىمەن ، 24 . دانە – دانە خالالارىڭدىن ، 25 . ئوتۇڭ يامان ، 26 . نېمە بار بۇ يەرلەردە ، كەتمەي ئۆز ماكانىمغا ، 27 . خانىم ئۆرگىلەي ، دەردىڭ يامان ، دەردىڭ ئاھ يامان ، 28 . نەغمىدە ئەيتادۇرغان نەخشى ، 29 . ئاھۇ يارەي يامەۋلان ، 30 . ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن ، ئەقىدەمگە يىغلاي-مەن ، 31 . دوستلارىما ، 32 . ئۆلمەمدۇ كىشى ، كۆيمەمدۇ كى-شى ، 33 . چىن مودەن ، 34 . گۈلزارە ، 35 . شەھلا كۆزى مەستانە ، 36 . خېنىم ئۆرگىلەي دەيمەن ، 37 . يۇمۇلاق چوكان يارىم ، 38 . ئۆرگىلىمەن ئاللا ، 39 . گۈليارەي دادەي ، 40 . چاققان يارەي ، 41 . نادەخان ، 42 . ھەمدەم يارەي ، 43 . بەندەڭ-نى نامەردگە مۇھتاج ئەيلىمە ، 44 . ۋاي دادەي ، 45 . مەن ھەيران ئارسلانخان ، 46 . ئالتۇنجان ، 47 . ئاھ يالارىم ، 48 . لەيلۇن يارەي ، 49 . يارەي ، 50 . ئاللايەي ، 51 . دوستلارىم يارەي ، 52 . نازىرگۇم ، 53 . ئولتۇرسا قوپالمايدۇ ، قوپسا ئول-تۇرالمايدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، پانتۇسوف توي ناخشىلىرى دەپ : 1 . ھاي – ھاي ئۆلەن ، 2 . چىن قىچقىرىش (قىز كۆچۈرۈش ناخشىسى — يىغلىماقىز ، يىغلىما ، تويۇڭ بولدى ) ، 3 . قىز ئانىسى يىغلاپ ئېيتىدىغان ناخشا قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن . دىنىي ناخشىلار دەپ : 1 . بارات كەلدى ، 2 . رامزان ئاللا ، 3 . نۇرۇز ، 4 . قەلەندەر ناخشىلىرىنى بەرگەن .[1]

---

① ② باتۇر ئەرشىدىنوف : «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، 2002 – يىل ، ئالمۇتا ، 228 – 247 – بەتلەر .

پانتۇسوف «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن بۇ كىتابىدا : «بەزى ناخشىلار قەشقەردىن كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۆپچىلىك ناخشىلار ئىلىنىڭ ئۆزىدە يارىتىلغان . يېڭى ناخشىلار ئۆزلۈكسىز ئىجات قىلىنماقتا ھەم ئېيتىلماقتا...»[2] دەپ يازغان .

پانتۇسوفنىڭ بۇ يەردىكى كۆرسىتىشى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرى تەركىبىدىكى بەزى ناخشىلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن ، كۆپچىلىك ناخشىلار بولسا ئىلىنىڭ ئۆزىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە يېڭى - يېڭى ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئۆزىگە يۇغۇرۇپ ، ئۆزلۈكسىز بېيىپ بارغان . پانتۇسوفنىڭ بۇ تىزىملىكىگە تېخى نۇرغۇن تارىخىي ناخشىلار كىرمىگەن . بىز پانتۇسوفنىڭ بۇ تىزىملىكىدىن يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلىمىزكى ، بىر قىسىم ناخشىلار خىلمۇخىل سەۋەبلەردىن ئۇنتۇلۇپ ، چۇشۇپ قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

# ئىككىنچى قىسىم

## ئون ئىككى مۇقام ۋە ئېلى خەلق ناخشىلىرى

### 1

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان . ئون ئىككى مۇقام خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئەسىرلەر مابەينىدىكى سەنئەت تارىخي ، بەدىئىي دىتى ، تەسەۋۋۇرى ، تەپەككۇرى ، مۇزىكا تۇيغۇسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان مۇزىكا قامۇسىدۇر .

ئون ئىككى مۇقام مەلۇم بىر ئورۇنىنىڭ ، مەلۇم بىر دەۋر-نىڭ ياكى بولمىسا بىر دەملىك قىزغىنلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەس . ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى . ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرى تارىختا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار تەركىبىنى شەكىللەن-دۇرگەن نۇرغۇن قۇۋملەر ياشىغان ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىدىكى خەلقلەرنىڭ خەلق نەغمىلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن . جۇملىدىن ، ئېلى ۋە يەتتىسۇ ئەتراپىدا ئۇزاق تارىختىن بېرى ياشاپ كەلگەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ

مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇ-
ھىم رول ئوينىغان .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ، بىلىملىك ئەدىب يۇسۇپ
خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار پايتەختى بالا ساغۇندا خان سارىيىدا
خىزمەت قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم . ئۇ تاۋغاچ ئارسلانخان بوغرا -
تېكىنگە ئاتاپ «دەردى ھۇسەيىن» دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىل-
غان .[1] مەشرەپ ئۆزىنىڭ مۇقاملار ھەققىدىكى بىر غەزىلىدە :
«مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر» دەپ ، «ھۇ-
سەيىن» مۇقامىنى ئەڭ ئالدىغا تىزغان ئىدى . مەرھۇم روزى
تەمبۇرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلانغان مۇقام تېكىستلىرى ئىسمىلىكى
ئىچىدىمۇ «ھۇسەيىن» مۇقامى بار . ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئى-
چىدە يەنە «دەردى ھۇسەيىن» نامىدا بىر ناخشىمۇ ھازىرغىچە
ساقلىنىپ كەلمەكتە .

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بىزگە مۇقاملار تا-
رىخى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن ئەسىرى «تارىخي
مۇسىقىيۇن»دا «مۇزىكىچىلارنىڭ ئۇچىنچى پىرى ئەبۇ ناسىر
فارابىدۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن . موللا ئىسمەتۇللا فارابى ھەققىد-
دە : «مۇزىكىچىلارنىڭ ئۇچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن دې-
گەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلان شەيخ ئەبۇ ناسىر فارابىدۇر··· ئۇ
مۇزىكا ئىلمىدە ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى . قالۇننى ئۆز قولى
بىلەن ياساپ ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا
ئۆگەتكەن . راك ، ئۇششاق مۇقاملىرى ۋە ئۇششاقنىڭ مەرغۇللى-

---

① «قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، قازاقچە 2 ـ توم ، 125 ـ بەتكە قاراڭ .

-رىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان . ئۆزھال مۇقامىنىڭ مەرغۇل-
لىرىنى كەشىپ قىلغان »[1] دەپ يازىدۇ .

يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئالىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان بالا ساغۇن تارىختا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قارلۇق خانلىقى (مىلا-دىي 766 — 940 - يىللار) ، قاراخانىيلار سۇلالىسى (مىلادىي 932 — 1219 - يىللار) ۋە قاراختاي خاندانلىقى (مىلادىي 1131 — 1291 - يىللار)لىرىنىڭ پايتەختى بولغانىدى . تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بۇ بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھەقىقىي ئورنى-نىڭ زادى قەيەردىلىكى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە . كۆپىنچە تارىخچىلار بۇ شەھەرنى ئىلىنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئانچە يىراق بولمىغان ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر ، دەپ قارىسا ، يەنە بەزى تارىخچىلار بالاساغۇننى ئىلىدىكى قەدىمىي ئالمالىق شەھىرى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . موللا ئىسمەتۇللا ئېنىق قىلىپ فارابىنى «ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆت-كەن» دەپ يازىدۇ . يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىلى ئالمالىق شەھىرىنى «ئالتاي قەدىمىي شەھىرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىمۇ دىققەتكە ئەرزىي-دىغان پاكىت .[2]

«تارىخىي مۇسىقىيۇن»دا يەنە مۇزىكىچىلارنىڭ ئون ئالتىن-چى پىرى دەپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى يۇسۇپ سەككاكى كۆرسىتىلگەن . موللا ئىسمەتۇللا سەككاكى ھەققىدە : «بۇ ئەزىز-مۇ ھەممە ئىلىمدا ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لوتفىدەك ئىدى .

---

① «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 53 - بەت .
② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزىيى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابنىڭ 1978 - يىل بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى 69 - بەتكە قاراڭ .

مىڭلىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۇرلۇك ئىلىملەرنى ئۆگىنەتتى . مەنتىق ئىلمىدە ، ئىلمىي پاساھەت ۋە ئىلمىي بالاغەتتە[1] ئەسىرنىڭ يەكتاسى ئىدى . شېئىرىيەت ئىلمىدە بۇ مۇغۇلىستاندا چىققان مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىدى . پاساھەت ۋە بالا- غەت ھەققىدە ، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتى ھەققىدە ‹تەلغىس ›[2] ناملىق بىر كىتاب تۈزگەن . مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەر يازغان . ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بو- لۇپ كېلىۋاتقان بايات ناملىق مۇقامنى شۇ ئەزىز ئىجاد قىلىپ ، شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن »[3] دەپ يازىدۇ . يۇسۇپ سەككاكى مىلا- دىي 1228 - يىلى تۇغۇلۇپ ، 1306 - يىلى ئالمالىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن . سەككاكى مازىرى ئىلىنىڭ چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدە- كى خۇنخاي دېگەن يەردە ھازىرغىچە قوغدىلىپ تۇرۇپتۇ .

«ئىلى يەتتىسۇ رايونىدىكى قەدىمىي ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنى- يىتى ئىلى مۇقاملىرىنىڭ فولكلور ئاساسى بولۇپ ، ئۇ يىراق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىلى ئۇيغۇر — ساكلىرىنىڭ خەلق مۇزىكا - ئۇسسۇل ، داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ھازىر بىزگە نامەلۇم بولسىمۇ ، بۇ بىر تارىخىي قاتلامنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ… تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمانلاشقان ۋە ئۇنىڭ ۋارىس- لىرى ئۇيغۇرلاشقاندىن كېيىن ، ئىلى مۇغۇلىستاننىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى… مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ، ئالى- مى يۇسۇپ سەككاكى ئىلىدا ياشىغان ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە تۆھپە قوشقان . دەرۋەقە ، مەشھۇر مۇتەپپەككۇر ، شائىر ، سازەن-

① ئىلمىي بالاغەت — ناتىقلىق ئىلمى .
② تەلغىس — ئومۇمىي بايان .
③ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 64 - بەت .

دە، مۇقامچى بابا مەشرەپ بۇ زېمىنغا كەلگەن»[1]

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن بىز كلاسسىك مۇقاملىرى-
مىزنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلەپ بەرگەن بەزى مۇزىكا ئالىم-
لىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ھايات پائالىيىتىنىڭ ئىلى ۋە يەتتىسۇنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ دائىرىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالاي-
مىز. ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىغان
يەكەن خاندانلىقى كۈچەيگەن يىللاردا بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى
يەكەن خاندانلىقىنىڭ ئەمەلىي زېمىنى ئىدى. ئون ئىككى مۇقام
ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قو-
شۇلغان قەبىلىلەر ياشىغان كەڭ زېمىندىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ،
جۈملىدىن، ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرى (ھازىرقى بالقاش كۆلى-
نىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى)دىكى خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ
مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان ئاھاڭلىرىنى توپلاش ئار-
قىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئاھاڭلارنىڭ مەنبەسىنى ئەينى تارىخىي
دەۋردە ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ دائىرىدىن ئىزدىمەي، ھە دېسىلا
ئۇنى ئۇيغۇرلار ھازىرقى دەۋردە كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلار-
غىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئىلمىلىكى بولمىغان بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر.

## 2

ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئى-
كەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بەلگىلەرنى ھېلىمۇ كۆپ ئۇچ-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 327 ـ بەت.

-راتقىلى بولىدۇ .
ناغرىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ناغرا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارى-خىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن . ئىلىدا ئۆتكەن مەرھۇم ئىمىن ئاخۇن تارىخچى ئۆزىنىڭ بىر قولىيازمىسىدا : «ھاكىمبەگلەر ئور-دىسىدا دائىم خىزمەت قىلىپ تۇرغۇچى ئىككى نەپەر ياساۋۇل ، سەككىز نەپەر پۇتۇكچى ، سەككىز دورغا ، ئىككى نەپەر ئوردا بېگى ، يىگىرمە نەپەر نەۋكەر بولاتتى . ئوردىدا يەنە يىگىرمە نەپەر ناغرىچى پىرقىسى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقى خەلق تەرىپىدىن تۆلىنەتتى » دەپ خاتىرە قالدۇرغان . ئوردا بۇ ناغرىچى-لار پىرقىسىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن يېتەرلىك يەر ئاجرىتىپ بەرگەن . ئەنە شۇ ناغرا چالغۇ-چىلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ بەرپا قىلغان مەھەللىنى خەلق ھازىرمۇ «ناغرىچى مەھەللىسى» دەپ ئاتىشىدۇ .
ھەرخىل مۇراسىملاردا چېلىنىدىغان ناغرىنى ئىلىدا ئەزەل-دىن ھاكىمبەگ ئوردىسى باشقۇرۇپ كەلگەن . غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىلى دەرياسى بويىدا بىر دۆڭلۈك بولۇپ ، ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئىلگىرى كىشىلەر شۇ دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاي كۆرۈپ ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى-نىڭ ۋاقتى توغرىسىدا بەگ ئوردىسىغا خەۋەر بېرەتتىكەن . ئوردا ئاندىن ناغرا چېلىش ـ چالماسلىقنى قارار قىلاتتىكەن . ئەنە شۇ دۆڭلۈك ئەتراپىغا جايلاشقان مەھەللىنى شەھەر خەلقى ھازىرمۇ «ئايدۆڭ» نامى بىلەن ئاتايدۇ .
ئىلگىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى س • كىبىرىۋا ، ف • كىبىرىۋالارنىڭ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ناغرا توغرىسىدىكى بىر ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلد-

دۇ : «1881 ۋە 1883 ـ يىللىرى ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن چالغۇ- لاردىن ئالتە جۈپ ناغرا ، ئىككى كاناي ، ئىككى سۇناي ، بىر جۈپ چوڭ دۇمباق ، بىر ئوتتۇرا دۇمباق ۋە بىر چاڭنى ياركەنتكە ئېلىپ چىققان . بۇ چالغۇلارنى چالىدىغان بىر قىسىم ئاتاقلىق ناغرىچىلار ياركەنتتىكى ئۆسەك دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە ناغرا چېلىش ئارقىلىق خەلقنى روھلاندۇراتتى . مەزكۇر جايغا خەلق تەرىپىدىن ‹ناغرىچى› دەپ نام بېرىلگەن… شۇ يىللاردىن باشلاپ تونۇلۇشقا باشلىغان شاگىرت ناغرىچىلاردىن سېيىت ، ئە- مىن ۋە سۇنايچى ئۆمەرجان ئاكىلار 1931 ـ يىللىرىغىچە ناغ-- را ، كاناي ، سۇنـاي چېلىشـنى داۋاملاشتۇرغان» .①

غۇلجا شەھىرىدىكى پېشقەدەم ناغرا ئۇستىلىرىنىڭ بىرى ، شەھەر ئىچىلىك مەرھۇم ئىمىن ئىبراھىم (ئىمىن ئەپەندى) «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىغان «ناغرا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ : «ناغرا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، قەدىمكى چاغلاردا جەڭ ياكى شىكارلاردا شىديان پەدىسى ، غەلىبە ۋە خۇ- شاللىقلاردا بولسا شادىيانە پەدىلىرى چېلىنىدىغانلىقى مەلۇم… ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە لايىق ناغرا ئۇستىلىرى بولغان . ئىلىدا بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن راشىدىن ، جەمشىت دېگەن كىشىلەر ماھىر چالغۇچىلاردىن بولغانىكەن . ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن مەشھۇر ناغرا ئۇستىسى ئاۋام مۇسەللىمنىڭ بۇن-

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل ، 4 ـ سان .

دىن بىر يۈز يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ناغرىچى سىبىسىق ئاكىغا ئىبىتىنشچە ، ئۈچ يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا ھازىرقى قايىنۇق ۋە تۇرپانىيۇزلەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىلىدى-غان خارابىلىقنىڭ ئورنى شەھەر بولۇپ ، مۇشۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئورنىدا ناغرا چېلىناتتىكەن . ئۇندىن باشقا سۇلتانئۇۋەيىس مازى-رىدا ، ئىلىنىڭ شىمالىدىكى قاراتاش دىگەن بىنەملىكتىكى ناغرى-خانا جاڭگىرغوجا دەپ ئاتىلىدىغان ناغرىخانىلاردىمۇ ناغرا چېلىن-غانىكەن . بۇنىڭدىن ئەللىك بەش يىل ئىلگىرى توقسەن يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇستا ناغرىچىلاردىن پالتا ئاكا ۋە سىيىت ئاكى-لار ئۆزلىرى سىبىسىق ئاكىدىن ئاڭلىغان يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۇستاز ھېيىت ئەيسالارغا سۆزلەپ بەرگەن… سۇناي چېلىشتىمۇ يۇسۇۋاخۇن تونۇرچى ، بۇرھانىدىن ، ئەيسا ئاكىلارغا ئوخشاش مەشھۇر سۇنايچىلار ئۆتكەن . »

ئىمىن ئەپەندى : «تارىختا ئۆتكەن ناغرا ئۇستىلىرىنىڭ جاپا-لىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىپ ، رەتلىنىپ ھازىرغىچە ئىلىدا ساقلىنىپ كەلگەن ناغرا پەدىلىرى مۇنداق ئون ئىككى چوڭ پەدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ » دەپ تۆۋەندىكى جەدۋەلنى كۆر-ستىدۇ :

| ئۆزگىرىشلەر | پەدە ئىسمى | № |
|---|---|---|
| چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە | سەنەم | 1 |
| چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە | قوش سەنەم | 2 |
| قوش سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە | مۇشاۋەرەك | 3 |
| چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە | سەيلىگاھ | 4 |
| گۈزەليار ، يار ـ يار ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە | كۆركەم | 5 |

| | | |
|---|---|---|
| 6 | يۈلەن | يار ـ يار ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە |
| 7 | گۈلئۇم | پەنجىگاھ ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇ-شۇرگە |
| 8 | سەھەريار | مۇشاۋەرەك ، قوش سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇشۇرگە |
| 9 | رۇخسارە | پەنجىگاھ ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، چۇ-شۇرگە |
| 10 | رۇخسارىگۈل | گۈليار ، پەنجىگاھ ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىـ-قە ، چۇشۇرگە |
| 11 | راك | تەزە ، نۇسخا ، جۇلا ، سەنەم ، چۇشۇرگە |
| 12 | شىدىيان | شادىيانە ، چۇشۇرگە |

بىز ئىلى ناغرا پەدىلىرىنىڭ بۇ ئاھاڭلىرىدا ئون ئىككى مۇقام چوڭ پەدىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرىمىز . بۇ ناغرا ئاھاڭلىرىنىڭ بەزىلىرى بەلكىم ئون ئىككى مۇقامدىنمۇ قەدىمە-رەك بولۇشى مۇمكىن . بۇ ناغرا پەدىلىرى ھازىر شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسلىرى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ ساقلانماقتا .

ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا قاراش-لىق روزىمەتيۈزى مەھەللىسىنىڭ ئايىغى — جېلىليۈزى سېپىنىڭ بويىدا «مۇقام شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورۇن بار . بۇ يەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «مۇقام شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مۇقام تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى لازىم . 1993 ـ يىلى بىز غۇلجا ناھىيىسىدىكى بىرقانچە مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ يەرگە بېرىپ ، بىر قېتىم تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈ-رۈش ئېلىپ بارغان ئىدۇق . يېزىلاردىكى كوممۇنالىشىش دەۋرى-

دىن ئىلگىرىلا بۇ يەردە قۇچاق يەتمەيدىغان قارىياغاچلار ، ئەتراپى
ئۇستىگە ئارقار مۈڭگۈزلىرىنى قاداپ قويغان تاملار بىلەن قور-
شالغان قەدىمىي مازارلار بار ئىكەن . بىز بېرىپ كۆرگەن چېغى-
مىزدا «مۇقام شەھىرى»نىڭ ئورنى تۈپتۈز ئېتىزغا ئايلىنىپ
بولغان ئىكەن . پەقەت ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭرەك بىر
جايدا ساقلىنىپ قالغان بىر قانچە قەبرىلەرنىڭ ئىزناسىنىلا تاپالىدۇق .
ئىلگىرى ئەنە شۇ قەدىمكى «مۇقام شەھىرى»نىڭ خارابىسى
يېنىدا يەنە «ئەسكى مەھەللە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىمۇ
بولغانىكەن . بۇرۇن شۇ ئەسكى مەھەللىدە تۇرۇپ تىرىكچىلىك
قىلغان 87 ياشلىق سايىم ئاكىنى تېپىپ زىيارەت قىلدۇق . سايىم
ئاكا : «قۇربانغوجا دېگەن ئاتىمىز قەشقەردىن چىققاندا ، بۇ يەر-
لەرنى ئىلاخۇن شاڭيۇ دېگەن كىشى باشقۇراتتىكەن . دېھقانلار
روسلار تەرەپكە كۆچۈپ ، يەرلەر ئاق قالغىلى تۇرۇپتىكەن ، شۇ
چاغلاردىمۇ ئاشۇ خارابىلىق بار ئىكەن . بىز كىچىك چاغلاردىمۇ
شۇ مازارلىق بار يەرلەرنى ‹مۇقام شەھىرى › دېگەننى ئاڭلايت-
تۇق . نېمىشقا ‹مۇقام شەھىرى» دەيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەي-
مەن . خارابىلىقتا يوغان ـ يوغان قارىياغاچ ، ئۈجمە دەرەخلىرى
بولىدىغان . قارىياغاچلارغا شۇ چاغلارنىڭ ئادەملىرى يىراق ـ
يېقىنلاردىن كېلىپ ، يۇرۇڭلارنى① باغلاپ قويۇپ كېتىدىغان ،
ئوتتۇرىدىكى مازارلارنىڭ تاملىرىدا قوشقارنىڭ يوغان مۈڭگۈزلى-
رى قويۇقلۇق تۇرىدىغان… تەلەي سىناپ كەلگەنلەرگە ئانچە ـ
مۇنچە بىر نەرسىلەر ئۇچراپمۇ قالاتتىمىكىن ، بەزىلەر ئۇ يەرنى
‹تەلەي شەھىرى ›مۇ دەيتتى . مۇقام شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى ھەي-

① يۇرۇڭ — مازار ياكى شۇنداق شەرتلىك ئورۇنلاردا ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا تاۋاپ قىلغۇچىلار باغلاپ قويىدىغان رەڭمۇرەڭ بوقۇچ .

دەپ دېھقانچىلىق قىلغان چاغلىرىمىزدا كوزا سۇنۇقلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان . بىر قېتىم توپا ئارىسىدىن يوغانلىقى ناسۋال قاپىـ قىچىلىك ، تۇچتا ياسالغان بىر بۇتنى تېپىۋالغانىدىم ، قولىدا بىر نەرسە بار شەكىلدىمۇ ئەيتەۋۇر . ئوتتۇز ياشلار ۋاقتىممىكىن ، شەھەرگە ئەكىرىپ ئازغىنە يارماقىقا سېتىپ چىققىنىم ئېـ سىمدە..... » دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى .

روزىمەتيۈزى مەھەللىسىدىكى ياشقا چوڭ مويسىپىتلارنى يەـ غىپ سۆزلەشكىنىمىزدە مەلۇم بولدىكى ، بۇ يەرنىڭ ھازىرقى يەرلىك ئادەملىرى ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان توققۇز ئۆيلۈك ئائىلىدىن كۆپەيگەن بولۇپ ، كۆپىنچىلىرىنىڭ تېگى دوـ لانلىق ۋە يەكەنلىك ئىكەن . شۇ ئەتراپتا ھازىرمۇ «خوتەن مەھەلـ لىسى» ، «يەكەن مەھەللىسى» دېگەن مەھەللىلەر بار ئىكەن . ئۇلار : «ئۇ يەرنى نېمىشقا ‹مۇقام شەھىرى› دەيدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلمەيمىز... ئەسلىدە ئۇ يەرنىڭ ئورنىدا بىر شەھەر بولغان بولسا ، جېلىلىيۈزى سېيىنىڭ سۈيى ئېلگىرى يۆتكىلىپ تۇرىدىـ غان بولغاچقا ، شەھەرنى كېيىن سۇ ئېلىپ كەتكەنمىكىن» دېـ يىشتى .

بۇ قەدىمكى خارابىلىقنىڭ ئۆزى نېمىشقا «مۇقام شەھىرى» ئاتىلىپ قالغان؟ بۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر تارىخقا باغلىنىشلىق ئىشمۇ ياكى كېيىنكى ۋاقىتتا مۇقام شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان يەكەنلىك ۋە دولانلىق مۇساپىرلار ئۆز يۇرتىنى سېـ غىنىپ مۇقاملارنى ئېيتقاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغانمۇ؟ مۇقام شەھىرى خارابىلىقىدىكى مازارلارغا كۆمۈلگەنلەر زادى كىملەر؟... ھازىرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىلمىگەن بىر سىر .

ئەمما ، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىلىدىكى مۇقام ھادىسىلىرى تارد-
خىنىڭ خېلىلا يىراقتىن باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

## 3

ھازىرغىچە يېزىلغان كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى رايونىغا تارقىلىشى پەقەت
كارۇشاڭ ئاخۇنۇم (مۇھەممەت مولla )نىڭ نامىغىلا باغلاپ قويۇل-
غان . بۇنى تولىمۇ ئالدىراقسانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان
قاراش دېيىشكە بولىدۇ . مۇنداق بولغاندا ، ئىلى رايونىغا ئون
ئىككى مۇقامنىڭ تارقالغان ۋاقتى تېخى تۇنۇگۇنكىلا گەپ بولۇپ
قالىدۇ ھەمدە يەكەن خانىدانلىقىنىڭ ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا
رەتلىنىپ ، شۇندىن بۇيانقى تۆت ـ بەش ئەسىردىن بېرى مىللد-
تىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۇيغۇر
كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى رايونىغا بولغان تەسىرىنى
تۆۋەن مۆلچەرلىگەن بولۇپ قالىمىز . ھالبۇكى ، كارۇشاڭ ئاخۇ-
نۇمدىنمۇ ئىلگىرىكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تەڭرىتېغىنىڭ جە-
نۇبىدىكى يۇرتلاردىن ئىلىغا ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان
ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىللە بىلەن ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ناخشا ـ سازلى-
رىنى ، جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنىمۇ ئېلىپ كەل-
مەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمىلىي پاكىتلارمۇ ئون ئىككى
مۇقامنىڭ ئىلى رايونىغا قايتا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنىڭ
كارۇشاڭ ئاخۇنۇم زامانىسىدىن كۆپ ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىپ تۇرۇپتۇ .

چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىن ئىلىغا
ئادەم كۆچۈرۈپ چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئىلىغا چىقىشقا باش-
لىغان كۆچمەنلەر ئىچىدە نۇرغۇن ئەلنەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى .
ئۇلار ئىلى ۋە يەتتىسۇ تەۋەسىگە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرت-
لاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلى-
رىنىمۇ ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى . مۇقام ئاھاڭلىرى ئىلى رايو-
نىغا قايتا كىرگەندە ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلىنماستىن بۇ يەردىكى
خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ، پسىخىكىسى ، قوبۇل قىلىش ئا-
دىتى ۋە يەرلىك ناخشا - مۇزىكا ئەنئەنىسى قاتارلىقلارنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچراپ ، ئۇنىڭدىكى بەزى تارماقلار چۈشۈپ قالدى ياكى
بولمىسا ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەر قېتىلىپ قالدى .

ئون ئىككى مۇقام شەخسلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈ-
چۈن يالغۇز ئولتۇرۇپ ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئاھاڭ ئەمەس .
ئۇ چوڭ بىر كوللېكتىپنىڭ ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئېھتىياجى
ئۈچۈن ئىلمىي ئاساستا كىرىشتۈرۈلگەن مۇزىكا تەرتىپى . ھەربىر
مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تولغان
تېكىستلەر بىلەن سالماقلىق ئېيتىلىدىغان بولۇپ ، ئۇ ئەنە شۇ
بىر مۇقامنىڭ كېيىنكى بارلىق ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئاھاڭ مىلو-
دىيىسىنى بەلگىلەش ، شۇ چوڭ سورۇندىكى بارلىق جامائەتنىڭ
دىققىتىنى يىغىش ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى مۇزىكا دۇنيا-
سىغا باشلاپ كىرىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇلغان .
مۇقام مۇقەددىمىسى ئۆزىنىڭ سىرلىق تىللىرى بىلەن تىڭشىغۇ-
چىلارنى مۇزىكا دۇنياسىغا جەلپ قىلىۋالغاندىن كېيىن ، مۇقام
ئاھاڭلىرى قەدەممۇقەدەم يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە يۆتكىلىپ ، بار-
غانسېرى شوخ پەدىلەرگە ، كوللېكتىپ ئورۇندىلىدىغان ناخشا -

ئۇسسۇللۇق نەغمىلەرگە ئۆزگىرىپ بارىدۇ . مۇقامنى مۇنداق ۋا-
يىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن مۇكەممەل بىر چالغۇچى-
لار كوللېكتىپى ۋە بىر يۈرۈش چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بولۇشى
تەلەپ قىلىنىدۇ . ئەينى يىللاردىكى ئىلى رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ، مۇنداق شارائىتنى پەقەت ئىلى بەگ ئوردىلىرى-
دىلا هازىرلاشقا بولاتتى .

چىڭ هۆكۈمىتى ئىلىغا جەنۇبتىن ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ
چىقىش بىلەن بىرگە 1760 - يىلى ئىلىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلى-
رىنى باشقۇرىدىغان ئىلى بەگ ئوردىسىنى تەسىس قىلىپ ، مۇسا-
نى گۇڭلۇق ئۇنۋان بىلەن ئىلىنىڭ 3 - دەرىجىلىك هاكىمبەگلى-
كىگە تەيىنلىگەن ئىدى[1] . مۇساگۇڭ تۇرپانلىق ئىمىن ۋاڭنىڭ 2 -
ئوغلى بولۇپ ، چىڭ ئوردىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىمىن
ۋاڭنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا ئەڭ بۇرۇن تەۋەلىك بىلدۈرگەن سادا-
قىتى ۋە ئۇنىڭ چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن
شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى
ئۈچۈن ، مەنسىپىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشتەك ئالاھىدە
ئىمتىياز بەرگەن ئىدى . شۇڭا ، ئىلىنىڭ هاكىمبەگلىرى مەنسى-
پىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيتتى ، ئابروي
جەھەتتىن ئۆزلىرىنى باشقا يۇرتلارنىڭ هاكىمبەگلىرىدىن ئۈس-
تۈن چاغلايتتى ، ئوردا ھەشەمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوردىدا
مەلۇم ساندا قابىل چالغۇچىلارنى ساقلايتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ چالغۇ-
چىلار يالغۇز خەلق ناخشا - سازلىرىنى ئورۇندىغۇچىلارلا بولماس-
تىن ، ئاساسلىقى مۇقام كۈيلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئىدى .

---

① «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» ، خەنزۇچە 610 - جىلىت ، 14 - ، 15 - بەتلەر .



يۇسۇپجان غاپپاروف

ئىلىدا تۇغۇلۇپ غۇلجا شە-
ھەر مەدرىستە بىلىم ئالغان ، كې-
يىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى
تەۋەسىگە ئۆتۈپ جامائەت ئىش-
لىرىغا ئارىلاشقان ، ئۇ يەردە
ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تەشكىللى-
نىشىگە قاتناشقان ، خەلق ناخ-
شا - مۇزىكىلىرى توغرىسىدا
چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە تالانتلىق
شائىر ۋە مۇزىكانت يۇسۇپجان
غاپپاروف (1876ـ1938)
1924 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر
قىلىنغان «دەسلەپكى قەدەم»
ناملىق ئالماناختا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە : «يەتتىسۇ
ئۇيغۇرلىرى ئېيتىپ يۈرگەن ناخشىلار ۋە چېچىلىپ يۈرگەن
كۈيلەرنى ئاساسەن موللاگايىت ئېلىپ كەلگەن . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا
ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئوردا سازەندىسى بولغان… سۇلتانلىقنىڭ
ئوردا سازەندىلىرى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان . ئاساسلىق
چالغۇ قوراللىرى : داپ ، دۇمباق ، نەي ، تېبىلۋاز ، غىجەك ،
ساتار ، راۋاب ، دۇتار ۋە قالۇنلاردىن ئىبارەت بولغان . بۇ چالغۇ
قوراللىرى كۆپىنچە سۇلتانلىق ئۆتكۈزگەن تەبرىكلەش پائالىيەت-
لىرىدە ۋە بەگلەرنىڭ توي - مەرىكىلىرىدە چېلىنغان . بۇنىڭدىن
باشقا ناغرا - كاناي ، سۇناي قاتارلىق چالغۇ قوراللىرى ھېيتلار-
دا ، خەلق ئارىسىدىكى توي - تۆكۈنلەردە ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا

چېلىنغان… قىسقىسى ، سۇلتانلىقنىڭ ئوردا سازەندىلىرى ئوتتۇز ئىككى خىل مۇقامنى ئورۇندىيالىغان . بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل بولغانلىرى ۋە «بەگ نەغمە» دەپ ئاتالغانلىرى ئون ئىككى مۇقام- دىنلا ئىبارەت بولغان»[1] دەپ يازىدۇ . يۇسۇپجان غاپپاروفنىڭ بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرى يالغۇز 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى- رىدىن كېيىن ئىلى تارىخىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىلى سۇلتانلىقى ئوردىسىنىڭ ئەلنەغمە تەسۋىرى بولۇپلا قالماس- تىن ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىلى بەگلىرى ئوردىسى- غىمۇ مەنسۇپ ئىشلار ئىدى . ئون ئىككى مۇقامنىڭ «بەگ نەغمە» دەپ ئاتىلىشى بىزگە ئەينى يىللاردا ئىلىدا مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداشقا پەقەت بەگ ئوردىلىرىنىڭلا شارائىتى يېتىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

1953 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇقۇمۇشلۇق زات ئەسەدۇللا دا- موللا شەيخ زادىنىڭ ئۆيىدە رەجەپ ھاجىم ، سەلەي ئاخۇن خەلپە- تىم ، ئابىخان قارىم قاتارلىق ئۈرۈمچىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆلىما ، مۇددەرسلىرى بولۇپ ئون- نەچچە كىشى سۆھبەتتە بولغان . سورۇندىكىلەر ئۈرۈمچىدە ئۆي- غۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولۇپ ، ئون ئىككى مۇقام ئۈستىدە ناھايىتى قىزغىن پاراڭ قىلىشقان . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مول تارىخىي ماتېرى- ياللارنى يىغىپ ساقلاۋاتقان كىشىلىرىمىزدىن بىرى بولغان شې- رىپ خۇشتارنىڭ شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن قالدۇرغان خاتىرىسى-

[1] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، خەنزۇچە ، 1983 - يىل 5 - سان .

گە : «ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىغا جەنۇبتىن نۇرغۇن كىشىلەر كۆچۈرۈلگەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە جامائەت ئىشىنى ئىشلىگەن ئاتاقلىق كىشىلەر ، دىنىي زاتلار ، ئۇستا سازەندە ، مۇقامچىلار بار ئىدى . شۇ يىللاردا ئىلىغا ئۇن ئەۋلاد مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەشقەر خانئېرىقلىق ساتتار يۈز بېشى دېگەن مۇقامچى ، ئابدۇللا خاڭدۇ دېگەن يەنە بىر مەشھۇر مۇقامچى ، توختىگۈل سۇناي ، باقىرسۇناي ، تىلىۋالدى ئاقساقال ، مەھەممەت باخشى ، ھاشىر جەكەدى ، خوتەنلىك ئاكا ـ ئۇكا ئىندۇللا نىياز ، ئىنايىتۇللا نىياز ، قارىكام باخشى ، مۇسا باخشى ، دارازا ئەلەم ، قادىرلەگلەك ، ساقى ساتىراش ، توكۇر تېۋىپ ، ئاقسۇلۇق ھېزىم ، قىيۇم قاتارلىق سازەندە ، مۇقامچىلار چىققان . ئۇزۇن چاچ دىۋانە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساتارچى ئىلىغا تۇنجى قېتىم ساتارنى ئېلىپ چىققان… » دېگەندەك قىممەتلىك ئۇچۇرلار يېزىلغان .

يۇقىرىدىكى خاتىرىدە يەنە ، ئىلى بەگ ئوردىسىنىڭ تۇرپاندىن نۇرغۇن ئەر ـ ئايال نەغمىچىلەر بىلەن بىللە گايىت جەكەدى دېگەن تۇرپانلىق مۇقامچىنىمۇ ئېلىپ چىققانلىقى يېزىلغان . ئىلى بەگلىرىنىڭ تېگى تۇرپان ، لۈكچۈندىن بولغاچقا ، دەسلەپتە بەگ ئوردىسىدا تۇرپانلىق مۇقامچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندەك قىلىدۇ . ئۇلار مۇقامنى ساتار بىلەن ئەمەس ، غىجەك بىلەن باشلاپ ئېيتاتتىكەن . ئوردا مۇقامچىسى گايىت جەكەدىنىڭ ئوغلى داۋۇت ، داۋۇتنىڭ ئوغلى ھاشىم ، ھاشىمنىڭ ئوغلى يەنە گايىت بولغان . ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان گايىت ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە سۇلتانلىقنىڭ ئوردا مۇقامچىسى بولغان . يۇسۇپجان غاپپاروفنىڭ «ئەل نەغمە ـ ناۋاسى» دېگەن

ماقالىسىدا «يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئېيتىپ يۈرگەن ناخشىلار ۋە چېچىلىپ يۈرگەن كۈيلەرنى ئېلىپ كەلگەن» دېيىلگەن كىشى دەل مۇشۇ موللا گايىتتۇر.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىشانلىق تازا ئەۋج ئالغان چاغلاردا، ئىلىدىكى بەگ ۋە دىنىي خادىملارمۇ مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئىلىدا يولغا قويۇلمىغانلىقىنى چوڭ نوقسان بىلىپ، جەنۇبتىن غوجا، ئىشانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ چىققان. بۇ كىشىلەر ئىلىدا مۇرتلارنى قوبۇل قىلىپ، زىكرى - سۆھبەت باشلاپ، خانىقالارنى قۇرغان. قىزىق يېرى شۇكى، ئىلىدا بىر مەزگىل مۇشۇنداق زىكرى - سۆھبەتلەرگىمۇ سازەندىلەرنى قاتناشتۇرۇپ، مۇقام كۈيلىرىنى چېلىشقان.



تېيىپجان هادى

ئىلى تارىخى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدەنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان مەرھۇم تېيىپجان هادى ئۆزىنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلغان «خەلپەم مەھەللىسى ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «... ئاللاقۇلى خەلپەمدىن كېيىن پەرزەنتى خۇداقۇلى خەلپىلىككە ئولتۇردى. خۇداقۇلى خەلپەم ئۆز زىكرى - سۆھبەت، تەلقىنلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشقا

ئەلنەغمىچىلەرنى قاتناشتۇردى . مۇشۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنـ‌
جاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە ئىمىن نەغمەـ‌
چى دېگەن مەشھۇر سازەندە بولۇپ ، ئۇ خانىقالاردا ساز چېلىپ
شۆھرەت قازانغان ئىدى . بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى خاتىرىلەردە :
‹بول چاغدا ئىمىن نەغمىچى دەپ بىر نەغمىچى بولغانىدى ، ئۇ
ھەممە نەغمىلەرنى تامامىغا يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى . راۋاب ، قاـ‌
لۇن ، ساتار ، تەمبۇر ، داپلارنى ساداغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزھال ،
مۇشاۋەرەك ، ئۇششاق ، چەببايات دېگەن مۇقاملارنى مۇسقى ئاۋازـ‌
لىرى بىلەن ئىختىرا قىلىپ ، شېكەر زابانلىرى بىلەن غەزەل
ناۋايىلارنى ئوقۇپ ، ساماغا چۈشۈپ ، بىرقانچە سوپىلار ھوشىدىن
كېتىپ ، بۇ نەغمىلەردىن پەيزى پەتۇھاتلار بولۇشۇپ ، يىغا ـ
زارە ، دۇئا ـ تەلەپلەر بولۇر ئىدىلەر › دەپ يېزىلغان . شەمشىدىن
خەلپەم زامانىسىغا كەلگەندە ، ئۇمۇ ئۆز خەلپىلىكىنى ئاتا ـ
بوۋىسىنىڭ يولى بويىچە ئېلىپ باردى . ئىمىن نەغمىچى ۋاپات
بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ زاماندىشى موللا روزى نەغمىچىنى
تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتكە قاتناشتۇردى . موللا روزى نەغمىچىـ‌
نىڭ خەلپەم سۆھبىتىگە قاتنىشىشى سۆھبەتنىڭ ئىمىن نەغمىچى
دەۋرىدىكى جۇشقۇنلۇقىنى تولۇق ساقلاپ قالدى… »

مانا بۇ ئىلىغا خوشنىزات ۋە خالزات ھېكىملەر ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىن ، يەنى 1850 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى .

گەرچە ئىلى بەگ ئوردىلىرى ۋە بەزى ئالاھىدە سورۇنلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ ، ئادەتتىكى خەلق ئۈن ئىككى مۇقامنى پۈتۈن يۈرۈشلىرى بىلەن تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىـ‌

دى . ئەينى يىللاردىكى ئىلى شارائىتىدا كلاسسىك ئون ئىككى
مۇقامدەك چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى خەلق ئىچىدە
ئەينەن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى . ئۇ
چاغلاردا ئىلى ۋە يەتتىسۇدىن ئىبارەت بۇ كەڭ ۋادىدا ئادەم شا-
لاڭ ، يېزا - مەھەللىلەر بىر - بىرىدىن يىراق ، تارقاق جايلاشقا-
نىدى . بۇ يېزىلاردا كۆپىنچە بىر ياكى بىر نەچچە مەھەللىۋىي
سازەندىلەر پائالىيەت ئېلىپ باراتتى . كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇ-
ھىتى ۋە يەر شارائىتى سازەندىلەرنىڭ ئېلىپ يۈرىدىغان چالغۇ
ئەسۋابلىرىنىڭ ئاز ۋە يىغىنچاق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى . رەس-
مىي كەسپىي مۇزىكانتلار ۋە بىر يۈرۈش مۇزىكا قوراللىرى بىلەن
ئورۇندىلىدىغان ، ئېغىر شېئىرىي تېكىستلەر ۋە مۇرەككەپ مۇزى-
كا قۇرۇلمىسىغا ئىگە چوڭ نەغمىلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىمكا-
نىيىتى يوق ئىدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، چوڭ نەغمە تېپىك ئوردا
مۇزىكىسى ئىدى . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ چۈشەندۈرۈ-
شى بويىچە ئېيتقاندا ، يەكەن خانىدانلىقىدىن ئىلگىرىكى مۇقام
ئائىلىسى پەقەت شۇ چوڭ نەغمىلەرنىلا كۆرسىتەتتى . يەكەن
خانىدانلىقى دەۋرىدىكى رەتلەشكە كەلگەندە قىدىرخان باشلىق مۇ-
زىكانتلار خەلق مەشرەپلىرى بىلەن خەلق داستان نەغمىلىرىنىڭ
مىلودىك تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر مۇقام نەغمىلىرىنىڭ مىلودىك تۈزۈ-
لۈشى بىلەن بىر ئېتنىك ۋە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئى-
كەنلىكىنى بايقاپ ، مەشرەپ ، داستانلارنىمۇ ئون ئىككى مۇقام
تەركىبىگە كىرگۈزگەن .[1] بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى نو-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 256 - بەت .

قۇل ئوردا مۇزىكىسى بولۇشتىن خەلققە قاراپ يۈزلەندى . ئىلىدا ئەنە شۇ ئاددىي خەلققە يېقىن مەشرەپ ۋە داستانلار كەڭ تارقالغان ئىدى .

بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىش ، جەڭنامىلارنى ئاڭلاش ، خەلق داستانلىرىنى مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھېكايە قىلىش شۇ چاغدىكى كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا پۇقرالارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئاۋۇتۇپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى ئىدى . شەھەر ۋە بازار مەيدانلىرىدا بولسا تارىخىي قىسسە ، ئەپسانە ـ رىۋايەت ، جەڭنامىلەرنى دىراماتىك ھەرىكەت ۋە قىزىق نۇتۇق بىلەن بايان قىلىدىغان مەدداھلار ، خەلق داستانلىرىنى ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان سازەندىلەر ئۇچراپ تۇراتتى . مۇنداق داستانچى خەلق سازەندىلىرى ئارىسىدا تاكى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان . داڭلىق چالغۇچىمىز مۇساجان روزى بۇ ھەقتە : «ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى رۇشىدىنكاملار مۇزىكىنى شۇ ناخشىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇپ چالاتتى . مەنمۇ شۇ ئۇسلۇبتا چالغان . ئاكام ‹ھۆرلىقا بىلەن ھەمراجان › ، ‹يۇسۇپ ـ زىلەيخا › داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىرىنى سۆزلەيتتى ، مەن ناخشىسىنى ئېيتاتتىم » دەيدۇ . ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بۇ ھەقتە ئەسلەپ : «ئىلگىرى غۇلجىدا توختىقارى دېگەن بىر دۇتارچى ئادەم ئۆتكەن ئىدى . ئۇ ھەر جۈمە كۈنى بازار ئىچىدە ‹غېرىب ـ سەنەم › ، ‹لەيلى ـ مەجنۇن ›غا ئوخشاش ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇپ ساز چالاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەردائىم بىر ـ رەر يۈزدەك ئادەم ئولاشقان

بولاتتى» دەيدۇ.

ئون ئىككى مۇقام داستانلىرىنىڭ تېكىستلىرى بولسا دەل مۇشۇنداق «ئوغۇزنامە»، «ئەپراسىياپ»، «ئالپامىش»، «دەدە قورقۇت»[1]، «تاھىر - زوھرا»، «لەيلى - مەجنۇن»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «غېرىب - سەنەم»گە ئوخشاش خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭ ناخشا - ساز، مەرغۇللىرى خەلقنىڭ روھىغا يېقىن تۇراتتى. ئون ئىككى مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ مۇزىكىلىرى بولسا شوخ، ئېنىق تاكىتلىق بولۇپ، كۆپىنچىسى خەلق ناخشىلىرىدىن، قىسقا بوغۇملۇق، قوشاق شەكلىدىكى نەزمىلەردىن تۈزۈلگەچكە يېقىملىق، ئەستە ساقلاشقا ئەپلىك ئىدى، خەلق ئىچىدىكى توي - تۆكۈن قاتارلىق ھەرخىل مەرىكىلەرگە ناھايىتى باب كېلەتتى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، داستان بىلەن مەشرەپ ناخشىلىرى ئەسلىدە مۇقام ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلق داستانلىرى ئۈچۈن، نەخشەبەندىلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن بولۇپ، تامامەن مۇزىكىنىڭ باشقا بىر (ئېپىك ۋە سوپىزم) ساھەسىگە مەنسۇپ ئىكەن… داستان بىلەن مەشرەپنى مۇقامچىلار ئەمەس، بەلكى مەيدانخانا ياكى كىتابخانلىق سورۇنلىرىدىكى داستانچىلار تارقاتقان ئىكەن.[2] ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستانى، مەشرەپ ئاھاڭلىرى خەلق سازەندىلىرى ئارىسىدا تېز تارقىلىپ، ئىلىنىڭ ھەرخىل مەرىكە سورۇنلىرىنى قىزىتىدىغان جانلىق نەغمە شەكلى بولۇپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ داستانچىلىق ئىلىدا ناھايىتى تەرەق-

---

① دەدە قورقۇت — «قورقۇت ئاتا داستانى».

② باتۇر ئەرشىدىنوف: «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، 2002 - يىل ئالمۇتا، 200 - بەت.

قى قىلغان .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئون ئىككى مۇقام ئىلىغا قايتا تارقالغاندا يۇقىرىقىدەك ھەرخىل سەۋەبلەر ۋەجىدىن ئۇ ئۆز پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىپ پارچىلىنىپ كەتتى . مۇقام ئاھاڭلىرىنى ھەرخىل شە-كىلدە ئۆزلەشتۈرگەن يەرلىك چالغۇچىلار ئۆزىنىڭ مۇزىكا سەۋى-يىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ، بۇ ئاھاڭلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپمۇ چالاتتى ، ئايرىم - ئايرىممۇ ئورۇندايتتى . بەزى يەرلىك سازەندىلەر ھەتتا مۇقام مۇقەددىمىسىنى توۋلاپ ، ئارقى-دىن ئۇنىڭغا ئاھاڭ جەھەتتىن ماس كېلىدىغان خەلق ناخشىلىرى-نى ئۇلاپ ئېيتىدىغان شەكىلنىمۇ ياراتتى . خەلق ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئېيتىش ، ھەربىر يۇرۇش ناخشىلارنىڭ ئاخىرى-نى مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرۈش — مانا بۇ ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا شەكلىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا كۆرسەتكەن روشەن تەسىرى . چۈنكى ، مۇقاملارنىڭ ئۆزى ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۈ-رۈپ ئېيتىشنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى ئىدى .

ئىلىدا ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ قايتا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، غۇلجا شەھىرى ، سۈيدۈڭ قاتارلىق ئورۇنلار يىلمۇيىل ئاۋاتلى-شىپ ، بۇ شەھەرلەرگە ھۈنەرۋەنلەر ، ئېلىپ - ساتارلار ، ئىش-لەمچى مۇساپىرلار ۋە ئەلنەغمىچىلەر كېلىپ توپلىنىشقا باشلى-دى . ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈن ، ھېيت - ئايەم ، نورۇز ۋە باشقا مىللىي بايراملىرى ، ھەر يىلى باھاردا جىرغىلاڭ ، زايۇمكا قاتارلىق ئىلى دەرياسى بويىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان دەريا سەيلىسى ، جىلىلىيۈزى ، تۇرپانيۈزى ، چۇ-لۇقاي قاتارلىق ئورۈكلۈك يېزىلاردا ئورۈك پىششىقىدا بولىدىغان

ئۈرۈك سەيلىسى ، قوغۇن پىشىشقلىرىدا بولىدىغان قوغۇن سەيلە-
سى ، قۇم ئارشاڭ سەيلىسى ۋە غۇلجا ، سۈيدۈڭ شەھەرلىرىنىڭ
ھەرقايسى ئاۋات رەستىلىرىدىكى چايخانىلاردا بولۇپ تۇرىدىغان
چايخانا بەزمىلىرى··· بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلنەغمىدىن ئايرىلمايت-
تى . شەھەر خەلقى ئېغىر ھېرىپ - چارچاشتىن كېيىن ، شەھەر
ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا سەيلىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆ-
ڭۈل ئاچاتتى ، ئۇزاق قىش كېچىلىرىنى بولسا ئۆي - ئۆيلەردە
مەشرەپ ئويناپ ئۆتكۈزۈشەتتى . جايلاردىن كېلىپ يىغىلغان سا-
زەندىلەرگە ئەمدى مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسە-
تىش ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزئارا سىلىشتۇرۇپ ، بىلمىگەنلىرىنى
بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ تولۇقلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى . خەلق
ئىچىدىكى مەشرەپ ، توي - تۆكۈن ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش
مەرىكىلىرى — خەلق ئاھاڭلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد بىر - بىرىگە
يەتكۈزۈپ ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنى بېيىتقان ، راۋاجلاندۇرغان
سەھنە ، شۇنداقلا ئۇ مۇقاملار تەركىبىدىكى ئاھاڭلارنى تاۋلاپ
چىققان ئوچاق . مۇقام مۇقەددىمىسى ، داستان ۋە مەشرەپلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى
ۋارىيانتىمۇ ئەنە شۇنداق ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ، خىلمۇخىل چال-
غۇچىلارنىڭ بىلگەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى ئاساسىدا ئاستا - ئاس-
تا شەكىللىنىپ چىقتى . بۇنىڭدا غۇلجا ، سۈيدۈڭ قاتارلىق شە-
ھەر ، بازارلارنىڭ رولى چوڭ بولدى . تېگى - تەكتىدىن ئېيتقان-
دا ، مۇقاملار ئەسلىدىمۇ شەھەرلەشكەن خەلقنىڭ سەنئەت مەھسۇ-
لى ئىدى .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ بارلىق ئاھاڭلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ

ئورۇنداش ئۇچۇن ، ئەلۋەتتە مۇزىكا قوراللىرىنىڭمۇ مۇكەممەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . 19 ـ ئەسىردە ئىلى رايونىغا تارقالغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى پانتۇسوف «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق كۆرسەتكەن : 1 . پىپا ، 2 . خۇنخۇ ، 3 . تومۇز ، 4 . قالۇن ، 5 ـ ئۇد ، 6 . ئايقىنى ، 7 . هۇنەي ، 8 . غىجەك ، 9 . چاڭ ، 10 . خۋازا ، 11 . ساتار ، 12 . راۋاب ، 13 . دۇتار ، 14 . تەمبۇر ، 15 . هەشتار ، 16 . زىلڭ ، 17 . نەي ، 18 . سۇنەي ، 19 . پۇنەي ، 20 . كاناي ، 21 . ناغرا ، 22 ، داپ ، 23 . دۇمباق ، 24 . تېۋىل ، 25 . چاقچا .

بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بەگ ئوردىلىرى قاتارلىق كاتتا سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ ، ئادەتتىكى خەلق ئىچىدە هەشەمەتلىك چالغۇلاردىن كۆرە دۇتار ، تەمبۇر چېلىش بەكرەك ئومۇملاشتى . هەربىر يېزا ـ بازارلاردا نۇرغۇنلىغان ئۇستا دۇتار ، تەمبۇرچىلار يېتىشىپ چىقتى . ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىشنى كەشىپ قىلىشىنى تەمبۇر چېلىشتىكى مۇهىم بىر ئىسلاهات دېيىشكە هەقلىقمىز . بۇنىڭ بىلەن مۇقام ۋە خەلق ئاهاڭلىرىنى تەمبۇردە تېخىمۇ ئوچۇق ، تېخىمۇ جاراڭلىق ، نەپىس ئورۇنداشقا ئىمكان يارىتىلىپ ، تەمبۇر ئىلى رايونىدا مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاساسلىق يېتەكچى مۇزىكا قورالى بولۇپ قالدى .

## 4

خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئەگەر ئۆزىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى ۋە بىر ـ بىرىگە يەتكۈزگۈچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۆز ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى نوتىغا ئېلىپ قالدۇرۇشنى ئادەت قىلمىغان مىللەت ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ شۇنداق.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن ئەسىر ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە «كۆچ ـ كۆچ» پاراكەندىچىلىكلىرىدە ئېلىدا ئادەم شالاڭلاپ، شەھەر ـ يېزىلار چۆلدەرەپ قالدى. خەلق جان قايغۇسى بىلەن ھەر تەرەپكە پېتىراپ، ناخشا ـ مۇزىكىلار يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇ ئۇزۇكچىلىكتە ئېلىدىكى مۇقامچىلىقنىڭ قايتىدىن راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان كىشى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بولدى.

## كارۇشاڭ ئاخۇنۇم

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت موللا بولۇپ، 1843 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قەشقەر بېگى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا، مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بولغان ئاكا ـ ھېلىم ـ سېلىم ۋە ئۇزاق ھاجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئون ئىككى مۇقام بىر قېتىم رەتلەنگەن ۋە



ئاتاقلىق مۇقام ئۇستىسى
كارۇشاك ئاخۇنۇم

ئۆگىتىلگەن ئىكەن . كارۇ-
شاك ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى ئە-
مەت موللا ھېلىم - سېلىملار-
نىڭ تۇغقىنى ھەم شاگىرتى
بولغان ، زوھۇردىن بەگ ئور-
دىسىدا ساز چالغان . ئەمەت
موللا ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى
مۇھەممەت موللىغا ئۆگەتكەن .
مۇھەممەت موللا 1883 - يىل-
لىرىدىن كېيىن ئىلىغا چىققان .
كارۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ
قانداق بولۇپ ئىلىغا چىقىپ
قالغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇ-
خىل قىياسلار بار . مۇھىمى ،
ئەينى چاغدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا ئىشانچىلىق
ئەسەبىيلىكى كۈچەيگەندىن باشلاپ خەلق نەغمىچىلىرى قاتتىق
دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققان ئىدى . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىك-
كى مۇقامىنى رەتلەشتەك ئۇلۇغ ئىشنى بەجا قىلغان يەكەن خاند-
انلىقى ئاخىرىغا كەلگەندە مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ قەشقەر ،
يەكەن پۇقرالىرىنى «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» دېگەن ئىككى
مەزھەپكە ئايرىۋېتىشى بىلەن بۇ يەرلەر بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ
جەڭگاھىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى ئەۋجىگە
چىقىپ خەلق نەغمىچىلىرى پاجىئەلىك تەقدىر - قىسمەتلەرگە يولۇ-
قۇشقا باشلىدى . ئاپاق خوجا مۇقامشۇناس مەشرەپنى قەشقەردىن ھەيدى-
دى . مەشرەپ قۇندۇزدا دارغا ئېسىلدى . ياقۇپبەگ زامانىسىدا

بائىز ساتارچى دىنىي گۇناھ بىلەن زىنداندا چىرىپ ئۆلدى .[1] » . ئىمام قۇربان ئىلى ھاجى خالىد ئوغلى دېگەن بىر ئاپتور ئۆزىنىڭ «تارىخ خەمىس شەرقى»[2] دېگەن ئەسىرىدە : «نادان خەلقلەر ئاپاق خوجىغا بولغان چوقۇنۇش ، ئېتىقادى بىلەن ، كېيىنكى چاغلاردا خوجا ئەۋلادلىرى كەلگەندىمۇ ‹ۋاي خوجاملار كەلدى ! › دەپ ئۇلار ئۇچۇن جەڭ قىلىشىپ بەرگەن . خوجىلار بولسا شەھەرلەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى مۇستەھكەملەپ ، قانۇن - تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش ئورنىغا ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ ، خەلقنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماي ، ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى ھېسابلاپ ، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقان» دەپ يېزىپ كېلىپ ، مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىدۇ :

«بىر كۈنى ، — دەپ يازىدۇ ئاپتور ، — خوجىلاردىن بىرى بىر كېچە زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ . زىياپەتكە كاتتىلار جەم بوپتۇ . دۇتار ، ساتار ، نەغمىچىلەرمۇ ھازىر بوپتۇ . زىياپەت داۋاملىشىپ يېرىم كېچىگە يېقىن بولغاندا ، ھېلىقى خوجا تۇيۇقسىز ‹جاللات ! › دەپ ۋارقىراپتۇ . شۇ ھامان بوسۇغىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان جاللاتتىن ئىككىسى ھازىر بوپتۇ . سورۇندىكىلەرنىڭ تامامۇ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ . شۇ چاغدا خوجام نەغمىچىلەرنىڭ بىرىنى شەرەت قىلغان ئىكەن ، جاللاتلار ئۇنى دەرھال سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ، سويۇپ تاشلاپتۇ . ھېچكىم ‹بۇ بىچارىنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى ؟ › دەپ سوراشقا پېتىنالماي ، بەزمىنى يەنە داۋام-

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 260 - بەت .

② «تارىخ خەمىس شەرقى» — شەرقنىڭ بەش تارىخى . بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەقە بۇ ئەسەرنىڭ I - توم ، «پەرغانە خانلىرى ھەققىدە» دېگەن قىسمىدىن ئېلىندى .

لاشتۇرۇۋېرىپتۇ . نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىرلەردىن بىرى خوجامدىن : «ھېلىقى نەغمىچى نىمە كەمچىلىك بىلەن ئۆ-لۈمگە لايىق بولدى ؟ » دەپ سورىغاندا خوجام : «ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى » دېگەن ئىكەن . »

بەزىلەر يۇقىرىدىكى ۋەقەنى «ئەسلىدە بۇ ۋەقە ياقۇپبەگ زامانىسىدا بولغان ئىكەن . ھېلىقى نەغمىچىنى بىگۇناھ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ياقۇپبەگ بولۇپ ، شۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئارىسىدا مۇھەممەت موللىمۇ بار ئىكەن . بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇھەممەت موللا ئەتىسىلا «سازچىنىڭ قەدرى مۇشۇنچىلىك بولسا ! ؟ » دەپ ، پېشىنى قېقىپلا قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن . » دەپ چۈشەندۈرىدۇ . ئىشقىلىپ ، مۇ-ھەممەت موللىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن قاتتىق بىر رەنجىش بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق . ئۇ ئىلىدا قىرىق يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىنى ئاددىي خەلق ئارىسىدا نەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئىلى خەلقىنىڭ كاتتا ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن .

مۇھەممەت موللىغا نىمە ئۈچۈن «كارۇشاڭ» دېگەن لەقەم-نىڭ سىڭىپ قالغانلىقىنى كىشىلەر ئۇنىڭ كاۋاپقا ئامراقلىقى بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلىشىدۇ . ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بۇ ھەقتە : «كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەن چاغلاردا مەن تېخى ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدىم . ئۇ كىشى بىلەن بىر سورۇندا بولۇش ماڭا نىسىپ بولمىغان . كېيىنكى چاغلاردا پېشقەدەملەر-دىن مەمتىمىنئاخۇن نۇراجى ، ھاسان تەمبۇر ، بارات تەمبۇر ، مەسۇم توقۇم ، نادىركام غىجەك ، قەرەنكام ، ئاق تېيىپھاجى ، رۇشىدىن ئاكا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندا ، ئۇلارنىڭ

كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى كۆپ ئاڭلايتتىم . كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرى بويتاقچىلىقتا ئۆتكەچ-كە ، ئۇچ ۋاخ تامىقىنى بازاردىن يەيدىكەن ، كاۋاپقا ناھايىتى ئامراقكەن . باشقىلار : ‹ئاخۇنۇم ، سىلى كاۋاپلا يەيدىكەنلا ؟ › دەپ ھەيران بولۇپ سورىسا ، ‹ھە ، كارۋشاڭ ! ›[1] دەپ جاۋاب بېرەتتىكەن . ئىلىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز بولغاچقا ، مۇھەممەت موللىغىمۇ ‹كارۋشاڭ › دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغاند-كەن » دەپ ئەسلەيدۇ .

پېشقەدەم ئەدىب ماناپ قادىر بۇ توغرىدا ئىلىنىڭ كۆپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئاقساقاللىرىدىن بولغان مەخسۇت ھاجىم ، ئابلە-مىت مەخسۇملاردىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

«ئىلىنىڭ شۇ زامانلاردا بىر شەنگىنى بولغان ئىكەن . بۇ ئادەم غىجەك چېلىشقا ناھايىتى خۇشتار ئىكەن . ئەمما ، غىجەكنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ چالالمايدىكەن . ئىچى پۇشقان بۇ شەنگەن بىر كۈنى يەنە ھېلىقى غىجىكىنى غىڭشىتىپ ، تۇزۇك بىر پەدىگە كەلتۈرەلمەي ئولتۇرسا تۇڭچىسى[2] كىرىپ قاپتۇ . ئۇ شەنگەننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ :

— پالانى يەردە بىر مويسىپىت كىشى بار ، ئۇ مۇشۇنداق غىجەكنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ چېلىۋېتىدۇ ، — دەپتۇ .

شەنگەن بىر ئۇيغۇرنى غىجەكنى قالتىس چالالايدۇ ، دېگەن گەپكە ئىشەنمەپتۇ .

— شۇ كىشىنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل !— دەپ بۇيرۇپتۇ .

---

① كارۋشاڭ — خەنزۇچە «كاۋرۇشياڭ» (كاۋاپ مەززىلىك ) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى .

② تۇڭچى — تەرجىمان .

تۇڭچى يامۇلنىڭ مەپىسىنى ئېلىپ ، ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ ـ سوراپ ساز چېلىپ ئولتۇرغان بىر سورۇندىن تېپىپ كەپتۇ . شۇ چاغدا ئاخۇنۇم ھېلىقى شەنگەننىڭ غىجىكىنى ئاجايىپ ئاھاڭلارغا كەلتۈرۈپ چېلىپ ، شەنگەننى تاڭ قالدۇرغانىكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ شەنگەن ئاخۇنۇمنى پات ـ پات مېھمانغا چاقىرىپ ، غىجەك چالدۇرۇپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ . ھەر قېتىم شەنگەن :

— ئاقساقال ، سىز شۇ نېمە تاماق يەيدۇ ؟ — دەپ سورىسا ، ئاخۇنۇم كاۋاپقا ئامراق بولغاچقا كاۋاپلا بۇيرۇيدىكەن . شەنگەنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ : «دۇي ، دۇي ، كاۋرۇشياڭ[1] » ، دەيدىكەن .

«كاۋرۇشياڭ » دېگەن سۆزنى ئاخۇنۇم «كاۋاپ » دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ ، كېيىنكى قېتىم كەلگەن چاغلىرىدا :

— نېمە تاماق يەيسىز ؟ — دەپ سورىسا ،

— كاۋرۇشاڭ !— دەيدىغانلا بوپتۇ .

كېيىنكى چاغلاردا شەنگەن ئاخۇنۇمنى چاقىرتماقچى بولسا مۇھەممەت موللا دېگەن ئىسمىگە تىلى كەلمىگەچكە ، تۇڭچىسىغا دائىم :

— ھېلىقى كاۋرۇشياڭ دەيدىغان ئادەمنى چاقىرىپ كەل !— دەيدىكەن .

شۇنداق قىلىپ ، ئاخۇنۇمغا «كارۇشاڭ » دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن . . . »

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاتاقلىق سازەندە مەرھۇم ھېزىم موللا بىننى باقى ئوغلى كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئەسلەپ يازغان بىر خاتىرىسىدە ئاخۇنۇمنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

---

[1] توغرا ، كاۋاپنىڭ پەيزى بار ، دېگەن مەنىدە .

«ئەسلىشىمچە، — دەپ يازىدۇ ھېزىم موللا ئاكا، —
كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، ئاغزى يوغان-
راق، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى. ئۈچىسىغا قەشقەرچە
پېرىجە، ئۇزۇن ئاق يەكتەك، ئايىغىغا كەشە كىيىپ يۈرەتتى.»①

كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرىگە تولۇق
چالغۇچى ئىدى. ماتېرىياللاردا: «كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئىلىدا ئاسا-
سەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ئو-
مۇملاشتۇرغان.» دەپ يېزىلغان. شۇنداقكەن، كارۋشاڭ ئاخۇنۇم
ئىلىدا قىرىق يىل تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقامنىڭ
چوڭ نەغمىلىرىنى ئومۇملاشتۇرالمىدى؟

كارۋشاڭ ئاخۇنۇمدەك تولغان مۇقام ئۇستىسىنىڭ ئۆز شا-
گىرتلىرىغا ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىنى تاشلاپ
قويۇپ، داستان، مەشرەپ قىسمىنىلا تارقىتىشتەك خاتالىقنى
ئۆتكۈزۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. گەپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرى-
نىڭ قوبۇل قىلالمىغىنىدا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كارۋشاڭ ئاخۇ-
نۇمدىن مۇقام ئۆگەنگەن ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامى ئاكا
قاتارلىق كىشىلەر ئىلىنىڭ يەرلىك ناخشا - مۇزىكىلىرىغىمۇ
پۇختا چالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىدا بۇرۇندىن قېلىپلىشىپ
قالغان ئەنئەنىۋى ساز چېلىش ئادىتىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى.
بۇ كىشىلەر كارۋشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەش-
تۇرگەندە مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرىگە ئانچە قىزىقماي، يەنىلا
داستان، مەشرەپ قىسىملىرىدىكى ئۆزى بىلمىگەن ياكى چالا
بىلگەن، ئۇنتۇلغان ئاھاڭلارنى ئۆگىنىپ، تولۇقلاپ ماڭغان.

① «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 2 - سان.

ھېزىم موللا ئاكا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسلىمىسىدە يەنە : «كارۋ-
شاڭ ئاخۇنۇم ، ئىلىنىڭ خەلقى ناخشا ـ سازنى تولىمۇ ياخشى
كۆرىدىكەن ، چوڭ نەغمىلەر بىلەن كارى يوقكەن ، دەپ رەنجىگەن
ئىدى .» دەپ يازىدۇ .
ئون ئىككى مۇقام ناھايىتىمۇ چوڭ بىر مۇزىكا قامۇسى
بولۇپ ، تارىختا بۇنى تولۇق ئۆگەنمەكچى بولغانلارنىڭ كۆپىنچى-
سى بالا ۋاقتىدىن شاگىرتلىققا كىرەتتى ياكى بۇ ھۇنەر ئاتىدىن
بالىغا مىراس قالاتتى . ئىلى ، يەتتىسۇ تەۋەسىدە بولسا مۇنداق
ئەنئەنە كەم ئىدى . كارۋشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئىلىدا مۇقام ئۆگەنگەن-
لەر مەخسۇس شاگىرتلار بولماي ، ھەر قايسىسىنىڭ بازاردا ئۆز
ئالدىغا ئىش ـ ئوقىتى بار خەلق سازەندىلىرى ئىدى . ئەڭ مۇھىم-
مى ، ئىلىدىكى ساز تىڭشىغۇچىلارمۇ مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېي-
ىىن داستان بىلەن مەشرەپنىلا ئورۇندايدىغان ئىلىدا ئىلگىرىدىن
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا ئەنئەنىگە ئۆگىنىپ قېلىشقان ئى-
دى . تېخى خەلق ئارىسىدا مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن خەلق
ناخشىلىرىنى ئۇلاپ ئېيتىدىغان شەكىل كۆپرەك تارقالغان بو-
لۇپ ، خەلق مۇنداق سازەندىلەرنىمۇ «مۇقامچىلار» دەۋېرەتتى .
ماتېرىياللاردىن بىزگە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن
يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن موللاگايىت ، پەخەم قاتارلىق
سازەندىلەرنىڭ ئۇ يەرگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تارقاتقانلىقى مەلۇم .
بۇ چالغۇچىلارنىڭ چېلىش ئۇسۇلىمۇ مۇقام مۇقەددىمىسى ، داس-
تان ، مەشرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ
ئىلى ۋارىيانتى شەكلىدە بولسا كېرەك . تارىختا ئىلى ئۇيغۇرلىرى
بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ مەدەنىيەت ياراتقان يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى

ئارىسىدىمۇ چوڭ نەغمە ئومۇملاشمىغان . كېيىن ، كارۇشاڭ ئا-
خۇنۇم بىلەن بىللە ئىلىغا چىقىپ ، يەتتىسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەت-
كەن ئاخۇن بالا دېگەن سازەندە يەتتىسۇ دائىرىسىدە مۇقامچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، ئۇمۇ ئوخشاشلا چوڭ نەغمىلەرنى
ئومۇملاشتۇرالمىغان . ئاتا - بوۋىلىرى كەسپىي سازەندە بولۇپ
ئۆتكەن ئاتۇشلۇق يەنە بىر مۇقام ئۇستىسى موللا ئابلا (ئابلا
دۇمباق ) ئىلىغا چىقىپ ، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىر دەۋردە
سۈيدۈڭدە تۇرۇپ ، بۇ كىشىمۇ سۈيدۈڭدىكى يەرلىك چالغۇچىلار
ئارىسىدا چوڭ نەغمىلەرنى ئومۇملاشتۇرالمىغان . بۇ ئەھۋاللار
بىزگە ئون ئىككى مۇقامنى باشقىچە بىر نۇسخىدا ئورۇنلاش
ئىشىنىڭ ئىلىدا كارۇشاڭ ئاخۇنۇم دەۋرىدىن ئىلگىرىلا شەكىللە-
نىپ ، ئادەتتىكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

گەرچە كېيىنكى چاغلاردا روزى تەمبۇر ، ھۇسىيىن تەمبۇر
قاتارلىق ئادەت كۆچىنىڭ تەسىرىگە ئانچە چىرمىلىپ قالمىغان
ياش چالغۇچىلار كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ بارلىق ھۈنەرلىرىنى تو-
لۇق ئىگىلىۋېلىشقا ئۈتتەك قىزىققان بولسىمۇ ، بۇ چاغدا كارۇ-
شاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ، بۇ ياش تالانت ئىگىلىرى-
نىڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولغانلى-
قى سەۋەبىدىن چوڭ نەغمىلەرنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۇلارمۇ
ئورۇندىيالمىدى . ھازىر بىز «ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى
مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» دەپ نام بەرگەن مۇقام مۇقەددىمى-
سى ، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئىلى مۇقامى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياكى بىرەر شەخس-
نىڭ تۈيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى بىلەن بىردەملىك شەكىللەن-

گەن نەرسە بولماستىن، ئۇ ئىلى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىدىكى ئۇزاق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن كارۇشاڭ ئاخۇنۇم قاتارلىق مۇقام ئۇستىلىرىنىڭ ئىلى مۇقامچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ دەپ تەرىپلەشكە تاماـ مەن ھەقلىق مۇزىكا ئۇستازى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە «كۆچ ـ كۆچ» قالايمىقانچىلىقىدا ئۇنتۇلغان نۇرـ غۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ ئېسىگە سالدى، چۇشۇپ قالغانلىرىنى تولۇقلىدى، خاتا چېلىنىپ كەلگەنلىرىنى بولسا تۈزىتىپ، ئىلىدىكى مۇقامچىلىقنى يېڭى بىر پەللىگە كۆـ تۈردى، ئاۋامنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى قايتا ئويغاتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ زات ئىلى خەلقى ۋە چالغۇچىلىرىنىڭ بىر دەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

كارۇشاڭ ئاخۇنۇم 1923 ـ يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇتقان ساتارى ھاكىمبەگ غوجا[①]ئوردىسىدا ساقلانغانىكەن. غۇلجىدا 1934 ـ يىلى سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندا، بۇ يېڭى تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمىكىگە ئوردىدىن گىلەم، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر سوۋغا قىلىنغان، شۇ قاتاردا كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ تەۋەرۇك ساتارىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىكەن. كېيىن بۇ ساتارـ نىڭ كىملەرنىڭ قولىدا قالغانلىقى نامەلۇم.

---

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھاكىمبەگ غوجا — ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى غىياسىدىن ھېكىمنى كۆرسىتىدۇ. غىياسىدىن ھېكىمنىڭ ئەسلىي ئىسمى جاھانگىر غوجا بولۇپ، ئۇ 1871 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، 1957 ـ يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## 5

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇقام ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەردىن يەنە موللا ئابلا، ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامى ئاكىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

## موللا ئابلا

موللا ئابلا (ئابلا دۇمباق) تەخمىنەن 1850 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر سەمەندە تۇغۇلغان. كېيىن ئاتۇشنىڭ تىتى دېگەن يېرىدە تۇرغان. 1884 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىلىغا چىقىپ، سۇيدۇڭدە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن. موللا ئابلا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يەتتە ئەۋلادتىن بېرى سازەندىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتىكەن.

سۇيدۇڭ ئەينى يىللاردا پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان چوڭ كورەنىڭ يېنىغا جايلاشقانلىقى ۋە روسىيە — ئۈرۈمچى — ئىلى چوڭ يولىنىڭ ئۈستىدىكى ناھىيە بازىرى بولغانلىقتىن ناھايىتىمۇ ئاۋات ئىدى. قاتار كەتكەن سودا دۇكانلىرى، دەڭ ـ سارايلار، نەشە، قىمار مەيدانلىرى، داڭلىق ئاشپۇزۇل، ئاۋات چايخانىلار بار ئىدى. روسىيىگە ماڭغان سودا كارۋانلىرى، چوڭ كورەگە

ئاش توشۇۋاتقان هارۋىكەشلەر بۇ يەردە توختىماي ئۆتمەيتتى . جۇملىدىن ، سۇيدۇڭگە هەر جايدىن كەلگەن نۇرغۇن سازەندىلەرمۇ يىغىلغان ئىدى . موللا ئابلا مۇقام ئاهاڭلىرىنى پىششىق بىلىشى ، ساتار ، دۇتار قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىشتىكى ماهارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا تېزلا داڭق چىقارغان .

موللا ئابلانىڭ كۈيئوغلى باۋۇدۇن خوجايوف ئاكىنىڭ ① ئەسلىشىچە ، موللا ئابلا كۆپرەك نادىر غىجەك ، ئىمىن تورغاي ، ئابلا جۇمە ، يۇسۇپ ئاخۇن دۇتارچى قاتارلىق سازەندىلەر بىلەن بىللە ساز چالاتتىكەن . ئۇ مۇقاملارنى ئېيتىپ ، داستانلىرىغا كەلگەندە خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى سۆزلەپ تۇرۇپ نەغمە قىلاتتىكەن .

ئەينى يىللاردا سۇيدۇڭدە تۇرغان روزى تەمبۇر موللا ئابلادىن ساز ئۆگەنگەن . موللا ئابلا سۇيدۇڭدە يەنە سۇلايمان چاڭچى ، ئابدۇراخمان دۇتار قاتارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۇرۇپ چىققان . ئابدۇراخمان دۇتاردىن ساۋۇت ساتىراش ، توختى چوقپارلار ساز ئۆگەنگەن . موللا ئابلا 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سۇيدۇڭدە ۋاپات بولغان .

---

① باۋۇدۇن خوجايوف داڭلىق ئەلنەغمىچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ، سۇيدۇڭنىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت تارىخىنى پۇختا بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى . ئۇ سۇيدۇڭدە سانائىنەپىسە قۇرۇلغـاندا ئاكتىپ قاتنىشىپ ، «كەمبەغەللــەر زارى» ، «ئۆگەي ئانا» ، «ئىچكولۇك نەتىجىسى» ، «زالىم دوتەي» قاتارلىق سەهنە ئەسەرلىرىنى يازغان . باۋۇدۇن ئاكا 1993 ـ يىلى سۇيدۇڭدە 93 يېشىدا ۋاپات بولدى .

# بارات تەمبۇر

بارات تەمبۇر تەخمىنەن 1875 ـ يىللىرى قەشقەر قوغاندا تۇغۇلغان . بالا ۋاقتىدا دادىسى تۆمۈر ئاخۇن ئۇنى ئىلىغا ئېلىپ چىققان ، دەسلەپتە بىر ياغاچچى ئۇستىغا شاگىرت بەرگەن . بارات ئاخۇننىڭ بۇ ئۇستىسى دۇتار ـ تەمبۇرلارنى رېمونت قىلىدىغان ھەم ئۆزىمۇ دۇتار چالىدىغان ئادەم ئىدى . بارات ئاخۇن بۇ ئۇستىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگەنگەن . تۆمۈر ئاخۇن ئۆز ئوغلىدىكى سازغا بولغان ئىشتىياقنى بايقاپ ، بارات ئاخۇننى كارۇشاڭ ئاخۇنغا شاگىرتلىققا بەرگەن . بارات ئاخۇن كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ، دۇتار ، تەمبۇر ، ساتار ، قالۇن ، غىجەك ، داپ قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن .

بارات تەمبۇر 1942 ـ يىللىرى ئەتراپىدا غۇلجا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىن قورۇ ـ جاي ئېلىپ ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانىكەن . بىر مەزگىل موزدۇزلۇق قىلىپ ، كېيىن بازار ئىچىدە ۋاپۇرۇشلۇق دۇكان ئاچقان . بارات تەمبۇر چىقىشقاق ئادەم بولۇپ ، سەھرالاردىنمۇ كۆپ يارۇ ـ بۇرادەرلەرنى تۇتقان ، تۇرپانيۇزى يېزىسىدا ئازراق يەر ـ سۇمۇ قىلغان ئىكەن . ھەر يازدا ئۇ يەرلەرگە چىقىپ ، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇرۇش ، مەشرەپلەردە بىللە بولۇپ ، ساز چېلىپ بېرەتتىكەن . شۇڭا ، ئەينى يىللاردا تۇرپانيۇزى ئەتراپىدىكى ياشانغان كىشىلەر بارات تەمبۇرنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتىكەن .

غۇلجىدىكى ئىناۋەتلىك ساز ئۇستىسى ھاسان تەمبۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بارات ئاخۇن كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن يېگىرمە يىلچە بىللە بولۇپ، خەلق ئىچىدە «بارات تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن تونۇلغانىكەن.

بارات تەمبۇر 1949 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئۇستاز جامى ئاكا



داڭلىق مۇزىكا ئۇستىسى
جامى ئاكا

جامى زاكىر ئوغلى غۇلجىدىكى داڭلىق ساز پىشۋالىرىنىڭ بىرى . مەرھۇم ھېزىم موللا جامى ئاكىنىڭ كۆرۈنۈشىنى «جامىكام قارا كۆز ، ئۆزىگە ياراشقان شالاڭ ساقاللىق ، ئوچۇق چىراي ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ئادەم ئىدى .» دەپ سۈرەتلەيدۇ .

جامىلار ئائىلىسىنى ھەقىقىي سەنئەتكار ئائىلىسى دېيىشكە بولىدۇ . جامى ئاكىنىڭ بوۋىسى شاكىر ئاخۇن تەخمىنەن 1820 ـ يىللىرى خوتەن قاراقاشتا تۇغۇلغان . ئۇ كىشى ئۆز زامانىسىدا ساتار ، غىجەك ، دۇتار ، تەمبۇرگە ئوخشاش مۇزىكىلارغا ماھىرلىقى بىلەن خەلققە تونۇلغان ئىكەن . شاكىر ئاخۇن ئۆز كەسپىنى ئوغلى زاكىرغا ئۆگىتىپ ، 1903 ـ يىلى 83 يېشىدا ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن .

جامى ئاكىنىڭ دادىسى زاكىر ئاخۇن 1845 ـ يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان . دادىسىدىن ساز ئۆگىنىپ ، ياش ۋاقتىدىلا ئەل ئىچىدە تونۇلغان ۋە مۇزىكا چېلىشنى چوڭ قىزى ئىسمىساخان ،




پېشقەدەم نەغمىچى
شاكىر ئاخۇن

ئوغلى جامى ئاخۇن ، كىچىك قىزى دا ناخان ، كىچىك ئوغلى ئۆمەر ئاخۇنلارغا ئۆگىتىپ ، 1926 - يىلى ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن .

جامى ئاكىنىڭ ھەدىسى ئىسمىساخان 1873 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان . دادىسىدىن دۇتار چېلىشنى پىششىق ئۆگىنىپ ، ئۆز زامانىسىدا ئاياللار ئىچىدە داڭق چىقارغان . ئىسمىساخان 1955 - يىلى 82 يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

جامى ئاكا 1876 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان . دادىسىدىن ئىشتىياق بىلەن ساز ئۆگىنىپ ، ئەل ئىچىدە ئۆز ماھارىتى بىلەن تېزلا تونۇلغان . ئۇ 1921 - يىلى ئىلىغا كەلگەن . پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، جامىكام سەككىز مۇقامنى داستان ، مەرغۇللىرى بىلەن بىلەتتىكەن . ئۇ ئىلىغا كەلگەندە كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن يەنە چالا يەرلىرىنى ئۆگىنىپ تولۇقلىغان . جامىكام تولىراق مەسۇم توقۇم ، مۇسا پاكا ، نىيازكام قاتارلىق ناخشا - سازچىلار بىلەن بىللە ساز چالاتتىكەن . ئۇ بىر مەزگىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىن ئۆگىنىپ كەلگەن «باياز» ، «بايات» ، «مىسكىن» ، «رەجەبى» ، «ئەشۋاي» ، «كورت» ، «سوۋتى» ،

«مەرۋىي گۈلىستانى» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى چېلىپ ، غۇلجىدىكى توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپ سورۇنلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىكەن .



چالغۇچى ئابدۇراخمان جامى

كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، جامى ئاكا ھاسان تەمبۇر ، بارات تەمبۇر قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن بىللە ئىلىدىكى ياشلارنىڭ مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ قالدى . بۇ ھەقتە مەرھۇم ھېزىم موللا ئاكا : «1930 ـ يىللىرى سۇ دەرۋازىدىكى بالىلارنىڭ مەشرەپلىرىدە بولغان چاغلىرىم دەل روزى تەمبۇرنىڭ بەزى مەرغۇللارنى جامىكامدىن ئۆگىنىپ تولۇقلاۋاتقان ۋاقتى ئىكەن . روزى تەمبۇرنىڭ پۇرسەت تاپسىلا جامىكامدىن بەزى نەرسىلەرنى سوراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم . مەنمۇ دۇتارغا قول ئۇرۇش قائىدىلىرىنى جامىكامدىن ئۆگەندىم . »① دەپ يازىدۇ . جامى ئاكا 1959 ـ يىلى 83 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولدى .

جامى ئاكىنىڭ سىڭلىسى داناخان 1881 ـ يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان . ئۇمۇ ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىدا دۇتار چېلىش بىلەن

---

① «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ، 1982 ـ يىل 2 ـ سان .

داڭق چىقىرىپ ، 1946 ـ يىلى 65 يېشىدا ياركەنتتە ۋاپات بولغان .

جامى ئاكىنىڭ ئىنىسى ئۆمەرجان 1884 ـ يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان . ئەل ئىچىدە چاقچاقچىلىقى ، دۇتارغا ئۇستىلىقى بىلەن تونۇلۇپ 1928 ـ يىلى 44 يېشىدا ۋاپات بولغان .

جامى ئاكىنىڭ ئايالى مەريەمخانمۇ ئۇستا دۇتارچى ئىدى . مانا مۇشۇنداق سەنئەت مۇھىتىدا ساز ئۆگىنىپ چوڭ بولغان جامى ئاكىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھۇسەنجان جامى ، ئابدۇراخمان جامىلار كېيىنكى چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى غوللۇق چالغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىلدى .

## 6

ئىلى ئەزەلدىن ئاشلىق ، چارۋامال ، تېرە ـ يۇڭ قاتارلىق خام ئەشيالىرىنىڭ مول‌لىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى . لېكىن ، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن ، بۇ خام ئەشيالار ئىنتايىن ئەرزان باھادا چەت ئەلگە ئېقىپ چىقىپ كېتەتتى . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بىرقەدەر يىراقنى كۆرەر سودا ـ سانائەتچىلەر ئىلىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى . مۇسابايوپلار ئائىلىسى گېرمانىيەدىن بىر يۇرۇش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ ، ئىلىدا تۇنجى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇردى . شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەخسلەرنىڭ كۆن ـ خۇرۇم ، شاۋرۇن ئىشلەش تېخنىكىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆستى . موزدۇزلۇق كەسپى

تەرەققىي قىلىپ، ئىلى ئاياغ كىيىم، كۆن - خۇرۇملىرىنىڭ داڭقى يىراقلارغىچە كەتتى. سودا - سېتىقنىڭ تەرەققىياتى سۈيدۈڭ ۋە غۇلجا شەھەرلىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. قورغاس ئېغىزىدىكى جۇڭگو - روسىيە سودىسىمۇ بۇ ئاۋاتچىلىقنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئىدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ساراي - دەڭلىرىگە ھەر كۈنى يۈزلەپ سودىگەرلەر، يۈك باسقان ھارۋىلار، تۆگە كارۋانلىرى ۋە ئېشەكچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بولدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە جاي - جايلاردىن كاتتا سودىگەرلەر، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر، ياقا - يۇرت ۋە يېزىلاردىن ئىشلەمچىلەر كېلىپ توپلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ خەلق ناخشىچىلىرى، ئۇستا ئەلنەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى. بازار رەستىلىرى ھەر كۈنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن ئىغىر گۇرۇلدەيتتى. كەچكە يېقىن ھارغان، بوشاشقان ئادەملەر ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا قاراپ ئاقاتتى. ئۇ كەملەردە قىمارخانا، نەشە تارتىدىغان مەيدانخانىلار ئۇچۇق تىجارەت قىلاتتى. تېرەكمازارنىڭ ئالدىدىكى سۇ بويىغا جايلاشقان مەيدانخانا ئەڭ كونا مەيدانخانىلاردىن ھېسابلىناتتى. تاقىچىلىق مەھەللىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا «ئىلەك پوچۇقنىڭ مەيدانخانىسى» دەيدىغان بىر چوڭ مەيدانخانا ئېچىلغانىدى. قاردۈڭ ئاقسۇ مەسچىتى يېنىدىكى ئاشىق ئاتام دېگەن كىشى ئاچقان مەيدانخانا شەھەر بويىچە ئەڭ ئاۋات مەيدانخانىلاردىن ئىدى. ھەربىر مەيدانخانىنىڭ ئۆزىنىڭ نەغمىچىلىرى بولاتتى. بەزىدە بۇ يەرگە كارۋشاڭ ئاخۇنۇمغا ئوخشاش كاتتا سازەندىلەرنىڭمۇ ئايىغى

يېتىپ قالاتتى . ئېغىر ئەمگەكتىن ھالسىرىغان ، ئىچى سىقىلغان
ئادەملەر بۇ يەرگە ساز تىڭشاپ ، تاماكا تارتىپ ، دۇنيانىڭ غەم ـ
غۇسسىسىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولۇش ئۈچۈن يىغىلىشاتـ
تى . مەيدانخانىغا كىرگەن ھەربىر ئادەم ئالدى بىلەن پەتنۇسقا
بىر چەينەك چاي بىلەن بىر سېلىم تاماكىنىڭ پۇلىنى قويۇپ
قوياتتى ، سازەندىلەرگە ئاتىغىنى بولسا ئۇنى يەنە ئايرىم قىلاتتى .
ئىلى دەرياسى سەيلىسى ، قارىياغاچ مازار سەيلىسى ، قۇم ئارشاڭ
سەيلىلىرىمۇ بىر مەزگىل تازا ئەۋج ئالغانىدى . بۇ سەيلىلەرنىڭمۇ
ھەممىسى ناخشا ـ مۇزىكىسىز ئۆتمەيتتى . بۇ سورۇنلاردا مۇقام
ئاھاڭلىرى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئورۇنلىناتتى . شۇ زاـ
مانلاردا قازانچىلىق ناخشىچى ۋە دۇتارچى رۇشىدىنكام ، تاشكۆۋـ
رۈكلۈك ناخشىچى ئابدۇرېھىم تامچى ، داۋۇت توكۇر ، ئۆمەر
چۆگۈن ، دۇتارچى سونىمكام ، ياركەنتتىن ئۆتكەن ئاتاقلىق ناخـ
شىچى مەشرىۋاخۇن ، نەمەنگەنلىك دۇتارچى غازى كور ، پەرغانىـ
لىق سەلەي تاغام قاتارلىق كىشىلەر ناخشا ـ ساز بىلەن تونۇلغاـ
نىدى . يەنە ھەرقايسى يېزىلارنىڭمۇ ئۆز سازەندىلىرى بار ئىدى .
بۇلارنىڭ ئىچىدە پەنجىملىك ئىسمايىل دۇتار ، ئويمانبايتوقايلىق
ۋىلەم دۇتار ، سۇيدۇڭدە سۇلايمان چاڭ ، ئابدۇراخمان دۇتارلار
داڭلىق ئىدى .

ھېزىم موللا ئاكا ۋىلەم دۇتارچى توغرىسىدا ئەسلەپ : «كىـ
چىك ۋاقتىمدا يالغۇز ياغاچ يېزىسىدىكى چوڭ دادىمىز بىزنى
خەتنە تويغا تەكلىپ قىلغانىكەن ، ئائىلە بويىچە ھەممىمىز چىقـ
تۇق . تويغا ئويمانبايتوقايدىكى ۋىلەم دۇتارچىمۇ تەكلىپ قىلىـ
نىپتىكەن . كېچىسى بولغان ئولتۇرۇشتا ۋىلەم دۇتارچى شاگىرتـ

لىرى بىلەن بەزمە قىلىپ بەردى . بەزمە باھاسىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى . كۆپىنچە كىشىلەر تەسىرلەنگىنىدىن كۆز يېشى قىلىشتى . شۇ كۈنكى ۋىلەم دۇتارچىنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى بىلەن چالغان سازلىرى مېنىڭدە مۇزىكا ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى قوزغىغانىدى » دەيدۇ .

شۇ ئولتۇرۇشتا بىرەيلەن ۋىلەم دۇتارچىدىن : «ئاڭلىساق ‹ئامانەي ئامان › دېگەن بىر ناخشا چىقىپتۇ دەيدۇ ، مۇمكىن بولسا شۇ ناخشىنى بىر ئاڭلىساق » دەپ ئۆتۈنگەندە ، ۋىلەم دۇتارچى دۇتارنى قولىغا ئېلىپ «ئامانەي ئامان » ناخشىسىنى قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ بولۇپ ، «بۇ ناخشا ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا بىر چىققان ئىدى ، يەنە چىقىپتۇ . كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ناخشا ھەرقېتىم ئەلدە ئامانچىلىق بولغاندا بىر پەيدا بولىدىكەن » دەپتىكەن .

ئۇكەملەردە ئىلىدا قىشتا قار ناھايىتى قېلىن چۈشۈپ ، قاتتىق سوغۇق بولاتتى . ئۇزاق قىش كېچىلىرىنى ئۆي ـ ئۆيلەردە مەشرەپ ئويناپ ئۆتكۈزۈش ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى .

خەلق مەشرەپلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ناھايىتى يىراقتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . تارىخىي پاكىتلار بىزگە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماستىن ئىلگىرىلا تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .

مەشرەپ — ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە ھەرخىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ، تۇرمۇش قاراشلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى . مەشرەپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ تۈزۈملىرى بولۇپ ، ئۇ قاتناشقۇ-

چىلاردا ئىنتىزامچانلىق ، كوللېكتىۋىزىملىق روھنى يېتىلدۈرىدۇ . مەشرەپلەردىكى «ئوتتۇز ئوغۇل» ھەربىر ئورۇن ، ھەربىر قاتلامدىكى كىشىلەردىن ئىختىيارى تەشكىللەنگەن جامائەت بولۇپ ، ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ، توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ئوخشاش ئىشلارنى قولمۇقول ئۇزۇتۇش ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت ئىش قىلغانلارنى جازالاشقا ئوخشاش ئىشلارنى بېجىرىپ ئادەملەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ، جامائەتچىلىك قارىشىنى كۈچەيتىدۇ ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ، كىشىلەردە گۈزەللىككە ، ياخشىلىققا بولغان تەلپۈنۈشنى ئويغىتىدۇ ، ياشلارغا ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدۇ . كىشىلەر قائىدە - يۇسۇننى بىلمەيدىغان گىرىلەرگە «مەشرەپ كۆرمىگەن نېمىكەنسەن !» دەپ تەنبىھ بېرىدۇ . شۇڭا ، خەلق ئارىسىدا «بالاڭنى مەكتەپكە بەر ، بولمىسا مەشرەپكە» دېگەن ماقال تارقالغان .

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىلى مەشرىپى ئىلىدىكى ھەرخىل سەيلە - ساياھەت ، تۇرلۇك مۇراسىم ، خەلق ئىچىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ۋە ناخشا - مۇزىكا سورۇنلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن . مەشرەپكە قاتناشقانلارنىڭ ياش - قۇرامىغا بېقىپ «چوڭلار مەشرىپى» ، «ياشلار مەشرىپى» دېگەندەك خىللارغا بۆلۈنىدۇ . ئىلىدا ئەر - ئايال بىرلىكتە مەشرەپ ئويناش ئادىتى بولمىغاچقا ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنى «ئوتتۇز ئوغۇل ، توققۇز قىز» دەپ ئاتىماستىن «ئوتتۇز ئوغۇل»لا دەيدۇ . ئىلى مەشرەپلىرىدە مەشرەپنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى ۋە يېتەكچىسى بولغان يىگىت بېشى ، مەشرەپتىكى

دەۋا ئىشلىرىنى سوراپ بىر تەرەپ قىلىدىغان قازىبېگى ، مەشرەپ-
نىڭ بارلىق ئىقتىساد مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ ، سورۇن
داستىخىنىنى هازىر قىلىدىغان كۆلبېگى ، مەشرەپنىڭ كۆڭۈل
ئېچىش ئويۇنلىرىنى تەييارلاپ ، ناخشا - مۇزىكىچىلارنى ئورۇنلا-
شتۇرۇشقا مەسئۇل دارىگەيبېگى ، مەشرەپ ئىنتىزامىنى باشقۇرى-
دىغان پاششاپ دېگەندەك كۆپچىلىك تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن خا-
دىملىرى بولىدۇ .



خەلق قىزىقچىسى باۋخان كور

مەشرەپتىكى ئەڭ مۇهىم
پائالىيەت ناخشا - مۇزىكا ئاڭ-
لاپ هوزۇرلىنىش بولۇپ ،
سازەندىلەر هەربىر يۇرۇش
ناخشا - مۇزىكىنى ئاخىرلاش-
تۇرۇپ دەم ئالغان ئارىلىقلاردا
كۇلكە - چاقچاق ياكى مەش-
رەپنىڭ باشقا ئويۇنلىرى ئو-
رۇنلاشتۇرۇلىدۇ . چاقچاقچى-
لىق ئىلىدا ئىنتايىن تەرەققىي
قىلغان بولۇپ ، ئىلگىرى زا-
هىت ئاقساقال ، ئىبراهىم
توشقان ، هاجى خەلپىتىم دې-
گەن كىشىلەرنىڭ چاقچاق ۋە هەرخىل قىزىقچىلىقلىرى بىلەن
داڭ چىقارغانلىقى مەلۇم . كېيىنكى يىللاردا باۋخان كور دېگەن
ئادەم هېكىمبەگ غوجاملارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىنى چاقچاق بىلەن
قىزىتىپ شۆهرەت تاپقاندى··· ئىلى مەشرەپلىرىدە يەنە تۆگە -

غاز ئويۇنى ، گۈلچاي ئويۇنى ، چىنىگۈل ئويۇنى ، قوشاق قېتىش ، قىزىق ھېكايە ـ لەتىپىلەرنى ئېيتىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بولىدۇ . مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغان ياكى بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرگە بېرىلىدىغان «سامسا يېقىش» ، «جۇۋازغا قېتىش» ، «ئۆپكە قويۇش» ، «كاككۇك سايرىتىش» ، «توشقان تەپتى» ، «كاۋا چاقتى» ، «سۇرىتىنى تامغا تارتىش» ، ئوخلاپ قالغانلارنىڭ يۈزىگە «كۆيە سۈركەش»كە ئوخشاش جازالىرى ، بىر تەرەپتىن ، كىشىلەرنى ئەخلاققا چاقىرىپ مەشرەپنىڭ ئىنتىزامىنى قوغدىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىپ ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ . بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىياتىر ، كومىدىيە ، سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ بېشى ئەنە شۇ مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن باشلانغان .

خەلق ئارىسىدىكى مۇشۇنداق مەشرەپ ، توي ـ تۆكۈن ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ئۆزى يېڭى ـ يېڭى خەلق سازەندىلىرى ۋە ناخشىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان مەكتەپ ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى تاۋلاپ چىقىدىغان ئوچاق ، خەلق ئاھاڭلىرىنى ساقلايدىغان ، بىر ـ بىرىگە يەتكۈزىدىغان ، ئېيتىپ راۋاجلاندۇرۇدىغان ھەقىقىي بىر سەھنە ئىدى . ئىلىنىڭ مانا مۇشۇنداق سورۇنلىرىدا ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن خەلق ناخشىلىرى قايتا ئۇچراشتى ؛ مانا مۇشۇنداق سورۇنلار يەككە ناخشا ئېيتقۇچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ، ناخشا ئېيتىش قائىدىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى ؛ بىر ـ ئىككى ناخشىنىلا ئېيتىپ توختاپ قالماي ، ناخشىلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ يۇرۇش-

لەشتۇرۇپ ئېيتىشنىڭ ئېھتىياجىنى تۇغدۇردى .

## 7

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ، يۇرۇشلەشتۇ-
رۇپ ئېيتىشنىڭ زادى قايسى زامانلاردىن باشلانغانلىقىغا ئېنىق
بىر نېمە دېمەك تەس . ئەمما ، پاكىتلار ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۇ-
رۇپ ئېيتىشنىڭ ئىلىدا خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن ئىلگىرى باش-
لانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . ئابدۇۋەلى جارۇللايوف كىچىد-
كىدە موزدۇزلار ئارىسىدا شاگىرت بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىنى
ئەسلەپ : «ئۇ كەملەردە موزدۇزلار ئارىسىدا نۇرغۇن ناخشىچىلار
بولىدىغان . دۇكاندا قاتار ئولتۇرۇپ ئىش تىكىۋېتىپ بىرى ناخشا
باشلىسا ، مەشرىۋاخۇن ، مەمەت تۇرخۇن ، ئىمىنجان دېگەن ئۇس-
تاملار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ بەش ـ ئالتە ناخشىنى بىراقلا
ئېيتىۋېتەتتى» دەيدۇ .

داۋۇت توكۇر دېگەن كىشىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يۇقىرى
بولۇپ ، «ئەۋرىشىم» ، «مەستۇنە ھەيران»دېگەن ناخشىلارنى نا-
ھايىتى چىرايلىق ئېيتاتتىكەن . بۇ ناخشىلارنى تازا كۆتۈرىدىغان
يېرىگە كەلگەندە باشقىلار داۋۇتنىڭ يەككە ئېيتىشىغا قويۇپ بې-
رەتتىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، غۇلجا تاشكۆۋرۇكلۇك ئابدۇ-
رېھىم تامچى دېگەن كىشى ناھايىتى ماھىر ناخشىچىلاردىن ئى-
كەن . قازانچىلىق ئۇستا سازەندە ھېزىم موللا ئاكا بۇ ئادەمگە
بەك قول قوياتتىكەن . ئابدۇرېھىم تامچى باشقىلار بىلەن بىللە
يۇرۇشلۇك ناخشىلارنى ئېيتقاندا ناخشىنىڭ كۆتۈرىدىغان يەرلىرىگە ئۆ-

زى توۋلاپ ، يىنىك ئالىدىغان يەرلىرىنى باشقىلارغا قويۇپ بېرەتتىكەن .



خەلق ناخشىچىسى سەلەي تۇردى

80 ياشتىن ھالقىغان ، غۇلجىدىكى پىشقەدەم خەلق ناخشىچىسى سەلەي تۇردى : «دادام تۇردى سەلەي ھېكىمبەگ غوجاملارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ناخشا ئېيتىپتىكەن . مەن 13 يېشىمدىن باشلاپ دادامغا ئەگىشىپ بېرىپ مەشرەپلەرگە قاتناشقان . يەتمىش يىلدىن بېرى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن . ئىلى ناخشىلىرى مەن ئېسىمنى بىلسەم مۇشۇنداق يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئېيتىلاتتىكەن» دەيدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا ، مەشرەپ ۋە باشقا ئاممىۋي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى چالغۇچىلار بىلەن ئېيتقۇچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى . ناخشىغا ئىختىيارى ۋارقىرايدىغان ئەھۋاللارغا چەك قويۇلۇپ ، ناخشىلارنى مۇزىكىغا چۇشۇرۇپ ئېيتىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ناخشىلار ئاستا - ئاستا قېلىپلىشىشقا باشلىدى . مۇساجان روزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، ناخشىلارنى سوزۇپ ، ئىختىيارى توۋلاش سەھرا تىپىغا مەنسۇپ ئىدى . بارا - بارا ناخشىلاز مۇزىكىغا توغرىلىنىپ ، ئىتتىكرەك ئۇداردا يېنىك ئېيتىلىدىغان شەھەر تىپىغا قاراپ يۈزلەندى .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف يەنە 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا

سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەپ : «ئۇ چاغ-
لاردا سەھنە دېكراتسىيىسىنى ياساش ئىشلىرى قالاق ئىدى .
سەھنە ئويۇنلىرىنى ئوينىغان چېغىمىزدا بىر كۆرۈنۈشتىن ئىك-
كىنچى بىر كۆرۈنۈشكە دېكراتسىيە ئالماشتۇرغىچە ئۇزۇن ۋاقىت
كېتەتتى . مۇنداق چاغلاردا ھاسان تەمبۇر ، روزى تەمبۇر قاتارلىق
سازەندىلەر ۋە ئاق تېيىپھاجى ، ئابدۇل چۇكچۇك قاتارلىق داڭلىق
ناخشىچىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مۇقام نەغمىلىرى ياكى بىر يۇ-
رۇش خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى مىلىكە قىلىپ
تۇراتتۇق . ناخشىلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىشنىڭ يوللىرىنى
مەن ئەنە شۇلاردىن ئۆگەنگەن» دەيدۇ .



ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇل چۇكچۇك

ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۇ-
رۇپ ئېيتىش كوللېكتىپ سو-
رۇنلارنىڭ ، ئۇزاققا سوزۇلغان
بەزمىلەرنىڭ تەلىپى ئىدى .
بۇنداق سورۇنلاردا بىرلا ناخ-
شىنى ئېيتىپ قويۇپ توختاپ
قالغىلى بولمايتتى ، قىزىپ قال-
غان ناخشىچىلار تەبىئىي ھالدا
رېتىمى ، مېلودىيىسى بىر - بە-
رىگە ماس كېلىدىغان ناخشى-
لاردىن بىر قانچىنى بىر - بە-
رىگە ئۇلاپ ئېيتىۋېتەتتى .
ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۇرۇشتە
ھېچكىم قايسى ناخشىدىن كېيىن قايسى ناخشىنى ئېيتىش كې-
رەكلىكىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئەمەس ، بۇ ناخشىلار ئاھاڭ جەھەت-

تىن بىر ـ بىرىگە بولغان يېقىنلىق ، باغلىنىشلىق ئىچكى قانۇنـ
يىتىگە ئاساسەن تەبئىي ئۇلانغان .
خەلق ئاممىسى يالغۇز شۇ خەلق مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلارلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى شۇ مەدەنىيەتنى ساقلىغۇچىلار ، بېيىتـقۇچىلار ، تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلاردۇر . بۇ يەردىكى «تەرەققىدـيات» پەقەت ناخشا ـ مۇزىكىلار سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە ئايرىم ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ شاللىنىپ ياكى ئۇنتۇلۇپ چۈشۈپ قېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . 1890 ـ يىلى پانتۇسوف ئېلان قىلغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىزىملىكى بىلەن بۈگۈنكى ناخشىلىرىمىزنى سېلىشتۇرساق خەلق ناخشىلىرى تەركىبىگە كۆپلىگەن يېڭى ئاـھاڭلارنىڭ كىرگەنلىكىنى ھەمدە ئەسلىدە بار بولغان ئايرىم ناخـشىلارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز .
يۇسۇپجان غاپپاروف 1924 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئەلنەغمە ـ ناۋاسى» دېگەن ماقالىسىدا ، ئۆزۈمنىڭ يادىمدا قالغان ۋە يىغقان بىرمۇنچە ناخشىلىرىم ، دەپ تۆۋەندىكى ناخشىلار تىزىملىكىنى بەرگەن :
«1 . بەگلەر نەغمىسى ، 2 . يۆلەن ، 3 . توي سەنىمى ، 4 . غېرىپ ـ سەنەم ، 5 . ھەيدادەي ، 6 . ۋادەرىخا ، 7 . سۇۋارەي مەۋلانەي ، 8 . يارى ـ يارەي ، 9 . ئۆسەك ناخشىسى ، 10 . خانلەيلۇن ، 11 . ھەي نادان ، 12 . مەستۇنە ھەيران ، 13 . نىگاـرىمسەن ، 14 . يا سېنىڭ دەردىڭ ، 15 . يالارەي ، 16 . چىن مودەن ، 17 . ئەزان ناخشىسى ، 18 . جانىم ـ جانىم ، 19 . گۈليارەي ، 20 . سادىر خاڭرۇق ، 21 . داگـەنزە ، 22 . ئومىدـ

چىلار ناخشىسى ، 23 . گۈلباغەي ، 24 . گۈلمەشۇق ، 25 . شە-
رى خۇما ، 26 . يەللە دوست ، 27 . ناسىرگۈك ، 28 . ئوينانك
تاچىرخان ، 29 . ئالتۇنخان ، 30 . شەھزادىخان... بۇلاردىن باشقا
جانىم ئاللا ، دادەي ، گۈليارەي ، لەۋلىرىك ناۋات ، گۈلەمخان ۋە
باشقىلارنى پەقەت خوتۇن - قىزلار ئارىسىدا ئېيتىلىدىغانلىقتىن
خېنىملار ناخشىسى قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن .
يۇقىرىقى سانالغان ناخشىلار ئۆزىنىڭ ئېيتىلىشى ۋە ئەنىگە
نىسبەتەن بىر نەچچىگە بۆلۈنىدۇ : يەنى ، توي - تۆكۈنلەردە ئېي-
تىلىدىغانلىرى بىر باشقا ، بەزمە - مەجلىسلەردە ، كوچىدا ، ئور-
ما ۋاقتىلىرىدا ئېيتىلىدىغانلىرى ۋە ئۇسسۇل ئۇچۇن ھەم بىر
باشقا ، ئېيتىلغان ۋاقىتتا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز تەرتىپى بىلەن
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئېيتىپ ، ئەڭ ئايىغى مەخسۇس مۇقام
بىلەن چۇشۇرۇپ قويۇلىدۇ » .[1]
يۇسۇپجان غاپپاروفنىڭ بۇ تىزىملىكى بىلەن پانتۇسوف
ئېلان قىلغان ناخشىلار تىزىملىكىدە پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالايى-
مىز . يۇسۇپجان غاپپاروفنىڭ بۇ يەردە يازغانلىرىدىن بىز يەنە
شۇنىمۇ بىلىۋالايمىزكى ، ناخشىلارنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئېيتىش
ۋە ئۇنى مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇش خېلى زامانلار
ئىلگىرىلا ئومۇملىشىپ بولغان ئىكەن .
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئەڭ دەسلەپ-
تە «خانلەيلۇن» ، «لەيلۇن» ، «ۋادەرىخا» ، «ئۆسەك» ۋە «كو-
چا ناخشىسى» قاتارلىق بەش يۇرۇشتە ئېيتىلغان ئىكەن . نوپۇز-
لۇق مۇزىكا تەتقىقاتچىمىز مۇساجان روزىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەس-

[1] «دەسلەپكى قەدەم» ناملىق ئالماناختىن ، 1924 - يىل ، ئالمۇتا .

لىدىكى ئىلى كلاسسىك خەلق ناخشىلىرى 60 ئەتراپىدا بولۇپ ، پىشقەدەملەر ئۇنى توققۇز يۇرۇش قىلىپ ئىيتقانىكەن . رۇشىدىن. كام ، جانىكاملارنىڭ ئىيتىشى كۆپرەك مۇشۇنداق توققۇز يۇرۇش. لۇك ئۆلچەمدە بولغان ئىكەن… يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭى. دىن پەيدا بولغان خەلق ناخشىلىرى ، بەزى ئىجادىي ناخشىلار ۋە باشقا يۇرتلارنىڭ ئىلىلىقلار تەرىپىدىن قايتا ئۆزلەشتۇرۇلگەن ناخشىلىرىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى تەركىبىگە قوشۇلۇپ بېرد. شى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ سانى ئېشىپ باردى . شۇ. ڭا ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى كېيىنكى چاغلاردا ئون ياكى ئون نەچچە يۇرۇش قىلىپ ئېيتىدىغان سازەندىلەرمۇ بولغان ئىدى .

ئىلىدا كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى ئېيتىش ئومۇملاشقاندىن باشلاپ ، ئىلىدىكى مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇندىيالايدىغان چوڭ سازەندىلەر مۇقام مۇ. قەددىمىسىنى توۋلاپ ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ئاھاڭ جەھەتتىن ماس كېلىدىغان خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلاپ ئېيتىدىغان «ئىلى كلاس. سىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇقام شەكلى»نىمۇ ياراتتى . بۇ يەردە مۇقام مۇقەددىمىلىرى شۇ يۇرۇشلەرگە ئۇلىنىدىغان خەلق ناخشى. لىرىنىڭ ئاساسى مىلودىيىسىنى بەلگىلەپ بېرىش رولىنى ئويناد. تى . «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي پەلسەپىلىك قارىشىدا ، پۈتۈن كائى. ناتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئاسمان بوشلۇقىدىكى يورۇقلۇق سىستېمىسىنى ‹ئون ئىككى بۇرج ›قا تەدبىقلىگىنىگە ئوخشاش ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى بويىچە ‹ئون ئىككى مۇ. قام › تىمسالىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ ، يۈكسەك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلاندۇردى . ئون ئىككى مۇقام نوقۇل سەنئەت ھادىسىسى بول.

ماستىن ، ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئانا تەبىئەت قوينىدا قوز-
غالغان بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە سەنئەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ
مۇزىكىلىق يىغىندىسى دېيىشكە ھەقلىمىز . »[1] ئىلى خەلق ناخشى-
لىرىنى مۇنداق مۇقام مۇقەددىمىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئو-
رۇنداش ئىلى خەلق ناخشىلىرى قاتارىنىڭ ئون ئىككى يۈرۈش
بولۇپ مۇقىملىشىپ قېلىشىنى بەلگىلىدى . ئىلىنىڭ ناھايىتى
قەدىمىي ئاھاڭلاردىن تۈزۈلگەن ناغرا پەدىلىرىمۇ ئون ئىككى چوڭ
يۈرۈشتىن تەركىب تاپقان ئىدى . قىزىق يېرى ، ئىلى خەلق
رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پېشقەدەم رەھبىرى ھېبىبۇللامىنىڭ ئېيت-
تىشىچە ، رادىئو ئىستانسىسى لېنتىغا ئېلىپ ساقلاۋاتقان ، ئىلى
ھاپىزلىرى ئېيتقان «خانىقا تەلقىن ئاھاڭلىرى»مۇ ئون ئىككى
ئۆزگىرىش ئىكەن .

خەلق ناخشىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېيتىش ، ھەربىر يۈ-
رۈش ناخشىلارنىڭ ئاخىرىنى مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرۈش — مانا
بۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا كۆرسەتكەن
روشەن تەسىرى . چۈنكى ، مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزى ناخشىلارنى
يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېيتىشنىڭ دەسلەپكى نادىر ئۈلگىسى ئىدى .
تارىختا خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى مۇقاملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
گەن ، مۇقاملار يەنە خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈردى .

---

① ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر
نەشرىياتى ، 1996 - يىل نەشرى .

# ئۈچىنچى قىسىم

## ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ سەھنىگە يۈزلىنىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزدە سەنئەتچىلىرىمىزنى تەشكىللەپ، ناخشا ـ سازلىرىمىزنى رەتكە سېلىش پىكرى پەيدا بولدى. ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ساقلىغان 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىغا تەۋە بىر پارچە سۈرەتتە بىز كارۇشاڭ ئاخۇنۇم باشلىق 18 نەپەر چالغۇچىنىڭ بىرلىكتە چۈشكەن خاتىرىسىنى كۆرىمىز.[1] بۇ داڭلىق سەنئەتچىلەرنىڭ بىر يۈرۈش ساز قوراللىرىنى تۇتۇپ بىر يەرگە جەم بولۇشى ئىلىدا شۇ يىللاردا سەنئەتچىلەرنى تەشكىللەش ئىشلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۇرسۇن قاھارى «ئىلى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىل 17 ـ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلغان «نادىر سۈرەتلەر» دېگەن ماقالىسىدا بۇ سۈرەت توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. تۇرسۇن قاھارنىڭ يېزىشىچە، ئۇ 1987 ـ يىلى مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغاندا، زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ ئايالى سەلىمە ھەدە تۇرسۇن قاھارغا بۇ سۈرەت-

---

① كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن 1 ـ سۈرەتكە قاراڭ.

تىن بىر نۇسخا بەرگەن ئىكەن . مەزكۇر سۇرەتتە زىكرى ئەلپەتتا يېزىپ قالدۇرغان : «1915 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە 1 ـ قېتىم قۇربانھاجى باشقۇرۇشىدا ئۇيغۇر مىللى مۇزىكا تىياتىرى قۇرۇ- لۇپ ، 18 ـ دېكابىردا 3 ـ قېتىم ئۆز كونسىرتلىرىنى قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن چۈشكەن سۇرەت» دېگەن چۈشەندۇرۇش ۋە سۇرەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى بار ئىكەن . تۇر- سۇن قاھارىنىڭ يەنە شۇ ماقالىدا ئېيتىشىچە ، بۇ سۇرەتنى ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە تۇرغان مەشھۇر تاتار فوتوگرافى ئەكمەل سەمەتوف (1881 — 1953) تارتقان ئىكەن .

يەتتىسۇدىكى ئىشلار توغرىسىدا يۇسۇپجان غاپپاروف : «يار- كەنت كالتە چاپانلىرى تەرىپىدىن 1913 — 1914 ـ يىللىرى بىرمۇنچە كېچىلىكلەر ئويۇشتۇرۇلۇپ ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ناخشا ـ سازلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك دېگەن پىكىر تۇغۇلۇپ ، بار بولغان ياش ھەۋەسكارلىرىمىزنى يىغىپ ، ناخشا ـ نەغمە- لىرىمىزنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدۇق...» دەپ يازىدۇ . قولىمىزدىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا تەۋە يەنە بىر پارچە سۇرەت ياركەنتتىكى مۇشۇ دەسلەپكى تەشكىلا- تىنىشنىڭ دەلىلى بولۇپ تۇرۇپتۇ .[1] تۇرسۇن قاھارى «نادىر سۇ- رەتلەر» دېگەن ماقالىسىدا بۇ سۇرەتكە : «1912 ـ يىلى ياركەنت شەھىرىدە روس فوتوگرافى ماراتكانوف تەرىپىدىن تارتىلغان» دەپ ئىنىقلىما بېرىپ ، سۇرەتتىكى 17 كىشىنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن .

ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا 1910 ـ يىللار ئەتراپىدا جالام

---


[1] كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن 2 ـ سۇرەتكە قاراڭ .

بايۋەچچە[1] قاتارلىق ناخشىچى ، سازەندىلەر بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى پىلاستىنكىغا ئالدۇرغان . بۇ پىلاستىنكىلارغا شۇ يىللاردا ئىلىدىن ياركەنت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن رۇشىدىن ئاكا ، ئۆمەر چۆگۈنلەرنىڭ ناخشىلىرىمۇ ئېلىنغان ئىكەن . بۇ ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ، پىلاستىنكىغا ئېلىش جەھەتلەردىكى دەسلەپكى ئۇرۇنۇشلار ئىدى .

1919 - يىلى ئالمۇتادا ئابدۇللا روزىباقىيوف تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا سانائىنەپىسە تەشكىللىرى بارلىققا كەلدى . 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرى موسكۋا ، تاشكەنت شەھەرلىرىدە «ئۇيغۇر ناخشا - قوشاقلىرى»نىڭ نەشر قىلىنىشى خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى .

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىلى ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاپ ، ئوردىدا مەخسۇس سازەندىلەر تۇرغۇزۇلمايدىغان بولسىمۇ ، ئوردىنىڭ پات - پات داڭلىق سازەندىلەر يىغىلىپ ماھارەت كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەنئەنىسى يەنە كېيىنكى يىللارغىچە داۋاملاشقان ئىدى . مانا شۇنىڭ تەسىرىدە ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئوردا مۇھىتىدا چوڭ بولغان بالا - چاقىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ سەنئەت خۇمار ، خەلق ناخشا - سازلىرىغا مۇھەببىتى بار ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھاكىمبېگى غىياسىدىن ھېكىم (جاھانگىرغوجا )نىڭ چوڭ ئوغلى پاشا غوجا (نۇرزات ) ئەنە شۇنداق سەنئەت سۆيەر ئادەملەردىن ئىدى .

[1] جالام بايۋەچچە — ۋېلىباي يولداشوفنىڭ ئوغلى ، داڭلىق ناخشىچى .



پاشا غوجا

پاشاغوجا 1893 ـ يىلى
غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان .
بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپ
ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقى ئۆگىـ
تىدىغان «شۆتاڭ»دا ئوقۇ-
غان . ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرد-
دىن باشلاپلا ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئەتكە ئىشتىياق باغلاپ ناۋا-
ئى ، فۇزۇلى ، ھۇۋەيدا ، مەشـ
رەپ قاتارلىق كلاسسكلارنىڭ
ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنـ
گەن ۋە ئۇلارنىڭ غەزەللىرد-
دىن نەمۇنىلەرنى تاللاپ توپلام
تۈزگەن . پاشاغوجا ئۆز دەۋرد-
نىڭ مەشھۇر خەتتاتى ئىدى ، دۇتارنىمۇ ياخشى چالاتتى . ئاتاقلىق
چالغۇچىمىز ھۇسەنجان جامىنىڭ ئەسلىشىچە ، ئۇ دادىسى جامى
ئاكىدىن : «دادا ، غۇلجىدا دۇتارنى كىم ياخشى چالىدۇ ؟» دەپ
سورىغىنىدا جامى ئاكا : «پاشاغوجا» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن .

پاشا غوجا ئۆز ئۆمرىدە كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ، ھاسان تەمبۇر ،
روزى تەمبۇر ، جامى ئاكا ، ساۋۇتكام بىدىك ، روزەم ساقال
قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن بېرىش ـ كېلىش
قىلىپ ئۆتكەن . بولۇپمۇ ئۇنىڭ كارۋشاڭ ئاخۇنۇمغا بولغان ھۆر-
مىتى يۇقىرى ئىدى . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ
ھالىدىن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ، ئۇنى ئۇستاز
تۇتۇپ ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن . مۇشۇ يېقىنچىلىق سەۋە-

بىدىن 1916 ـ يىلى كارۋشاڭ ئاخۇنۇم پاشاغوجىنىڭ تويىغا ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، توي بەزمىسىنى قىزىتقان. كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندا پاشا غوجا ئۇنىڭ تۇتقان ساتارىنى نەمۇنە قىلىپ ساقلاپ قالغان. 1934 ـ يىلى غۇلجىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندا ھاكىمبەگ ئوردىسى سانائىنەپىسىنى ئىقتىساد ۋە سەھنىگە كېرەكلىك جاھازلار، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىگەن. پاشاغوجا كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ساتارىنىمۇ شۇ قاتاردا سانائىنەپىسگە تەقدىم قىلغان.

ئەينى يىللاردا روزى تەمبۇرنىڭ سۇيدۇڭدىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىشى ۋە غۇلجىدا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قېلىشىدىمۇ پاشاغوجا تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىغان ئىدى. پاشاغوجا ئەرەب، پارس تىللىرىغىمۇ پۇختا ئىدى.① ئۇ روزى تەمبۇر قاتارلىق سەنئەتچىلەرنىڭ مۇقام تېكىستلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، توغرا تەلەپپۇز قىلىشىغا كۆپ ياردەم بەرگەن. پاشاغوجا 1962 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر كۈنى 69 يېشىدا غۇلجا شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوتتۇرانچى پاشا (خالزات)مۇ سەنئەت سۆيەر كىشى بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ناخشىچى، سازەندىلىرى بىلەن يېقىن ئۆتكەن ۋە ئۇلارنى تەشكىللىگەن. غۇلجىدىكى ئىنايەت ئاكا ساقلاپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفقا بەرگەن، 1916 ـ يىلىغا تەۋە بىر پارچە سۈرەتتە بىز ئوتتۇرانچى پاشا، داڭلىق ناخشا ـ سازچىلاردىن ئابدۇل چۇكچۇك، ساۋۇتكام بىدىك، مەسۇم توقۇم، ئوردىنىڭ قىزىقچىسى باۋخان كور قاتارلىق يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ بىر يەرگە جەم

① پاشاغوجا بالا ۋاقتىدا «شۆتاڭ»دا ئوقۇغاچقا خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغىمۇ ئۇستا ئىدى.

بولغانلىقىنى كۆرىمىز .[1] سۇرەتنىڭ ئارقىسىغا تارتىلغان يىلى ، سۇرەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىسىم شەرىپى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇلغان . بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ھاكىمبەگ ئوردىسى ئەتراپىدىكى تەشكىللىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .



ئالدىنقى رەت ئوڭدىن : تۇرسۇن قاھارى ، تۇرداخۇن ئەلنەغمە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
ھوشۇر ئاخۇن . ئارقىدا ئۆرە تۇرغان كىشى : سېيتخان

ھاكىمبەگ غوجىنىڭ يەنە بىر ئوغلى مىرزاتخانمۇ دۇتارغا ئۇستا ئىدى . ھاكىمبەگ غوجىنىڭ نەۋرىسى ، پاشاغوجىنىڭ ئوغ- لى سېيتخانمۇ دۇتارنى ناھايىتى ياخشى چالاتتىكەن . سېيتخان 1951 ـ يىلى خىزمەت بىلەن يەكەنگە بارغاندا ئۇ يەردىكى مۇقام پېشۋاسى تۇرداخۇن ئاكىنى ئىزدەپ تېپىپ ، بىللە سۇرەتكە چۈ- شۈپ خاتىرە قالدۇرغان . بۇ ئەينى يىللاردىكى ئىلى ھاكىمبەگ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا بولغان ھۆرمەت ۋە چۈشەنچىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

---

① كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن 3 ـ سۇرەتكە قاراڭ .

## 2

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو كومپار-
تىيىسى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇ-
لۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن دېموكراتىك كۈچلەر
كۆپىيىپ، خەلق ئويغىنىشقا باشلىدى. 1934 ـ يىلى شىڭ
شىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە
كومپارتىيە بىلەن دوست بولۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش»
قاتارلىق ئىلغار سىياسەتلەرنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ
ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ
راۋاجلىنىشىدا مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇنىڭغا ئەگى-
شىپ شىنجاڭدا يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى
ۋۇجۇدقا كەلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئو-
يۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مەدەنىي ـ مائارىپ
ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەش بولدى. مۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىشلەر-
نىڭ مەيدانغا كېلىشى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى
ئۇچۇنمۇ يول ئېچىپ بەردى. غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسى تەركىبىدىكى سانائىنەپىسە شىنجاڭدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇ-
لۇپ راۋاج تاپقان سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.
ئەينى ۋاقىتتا ئىلىغا نۇرغۇن تەسىرى بار زاتلار، ئىلغار زىيالىي-
لار توپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن غۇلجا
سانائىنەپىسە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن
قابىلىيەتلىك سەنئەتچىلەرنى جەلپ قىلدى.[1] ئىلگىرى مەھەللە ـ
مەھەللە، مەشرەپ، سورۇنلاردا چېچىلىپ يۈرگەن ناخشا ـ مۇزى-

① كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن 4 ـ ، 6 ـ سۈرەتلەرگە قاراڭ.

كا ئۇستىلىرى بۇ سەنئەت تەشكىلى ئەتراپىغا توپلاندى .



سەنئەت تەشكىلاتچىسى قاسىمجان
قەمبىرى

سانائىنەپىسەنىڭ دەسلەپ-
كى تەشكىلاتچىلىرى ئارتىس ،
شائىر ۋە جامائەت ئەربابى قا-
سىمجان قەمبىرى ، يازغۇچى
زىياسەمىدىلەر ئىدى . قابىل
ئارتىس جالالىدىن يەھيارى
ئۆمەكنىڭ تۇنجى رېژىسسورى
بولغان ، داڭلىق چالغۇچى رو-
زى تەمبۇر مۇزىكا يېتەكچىسى
ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغان
ئىدى . سانائىنەپىسىدە شۇ
چاغدا كۆزگە كۆرۈنگەن سەن-
ئەتچىلەردىن هاسان تەمبۇر ،
هۇسىيىن تەمبۇر ، ئىسكىرىپ-
كىچى سەيدۇللام ، ئىجادىيەت-
چى ئابدۇنەبى ماناپوپ ، غېجەكچى تېيىپئاخۇن ، تەمبۇرچى مەت-
تاهىر هەسەن ، نۇرمۇهەممەت ناسىر ، قابىل ئارتىس مەرۇپ
ئاكا ، زىكرى ئەلپەتتا ، هىزدۆلەت ، تۇرسۇن تېيىپ ، ناخشىچى
ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى . سانائىنەپە-
سەنىڭ هەرقايسى مەهەللىلەردىكى كۇرۇژۇكلىرىدا يەنە هەرەم-
باغدا ساۋۇتكام بىدىك ، مىرزىكام دۇتارچى ، سازەندە تۇرسۇن
موزدۇز ، دۇتارچى ياقۇپ زەڭگى ، تەمبۇرچى ئىسهاق ئاكا ، ئەي-
ساكاملار ؛ قارىدۆك مەهەللىسىدە ساتارچى هېيىت قارى ، ئىسما-
يىل دارازا قاتارلىقلار ؛ قازانچى مەهەللىسىدە سازەندە هېزىم
موللا ، ماخمۇت چاڭ ، مۇساجان روزى ، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ،

يۇسۇپجان سىدىق قاتارلىقلار ؛[1] شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە زۇنۇن
پاينەك ، ئەمەتخان بارات ، روزەم ساقال ، ياسىن سابىر (ياسىن
تاڭگا ) ، زوردۇن نۇسرەت ، غوپۇركام ئەخمىدى ، ئابلاخان كې-
پەك ؛ ناغرىچى مەھەللىسىدە تەمبۇرچى غوپۇر دىڭخۇلۇ ، تۇرسۇن
سەلەي ، غوپۇرجان ناسىرى ؛ ئۇچدەرۋازىدا تەمبۇرچى سىدىقجان
زىلاۋۇدۇن ھاجى ، مەمتىلاخۇن ؛ تائالىيە مەكتەپتىكى كۇرۇژۇك-
تا چالغۇچى سۇلتان مۇرات ؛ سۇيدۈڭدە ئابدۇرېھىم چاڭ ، ساۋۇت
ساتىراش ، تەمبۇرچى توختى چوقپار ؛ چىلپەڭزىدە تەمبۇرچى يا-
قۇپ زەگا ، نىياز دۇتار ، بورتالادا ياقۇپ توزغاق قاتارلىق سەنئەت-
چىلەر بار ئىدى .



چالغۇچى ياسىن سابىرى

مۇنداق زور قوشۇننىڭ
جەم بولۇشى ئىلىدا ئىلگىرى
كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ تەش-
كىللىنىش ئىدى . ئەمدىلىكتە
سەنئەتچىلەرگە بىر - بىرىدىن
ئۆگىنىش ، بىلمىگەن يەرلى-
رىنى تولۇقلاش ، ئىجادىي ئا-
ھاڭلارنى ئىشلەش ئىمكانىيى-
تى تۇغۇلدى . سانائىنەپىسە
شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن كون-
سېرت كېچىلىكلىرىنى ئو-
يۇشتۇرۇپ ، خەلق ناخشا -
مۇزىكىلىرىنى سەھنىگە ئې-
لىپ چىقىش بىلەن بىللە «ئا-

[1] كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن 5 - سۈرەتكە قاراڭ .

نارخان» ، «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ، «شاھى ئەلقەم» ، «غېرىپ ـ سەنەم» ، «ئۆز مۇھەببەت» ، «چىمەن بىلەن پالـ ۋان» ، «پەرھات ـ شېرىن» ، «غۇنچەم» ، «نوزۇگۇم» قاتارلىق قىرىق پارچىغا يېقىن سەھنە كىتابىنى سەھنىدە ئويناپ ، كىشىـ لەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى .

مانا مۇشۇ دەۋردە ھاسان تەمبۇر ، ھۈسىين تەمبۇر ، روزى تەمبۇر ، ئابدۇنەبى ماناپوف ، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق قابىل مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشتە ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى . بۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئۆزلىرى ئىجادىي ئاھاڭلار ئىشلەپ سەپلىدى . بۇ ئاھاڭـ لارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىلى خەلق ناخشىلىرى تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى .

## 3

# هاسان تەمبۇر



ئاتاقلىق سەنئەتچى هاسان تەمبۇر

هاسان تەمبۇر 1873 ـ
يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان ، غۇل ـ
جا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە
ئۇلتۇرۇپ ، ئۇششاق تىجارەت
بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن .
غۇلجىدىكى نوپۇزلۇق خەلق
سەنئەتچىلىرىمىزدىن بولغان
ھېزىم موللا ئاكىنىڭ ئەسلە ـ
شىچە ، هاسان تەمبۇر ئورتا
بوي ، چىن چىراي ، ئاۋازى
يېقىملىق كىشى بولۇپ ، ئىلە ـ
نىڭ كلاسسىك چوڭ ناخشىلە ـ
رى بولسۇن ، قىسقا ئۇدارلىق
شوخ ناخشىلار بولسۇن ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۇسسۇللۇق پەدىلە ـ
رى بولسۇن ھەممىنى ئوبدان بىلەتتىكەن . مۇزىكىلاردىن دۇتار ،
تەمبۇر چالالاتتىكەن . ئۆزىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىدىكى تالانتى بىلەن
ئەل ئىچىدە «هاسان تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت تاپقانىكەن .

ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» ، «ئون
ئىككى مۇقام ھەققىدە» دېگەن كىتابلارنىڭ ئاپتورى باتۇر ئەرشى ـ

دىنوفنىڭ يېزىشچە ، داڭلىق ناخشىچى ۋە تەمبۇرچى رۇشىدىن-
بەگ هاسان تەمبۇرنىڭ دادىسى بولىدىكەن . رۇشىدىنبەگنىڭ ئاتىسى پەخەم موللا گايىتنىڭ توغقىنى بولۇپ ، بۇ ئىككىسى ئىلگىرى ئىلى هاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ سازەندىلىرىدىن ئىدى . 1881 - يىلى يۈز بەرگەن «كۆچ - كۆچ» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇلار ياركەنتكە ئۆتۈپ ۋېلىبايىنىڭ[1] سورۇنىدا سازچالغانىكەن . بۇ ئىككى داڭلىق سازەندە ۋېلىبايىنىڭ ئوغۇللىرىدىن تارتىپ پۈتۈن ياركەنت سازەندىلىرى توپىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئۇستاز بولغان . جۈملىدىن ، هاسان تەمبۇرمۇ شۇ قاتاردا دادىسىدىن مۇزىكا تەلىمى ئالغان .

هاسان تەمبۇر غۇلجا سانائىنەپىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى ۋە مۇزىكا يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى . شۇ يىللاردا ئىلى سەهنىلىرىدە ئوينالغان سەهنە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇ مۇقام ۋە خەلق ئاهاڭلىرىنى سەپلىگەن هەمدە ئۆزى يېڭى ئىجادىي ئاهاڭلارنى ئىشلەپ كىرگۈزگەن . «ئالتۇنجان» ، «دەردىڭ يامان» ، «ئىككىنچى نالەش» ، «نودەركام 1-» ، «ئېچىلغان گۈل قىزىلگۈل» ، «چوڭ ئايارەي» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجات قىلغان . ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بەزى ئاهاڭلارنى تۈزۈپ ، ئۆزى دۇتار بىلەن چېلىپ كوچا تەشۋىقاتلىرىغا قاتناشقان . هازىر ئەينى ۋاقىتلاردا هاسان تەمبۇرنىڭ شۇ يىللاردا سەهنىلەشتۈرۈلگەن سەهنە ئەسەرلىرىگە ئىشلەپ كىرگۈزگەن ئاهاڭلىرى-

[1] ۋېلىباي يولداشوف ياركەنتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . ئۇنىڭ ئوغلى جالام بايۋەچچە «كۆك كۆينەكلەر» سەنئەت ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ، ئىلى خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ بىرقانچە يۈرۈشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلىگەن .

نىڭ زادى قايسىلىرى خەلق ئاھاڭلىرى ، قايسىلىرى ئىجادىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقماق ئۇچۇنمۇ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئىلىدا مۇقامچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھاسان تەمبۇرنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور . پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم دەسلەپتە سورۇنلاردا مۇقام ئېيتقاندا ، ئاخۇنۇمنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا ئاۋازى پەس بولۇپ تەسىر قوزغىيالمىغاندىكەن . ھاسان تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگەنگەن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ياڭراق ئاۋاز بىلەن ، يەرلىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ باشقىدىن دىققىتى قوزغىلىپ قىزىقىشى ئاشقان .

ھاسان تەمبۇر ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تەڭداشسىز ئۇستىسى ئىدى . ئۇ 1946 ـ يىلى 73 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى .

# 4

## ھۇسىيىن تەمبۇر



داڭلىق چالغۇچى ھۇسىيىن تەمبۇر

ھۇسىيىن تەمبۇر 1904 ـ يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان . ئەينى يىللاردا ئىلىدا ھەرخىل كەسىپتىكى ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سەنئەتچىلەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى . بولۇپمۇ ، موزدوزلار ئارىسىدا نۇرغۇن خەلق ناخشىچىلىرى ، سازەندىلەر بار ئىدى . ھۇسىيىن تەمبۇر ئەنە شۇ موزدوزلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان قابىل چالغۇچى .

ئىلىدا سازەندىلەرنىڭ تەمبۇرنى قايسى زامانلاردىن باشلاپ زەخمەكنى تاشلاپ ناخۇل بىلەن چالغانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس .[1] ئاتاقلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامىنىڭ ئىنىسى

---

① سەنئەت مائارىپى سېپىدىكى تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ بىرى شىر مۇھەممەت نۇراخۇن غۇلجىدىكى داڭلىق ئۇستسۇلچى ئاۋاكرى ئاكا تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىشنى ئاساسەن ھۇسىيىن تەمبۇر كەشىپ قىلغان ، دەپ يازغان . بۇ كۆز قاراشمۇ ئويلىشىپ بېقىشقا تېگىشلىك . (« ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 5 ـ سان 74 ـ بەتكە قاراڭ . )

ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ دادىسى — داڭلىق چالغۇچى جامى ئاكا ئۆز ۋاقتىدا تەمبۇرنى ھەم زەخمەكتە ، ھەم ناخۇلدا چالالاتتىكەن . تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىش سازەندىلەرنىڭ تەمبۇرنى خىلمۇخىل ئوينۇتۇپ چېلىپ ماھارىتىنى تولۇق نامايان قىلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . تەمبۇرنى زەخمەك بىلەن چېلىشتىن ناخۇل بىلەن چېلىشقا ئۆتۈشىنىڭ ئۆزى چوڭ بىر ئىسلاھات ، بىر ئىنقىلاب ئىدى . ھۇسىيىن تەمبۇر 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا تەمبۇرنى ناخۇلدا چېكىپ چېلىش ، دانە - دانە ناخۇل قىلىش ، سىرىپ چېلىش ، تىترىتىپ چېلىش ، ئەركىلىتىپ چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئىجادىي بىيىتىپ ، تەمبۇرگە ناخۇل ئۇرۇپ چېلىشنى ۋايىغا يەتكۈزگەن . غۇلجىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلىرىمىزدىن زوردون نۇسرەت ھۇسىيىن تەمبۇرنىڭ ناخۇل ئۇرۇشنى ئەسلەپ : «ھۇسىيىننىڭ بىر قېتىم تەمبۇرگە ناخۇل چېكىپ ، ‹ئۆسەك › ئاھاڭىغا يەككە ساز قىلغىنى يۈرىكىمگە تەمبۇر ئۆگىنىش ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى » دەيدۇ .

ھۇسىيىن تەمبۇر 1934 - يىلى سانائىنەپىسىدە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنغان . ئۇ ھاسان تەمبۇر ، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى بىلەن بىللە شۇ يىللاردا يېڭىدىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم» ، «پەرھاد - شېرىن»غا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرۈشتە زور ھەسسە قوشقان ، «جۇنۇن 2-» ، «دېھقان ناخشىسى» ، «مۇجدى كەلدى» ، «كېردىم يولۇڭغا» قاتارلىق ئاجايىپ نەپىس ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن .


ھۇسىيىن تەمبۇر كېيىن سانائىنەپىسىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ

كۆرسىتىشى بىلەن كورەدە ئىچىلغان دارىلمۇئەللىمىندە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان . 1938 ـ يىلى شۇ مەكتەپتە كىزىك بولۇپ يىقىلىپ ، غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي ، 34 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، روزى تەمبۇرنىڭ مۇقام ئېيتىشىنى ھۇسىيىن تەمبۇر ئېتىراپ قىلاتتىكەن ، ھۇسىيىن تەمبۇرنىڭ تەمبۇر چېكىشىگە روزى تەمبۇر قول قوياتتىكەن . ھۇسىيىن تەمبۇر ۋاپات بولغاندا روزى تەمبۇر بېلىگە ئاق باغلاپ ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ : «تەمبۇر چېلىش سېنىڭ بىلەن كەتتىغۇ ھۇسەيىنىم !» دەپ ھەسرەت چېكىپ يىغلىغانىكەن .

# 5

# داڭلىق مۇقامچى روزى تەمبۇر



داڭلىق چالغۇچى روزى تەمبۇر

روزى تەمبۇر 1892 ـ يىلى تۇغۇلغان[1] .

روزى تەمبۇر ئاتىسى ئەزىز ئاخۇننىڭ چىلەكتە ئالغان ئايالىدىن تۇغۇلغان بالا ئىدى . ئەزىز ئاخۇن سازەندىلەر بىلەن باردى ـ كەلدىسى قويۇق ، ناخشا ـ سازغا خۇمار ئادەم ئىدى ، ئانچە ـ مۇنچە ساز چالاتتى ، هاپىزلىقمۇ قىلاتتى . ئۇ ئوغلى روزىنى دائىم مەشرەپ ، ئولتۇرۇشلارغا ئەگەشتۇرۇپ ئېلىپ باراتتىكەن .

روزى تەمبۇرنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى ئۈسمۈر چېغىدىلا بىلد-

[1] روزى تەمبۇرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى هازىرغىچە بىزدە «1900 ـ يىل» دەپ يېزىلىپ كەلگەن ئىدى . كېيىن ، تۇرسۇن قاهارى «1890 ـ يىل» دەپ يازدى . باتۇر ئەرشىدىنوف «ئون ئىككى مۇقام» دېگەن كىتابىدا ، روزى تەمبۇرنىڭ تۇغۇلغان ئورنى قازاقىستان چىلەك ناهىيىسىنىڭ بايىسېيت يېزىسىدىكى چوڭلاردىن ئىنىقلىدىم ، دەپ «1892»نى كۆرسەتكەن . بىزمۇ «1892 ـ يىل» نى توغرا بولسا كېرەك ، دەپ قارىدۇق . سەۋەبى ، شۇ يىللاردا ئۆتكەن يەنە بىر داڭلىق سازەندە مەرۇپ ناسىرى بىلەن روزى تەمبۇر تەڭتۇش بولۇپ بىر ـ بىرىنى «ئاغىنە» دېيىشەتتىكەن . مەرۇپ ناسىرىنىڭ هازىر هايات چوڭ قىزى رىزۋان هەدىنىڭ ئېيتىشىچە ، مەرۇپ ناسىرى 1953 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ ، تۆھمەت يېشى بىلەن 60 ياش هېسابلىنىپ يەرلىكىدە قويۇلغان . شۇنداق بولغاندا مەرۇپ ناسىرى 1893 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولىدۇ .

نىپ ، ئوننەچچە ياشلارغا يەتمەستىنلا دۇتار ، تەمبۇر چېلىش بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ «بالا سازەندە» دەپ داڭ چىقارغان ، ياركەنتتە يېڭىلىق تەرەپتارلىرى ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت گۇرۇپپىلىرىغا قاتناشقان ، كېيىن ئىلىغا ئۆتۈپ ، سۇيدۇڭدە بىر مەزگىل تۇرغان .

بۇ چاغلاردا سۇيدۇڭ ناھايىتى ئاۋاتلاشقان بولۇپ ، بۇ يەرگە نۇرغۇن چالغۇچىلارمۇ توپلانغانىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇقام ئۇستىسى ئابلا دومباقمۇ بار ئىدى . ئابلاق دومباق روزى تەمبۇردە مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشنى ئويغاتتى . شۇڭا ، كېيىنكى چاغلاردا خەلق ئىچىدە «كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ھاسان تەمبۇر ، موللا ئابلانىڭ شاگىرتى روزى تەمبۇر» دېگەن گەپ تارقالغان ئىدى .

1916 - يىلى روزى تەمبۇر يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجىغا كەلدى ۋە بۇ يەردە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى . روزى تەمبۇرنىڭ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئۇنىڭ كارۋشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىشى بولدى . روزى تەمبۇر كۈچلۈك مۇزىكا تۇيغۇسى ، دىتى ، تالانت كۆزى بىلەن كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۇلۇغ بىر مۇزىكا ئالىمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئەپسۇسكى ، روزى تەمبۇرنىڭ كارۋشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن تونۇشقان ۋاقتى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان يىللىرى ئىدى . شۇنداقتىمۇ روزى تەمبۇر ئۆز ئۇستازىدىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈردى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردە ئىجرا قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ياراتتى .

روزى تەمبۇر ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق مۇزىكانت . مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئېيتىشىچە ، روزى تەمبۇر چاڭ ، ساتار ، غىجەك ، نەي ، سۇنەي ، دۇتار ، تەمبۇر قاتارلىق كۆپ خىل چالغۇلارنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ ، چالىدىغان ساز قورالى بولمىغان سورۇنلاردا چىنە ـ قاچىلارغا سۇ قۇيۇپ تەڭشەپ ، چوكا بىلەن ئۇرۇپ نەغمە قىلىۋېرەتتىكەن . روزى تەمبۇر سانائىنەپىسىدە ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب ـ سەنەم»نى سەھنىلەشتۈرۈشكە مۇھىم ھەسسە قوشقان . شۇ يىل-لاردا سەھنىلەردە ئوينالغان كۆپلىگەن سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلەپ كىرگۈزۈپ ، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تاماشىبىنلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتكەن ، بىر قىسىم ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن .

روزى تەمبۇر ئىلى سانائىنەپىسىنىڭ باشتىن ـ ئاياغ سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ تۇرغان ئاساسلىق رەھبىرى ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىدا ئاچقان مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، شۇ كۇرستا تەربىيىلەنگەنلەر كېيىن ئۇزاق يىللار-غىچە ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇر-دىغان ئاساسلىق كۈچلەر بولۇپ رول ئوينىدى . روزى تەمبۇر ئاچقان كۇرسلار تاماملانغاندا ئەخمەتجان قاسىمى شەخسەن ئۆزى روزى تەمبۇرنى شۇكەمىنىڭ پۇلىغا يارامىلىق ئىككى ئاتنىڭ پۇلى بىلەن تارتۇقلىغان ئىكەن .

شۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مۇقامچىلار مۇنداق ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنەتتى : يەنى ، ھاسان تەمبۇر ، جامى ئاكا قاتارلىق ياش قۇرا-

مى چوڭراق چالغۇچىلار ئىلىنىڭ كونا مۇقامچىلىق ئۇسلۇبىدا — پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، موللا-گايىت ۋە پەخەم ئۇسلۇبىدا چالسا ، روزى تەمبۇر ، ھۇسىيىن تەمبۇر قاتارلىق ياش سازەندىلەر كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ، ئابلا دۇمباق ئۇسلۇبىغا مايىلراق ئىدى . سانائىنەپىسىدە بىرلىكتە ساز چې-لىش ، ئۆزئارا ئۆگىنىش ، تولۇقلاش ، سەھنە ئەسەرلىرىگە بىر-لىكتە مۇزىكا ئىشلەش ، مۇزىكا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرى ھاسان تەمبۇر بىلەن روزى تەمبۇر ۋەكىللىك قىلغان ئىككى ئۇسلۇبنى بىرلىككە كەلتۈردى .

روزى تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ، ئابلا دۇمباق ، جامى ئاكا ، بارات تەمبۇر ، ھاسان تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ ، رەتلەپ ، تولۇقلاپ ، ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تىكلىدى . 1951 - يىلى ئۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنلار بىللە بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . شۇ قېتىم روزى تەمبۇر لېنتىغا بەرگەن ئۇيغۇر كلاس-سىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى 12 مۇقەددىمە ، 22 داستان ، 22 مەرغۇل ، 44 مەشرەپ بولۇپ ، جەمئىي 100 نەغمە ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان ئىدى . بۇ سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر .

روزى تەمبۇر لېنتىغا بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى دولان ، قۇمۇل قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ



روزى تەمبۇر يازغۇچى ماناپ قادىر بىلەن بىللە

نەغمىلىرىگە ئوخشاش مۇستەقىل يەرلىك مۇقام ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت ئانا غولدىن شاخلاپ چىقىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى، قوبۇل قىلىش ئادىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا قايتا ئۆزلەشكەن، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىجادىي راۋاجلانغان ئۆزگىچە بىر نۇسخىسى. ئىلى مۇقامىدا بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ قەدىمىلىكىگە مەنسۇپ سالمىقىنىمۇ، يەنە ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراق، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا بولىدىغان ياڭراقلىق، جۇشقۇنلۇقىنىمۇ ھېس قىلىمىز.

روزى تەمبۇر 1956 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا

سايلانغان ۋە شۇ قېتىم ئۇ پايتەخت سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر تەمبۇرد-
نىڭ ساداسىنى ياڭرىتىپ تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىش-
كەن . روزى تەمبۇر 1957 ـ يىلى ئۆپكە كېسىلىنىڭ تۇيۇقسىز
قوزغىشى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى .

## 6

# مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا


مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا

زىكرى ئەلپەتتا 1915 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. زىكرى ئەلپەتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان شەھەر ئىچى مەھەللىسى ئىلى ھاكىمبەگ غوجىلىرىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن بولغاچقا، تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى ئوردا سورۇنىغا دائىم ئىلىدىكى داڭلىق سازەندىلەر جەم بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ تەسىرىدە شەھەر ئىچى مەھەللىسى ئۆزۈندىن بىرى ئاجايىپ ياخشى ناخشا ـ مۇزىكا ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىقىدىغان ئوچاق بولۇپ قالغانىدى. زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئاتىسى ئابدۇللا پەتتا، ئاكىسى تۇرسۇن پەتتالارمۇ ئۇستا سازەندىلەردىن ئىدى. زىكرى ئەلپەتتا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۇلاردىن تەلىم ئېلىش بىلەن يەنە سازەندە زۇنۇن ئاخۇن (زۇنۇن پاينەك)نى ئۇستاز تۇتقان. كېيىن ئىلى كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ پېشىۋاسى ھاسان تەمبۇرگە ئەگەشكەن. مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا ئەينى يىللاردىكى ساز

ئۇستىلىرىدىن روزى تەمبۇر ، ھۇسيىن تەمبۇر ، جانى يولدا-
شوف ، ئاق تېيىپھاجى ، ئابدۇل چۇكچۇك ، مەمەت تۇرخۇن ،
مەسۇم توقۇم ، ساۋۇتكام بىدىك قاتارلىق كىشىلەردىن ناخشا -
مۇزىكا ئۆگىنىپ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى .
ئاستا - ئاستا ئۆزىدە دۇتارغا سالماقلىق قول ئۇرۇپ ، ئېنىق ،
يېقىملىق چالىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈردى . زىكرى ئەلپەتتانىڭ
مۇزىكىغا قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئىلى خەلق
ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ھاسان تەمبۇر ، روزى تەم-
بۇرلەردىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن . بىر
مەزگىل ئۆزبېك سانائىنەپىسىگە قاتنىشىپ ئۆزبېك ئاھاڭلىرىنى
ئۆگەنگەن . ھەتتا ، ئۇ پات - پات خەنزۇ تىياتىرخانىلىرىغا بې-
رىپ ، چاڭچىلە ئويۇنلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتىكەن . شۇ ئاساستا
زىكرى ئەلپەتتا ئۆزىدە كۈچلۈك مۇزىكا تۇيغۇسى ۋە ئاھاڭلارنى
پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن .

زىكرى ئەلپەتتا ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ
بىرى . ئۇ 1934 - يىلىدىن باشلاپ غۇلجا سانائىنەپىسىدە مۇزىكا
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ، «تەشنامەن» قاتارلىق ناخشا -
مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان ، سەھنە ئەسەرلىرىگە خەلق ئاھاڭلىرى-
نى سەپلەش ، يېڭى ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ قوشۇش خىزمەتلى-
رىدە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان . بولۇپمۇ ، ئۇ خەلق داستانلى-
رى ئاساسىدا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم» ، «پەرھاد -
شېرىن» ئوپېرالىرى ۋە «غۇنچەم» قاتارلىق دىرامىلارغا يېڭى
ئاھاڭلارنى ئىشلەپ قوشۇپ ، بۇ سەھنە ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە
بەدىئىي تۈس بەرگەن .

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا زىكرى ئەلپەتتا ئۆزىنىڭ



داڭلىق خەلق ناخشىچىسى مەسۇم توقۇم

سەھنە ئەسەرلىرى ئۇچۇن ئىش-
لىگەن ئاھاڭلىرىنى يىغىپ ،
بىر مۇقەددىمە ، بىر تەزە ، ئال-
تە داستانلىق «رۇخسار مۇقا-
مى »نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى
ئىشلەپ چىقتى . «رۇخسار
مۇقامى» ئاھاڭلىرى نەپىس ،
جاراڭلىق ، يېقىشلىق ، ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە
ئىجادىي مۇقام بولۇپ ، بۇ نە-
تىجىنى قايتىدىن گۈللەنگەن
ئىلى مۇقامچىلىقىنىڭ تەسى-
رىدىن بارلىققا كەلگەن مېۋە ،
ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىغا قوشۇلغان يېڭى بىر تۆھپە دېيىشكە بو-
لىدۇ . «رۇخسار مۇقامى» ئەينى يىللاردا «غېرىب - سەنەم»
سەھنە ئەسىرىگە ئاجايىپ گۈزەل بەدىئىيلىك بېغىشلىغان ئىدى .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرى ۋە ئازادلىقنىڭ ئالدى -
كەينىدە روزى تەمبۇر بىلەن زىكرى ئەلپەتتانىڭ يېتەكچىلىكىدە
ئىلىدا بىرنەچچە نۆۋەت ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى
ئۆگىنىش كۇرسى چاقىرىلىپ ، نۇرغۇن شاگىرتلار يېتىشتۈرۈل-
گەنىدى . بۇ ، سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى
ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت بولۇپ
قالدى . كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ناخشا -
سازلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى
قوشقان مەتتاھىر ھەسەن ، نۇرمۇھەممەت ناسىر ، ئەمەتخان با-

رات ، زوردۇن نۇسرەت ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ، ئابلاخان كېـ
پەك ، سەيدۇللام رەخمىتۇللا ، سۇلتان مۇرات ، غوپۇر دىڭخۇلۇ ،
قادىر رازى ، ئابدۇكېرىم رازى ، مۇساجان روزى ، ھۇسەنجان
جامى ، ئابلىزخان مامۇت ، ئابلىكىم ئابدۇللا ، ئابدۇكېرەش ئە-
لى ، قۇربان ئۆمەر ، غىياسىدىن بارات ، ھۇسەنجان ھەسەن قاتار-
لىق مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شۇ
كۇرسلاردا تەلىم ئالغان ئىدى .

ئازادلىقتىن كېيىن زىكرى ئەلپەتتا تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-
غىچە مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە روزى تەمبۇر-
لەردىن مىراس قالغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى
ئۆگىنىش ، رەتلەش ، تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىدا
رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئون ئىككى مۇقامنى
قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى .

زىكرى ئەلپەتتا مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا ۋە روزى
تەمبۇرلاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ئىجادىي تۆھپە
قوشقان تالانتلىق مۇزىكانت ، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس . ئۇ 1986 -
يىلى 71 يېشىدا ئارىمىزدىن كەتتى . ھايات ۋاقتىدا ئۇ جۇڭگو
خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى ، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەي-
ئەت ئەزاسى ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەي-
ئەت ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ
شۆبىسىنىڭ پەخرى رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان ئىدى .

# 7

# ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف



ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى
ئابدۇۋەلى جارۇللايوف

ئابدۇۋەلى جارۇللا 1910 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرىكۆۋرۈك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . بالىلىق دەۋرىدە موزدۇزلۇققا شاگىرت كىرىپ موزدۇزلار ئارىسىدىكى ناخشىچى مەشرىۋاخۇن ، ھاسان بۆرى ، داۋۇت توكۇر ، مەھەممەت تۇرخۇن ، مەسۇم توقۇم ، سونىكام دۇتار ، تېيىپئاخۇن تەمبۇر ، قادىر لاڭقا ، ئىمىنجان ئۇستا قاتارلىق خەلق ناخشىچىلىرىدىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئاز ئۆتمەي ئابدۇۋەلى جارۇللا ئۆزىمۇ موزدۇزلار ئارىسىدا ئاۋازىنىڭ سازلىقى بىلەن تونۇلغان . 1934 ـ يىلى غۇلجىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندا روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى ئارتىسلار قاتارىدا ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرى

سەھنىدە ئۆتتى .

ئابدۇۋەلى جارۇللا 1936 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە ئىلى تىياتىر ساھەسىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئەللىككە يېقىن سەھنە ئەسىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاساسلىق روللارغا چىققان . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ «باي ۋە مالاي»دا غوپۇر ، «ئارشىن - مال ئالان»دا ئەسقەر ، «غېرىب - سەنەم»دە غېرىب ، «پەرھاد - شېرىن»دا پەرھاد ، «لەيلى - مەجنۇن»دا مەجنۇن ، «نۇزۇگۇم» دا باقى ، «غۇنچەم»دە نۇرۇم بولۇپ ئوينىغان روللىرى ئەينى يىللاردىكى تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان . ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تىياتىر ساھەسىدە قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن . ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئاتاقلىق دىراما ئارتىسى بولۇپلا قالماي ، يەنە مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى . ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىغا ھاسان تەمبۇر ئۆز ۋاقتىدا ، ئابدۇۋەلىنىڭ ناخشىلىرىدىن جىلىلىيوزى ، تۇرپانيوزلىرىدىن هارۋا ھەيدەپ كېلىۋاتقان دېھقانلار ناخشىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ ، دەپ باھا بەرگەنىكەن . جارۇللايوف خەلقنىڭ ساددا ، ئەمما ھېسسىياتقا باي ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ ، خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ياراتقان ناخشىچى . مۇساجان روزىنىڭ بەرگەن باھاسىغا قارىغاندا ، ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ ناخشىلىرىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ناخشا توۋلاش پۇرىقى ساقلانغان بولۇپ ، مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەن . 1959 ـ يىلى مەركەزدىن شىنجاڭغا كەلگەن مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جيەن جىخۇا جەنۇبىي

شىنجاڭنى ئايلىنىپ غۇلجىغا كەلگەندە ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ ناخشىلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شۇ قېتىم ئۇ ئابدۇۋەلى جارۇللا ئېيتقان يۈزدىن ئارتۇق ناخشىنى لېنتىغا ئېلىپ كەتكەن. جيەن جىخۇا بۇ لېنتىلارنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن سالامەت ئۆتكۈزۈپ، كېيىن بۇ ناخشىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ كىتابچە قىلىپ ئېلان قىلدى. 1971 - يىلى ۋە 1981 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىلىرى ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ ناخشىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك بىر لېنتىغا ئېلىپ ئارخىپلاشتۇردى.

ئابدۇۋەلى جارۇللا 1951 - يىلى روزى تەمبۇر بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا بېرىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، روزى تەمبۇر ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنى ئورۇنلىغاندا داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى بىرلىكتە ياندىشىپ ئېيتىپ، ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. 1992 - يىلى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئابدۇۋەلى جارۇللاغا مۇقام ئىشلىرىدا كۆرسەتكەن ئەجرى ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام سەنئەتكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللا تىياتىر ساھەسىدە ئىشلىگەن 50 يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىدە ناخشىچى، دىراما ئارتىسى، رېژىسسور، سەنئەت يېتەكچىسى، ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، سەنئەت ھاياتىدا شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان ئاتاقلىق سەنئەت ئەربابلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1998 - يىلى ئۆكتەبىردە غۇلجىدا 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

# 8

## ئۇستاز ئەزىم موللا بىننى باقى ئوغلى



ئۇستاز ھېزىم موللا

ئەزىم موللا بىننى باقى (ھېزىم موللا ) ئاپرېل ئۆز- گىرىشىدىن كېيىن ئىلىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىغا ئاكتىپ قات- نىشىپ تەشكىلاتچىلىق ۋە ئۇستازلىق رولىنى ئويناپ ، ئىلى رايونىدىكى سەنئەت ئىش- لىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇ- ھىم تۆھپە قوشقان پېشقەدەم- لىرىمىزنىڭ بىرى .

ھېزىم موللا 1906 - يى- لى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . غۇلجىدىكى «ئايخان مەكتەپ» ، «تائا- لىيە مەكتەپ» ، «ئۇمىد مەكتەپ»لەردە ئوقۇپ ، 1920 - يىلى- دىن باشلاپ ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن .


ھېزىم موللىنىڭ دادىسى باقى موللا ، ئاكىسى ھېزدۆلەتلەر ياخشى ناخشىچىلاردىن ئىدى . ھېزدۆلەت غۇلجىدىكى تونۇلغان سازەندىلەردىن ھېسابلىناتتى . ھېزىم موللا دەسلەپتە ئاكىسىدىن

دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىپ 1928 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي سازەندىلەر قاتارىغا قېتىلغان . مەشرەپلەردە دۇتارچى رۇشىدىن ئاكا ، تەمبۇرچى ئابدۇرېھىم ئاكا ، نادىر غىجەكلەردىن ئۆگەنگەنلىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئەلى ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئېيتىشنى ئىگىلىگەن . 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدىكى مەشرەپكە قاتنىشىپ ، بۇ يەردە جامى ئاكا ، روزى تەمبۇر ، ئابدۇرېھىم غىجەكچى قاتارلىق ئۇستازلاردىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ نەغمە ـ مەرغۇللىرىنى ئۆگەنگەن . 1932 ـ يىللىرىغا كەلگەندە غوجاملارنىڭ (هاكىمبەگ غوجا ) مەشرىپىگە تەكلىپ قىلىنىپ ، بۇ سورۇنلاردا هاسان تەمبۇر ، بارات تەمبۇر ، زۇنۇنكام ، قەرەخۇنكام ، نىيازكام دۇتار ، سونۇمكام قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان . ئۇ يەنە خەنزۇلارنىڭ ۋاڭ بوچىڭ دېگەن [1] سازەندىسىگە ئۈچ يىللىق ھەق تۆلەپ ياڭچىڭ چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن .

هېزىم موللا ياش ۋاقتىدا سەنئەت جەھەتتە كۆپ ئىزدەنگەن ، ئەينى يىللاردىكى نۇرغۇن داڭلىق سازەندىلەر بىلەن ئۇچراشقان بولغاچقا ، مۇزىكا بىلىمى ئەتراپلىق ئىدى ، ئەلى خەلق ناخشا ـ سازلىرى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ نەغمە ، مەرغۇللىرىنى پىششىق بىلەتتى ، دۇتار چېلىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى . شۇڭا ، 1934 ـ يىلىدىن كېيىن قازانچى (5 ـ رايون ) تەۋەسىدە قۇرۇلغان سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى ۋە «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» قارمىقىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ ئۇستازلىق ۋە تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئۆتىگەن .

---

① ۋاڭ بوچىڭ — بۇ كىشىنىڭ مىللىتىنى بەزىلەر خەنزۇ ، بەزىلەر مانجۇ دېيىشىدۇ .



ئارتىس ئامىنە قادىر

1955 - يىلى ھېزىم موللا قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەيىنلىنىپ چىققاندىمۇ قورغاس ناھىيىسىدە سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىنى تەشكىللەپ ، كۆپلىگەن ياشلارنى تەربىيىلەپ ، قورغاس ناھىيىسىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان . ئۇ ئۇيۇشتۇرغان كۇرۇژۇكلارنىڭ نۇرغۇن نومۇرلىرى ئەينى يىللاردىكى سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتلىنىپ ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن .

ئەينى يىللاردا غۇلجىدا «سەنەم» رولىنى ئېلىش بىلەن داڭق چىقارغان گۇلسۇم ، ئاتاقلىق ئارتىسلاردىن ئامىنە قادىر ، پاشا ئىشان ، مەريەم كېرىم ، چاڭچى ماخمۇتجان ، مەشچى ئابدۇرېھىمكام ، تۇرسۇن تېيىپ ، مۇساجان روزى ، ئابدۇكېرەش ئەلى ، غىياسىدىن بارات ، قۇربان ئۆمەر ، داۋۇتجان ناسىر قاتارلىق نۇرغۇن تالانتلىق سەنئەتچىلەر ھېزىم موللىدىن دەرس ئالغان ياش نوتىلار ئىدى .

تۆھپىكار ئۇستاز ھېزىم موللا 1986 - يىلى ئاپرىلدا غۇلجىدا 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

9

# تەمبۇرچى مەتتاھىر ھەسەن



تالانتلىق چالغۇچى مەتتاھىر ھەسەن

مەتتاھىر ھەسەن 1904 ـ
يىلى تۇغۇلغان.
مەتتاھىر ھەسەننى كى-
چىك چاغلىرىدا بوۋىسى ئىبرا-
ھىم ئاخۇن ئۆزى بىلەن ئە-
گەشتۈرۈپ كارۇشاڭ ئاخۇ-
نۇم، غازى كور قاتارلىق داڭ-
لىق سازەندىلەر جەم بولغان
مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارغا ئې-
لىپ باراتتى. كېيىن ئۇ موز-
دۇزلۇققا شاگىرتلىققا كىر-
گەن. ئەينى چاغلاردا موزدۇز
كاسىپلار ئارىسىدا ئۇستا سا-
زەندىلەر بار ئىدى. بۇ سازەندىلەرنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش
ئۈچۈن يەنە موزدۇزخانىلارغا ئاجايىپ ناخشىچىلارمۇ كېلىپ ـ
كېتىپ تۇراتتى. بۇنداق تۇرمۇش مەتتاھىر ئۈچۈن دەسلەپكى
سەنئەت مەكتىپى بولدى. ھۈسىيىن تەمبۇر، سىدىقجان زىلاۋ-
دۇن ھاجى، زۇنۇن پايىنەك قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتچىلەرنى
مەتتاھىرنىڭ دەسلەپكى ئۇستازلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەتتاھىر

هەسەن ئۇلاردىن دۇتار ، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن .


1934 ـ يىلى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندا مەتتاھىر هەسەن بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سازچىلار تەركىبىدە ئىشلىگەن ، روزى تەمبۇر ئاچقان كۇرسلاردا مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن ، «قۇرغۇيۇم» ، «گۇلزارەي» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان . ئۇ شىنجاڭدىكى سەنئەت سېپىدە ئۆتكۇزگەن يىگىرمە يىللىق ئۆمرىدە غۇلجا ، ئۇرۇمچى ، تارباغاتاي قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سەنئەت تەشكىللىرىدە ئىشلەپ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئۇچۇن كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن .

مەتتاھىر هەسەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىزىستانغا كۆچۈپ بارغان . كېيىن ، فىرۇنزى شەھىرىدىكى رىسپوبلىكىلىق خەلق ئىجادىيىتى ئۆيىدە ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ رەھبىرى بولغان . 1970 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆزبېكىستاندا تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبىلىغا تەكلىپ قىلىنىپ ، ئۇن ئىككى مۇقامنى توپلاش ، رەتلەش ، پىلاستىنكىغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان . ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى تونۇلغان مۇقامچىلاردىن سۇلتان مۇرات ، قادىر رازى مەمەتوف ، ئەركىن يونۇسوف ، سەيدەكرەم تۆلەگەنوف ، ئايتۇرغان ھاسانوۋا قاتارلىق نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۇرگەن .

تالانتلىق سازەندە مەتتاھىر هەسەن 1987 ـ يىلى 83 ـ يېشىدا فىرۇنزىدا ۋاپات بولدى .

## 10

# سازەندە نۇرمۇھەممەت ناسىر



چالغۇچى نۇرمەھەممەت ناسىر

نۇرمۇھەممەت ناسىر 1906- يىلى تۇغۇلغان.

نۇرمۇھەممەت ناسىرنىڭ ئاكىلىرى ئوسمان ۋە ئەھمەت پاخلار غۇلجىدىكى ئۇستا سازەندىلەردىن ئىدى. نۇرمۇھەممەت ناسىر دەسلەپكى مۇزىكا بىلىملىرىنى ئۆز ئاكىلىرىدىن ئالغان. كېيىن، ھۇسىيىن تەمبۇر، رۇشىدىن ئاكىلاردىن ساز ئۆگەنگەن. روزى تەمبۇر چاقىرغان مۇقام كۇرسلىرىدا تەربىيىلىنىپ ئىلى مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1939 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئىلى تىياترىدا ئىشلەپ ساز چېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان.

نۇرمۇھەممەت ناسىر 1956 - يىلىدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، تالدىقورغان ئوبلاستى فانفىلوۋ رايونىدىكى «بىرلىك كولخوزى»غا قاراشلىق چۇلۇقاي يېزىسىغا

كېلىپ ئورۇنلىشىپ باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . يېزا كۇ-
لۇبلىرىدا ياشلارغا ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام كۈيلىرىنى
ئۆگەتكەن . 1958 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە قازاقىستان
ياركەنت رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ساز باشلىقى قاتارلىق
خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن . 1968 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە
تاشكەنتتە ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا بېرىش خىزمەتلى-
رىگە قاتناشقان .

نۇرمۇھەممەت ناسىر ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەشتۇ-
رۇپ ئېيتىشنىڭ ماھىرلىرىدىن ئىدى . ئۇ 1989 - يىلى 83
يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

# 11

## ماھىر تەمبۇرچى غوپۇر يۇسۇپ



ئاتاقلىق سازەندە غوپۇر دىخخولو

تەمبۇر ۋە چاڭ چېلىش- تىكى ئۇستىلىقى، ئۆتكۈر چاقچاقچىلىقى بىلەن داڭق چى- قارغان سازەندە غوپۇر يۇسۇپ قادىر ھاجىيوف (غوپۇر دىڭ- خولو) 1916 - يىلى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇل- غان.

غوپۇر يۇسۇپنىڭ دادىسى دۇتار، تەمبۇر، چاڭ، ناغرا، سۇناي دىگەندەك ھەرخىل چال- غۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايتتى. ئۇ ئۆز ئوغلى غوپۇرغىمۇ مۇزىكا جەھەتتىكى دەسلەپكى بىلىم- لەردىن دەرس بەرگەن. غوپۇر ھەرخىل مۇزىكىلارنى چېلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ، ئۇ تەمبۇر چېلىشتا كىچىكلا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي غۇلجا سانائىنەپىسگە قوبۇل قىلىنغان. بۇ سەنئەت ئوچىقىدا ئۇ ھاسان تەمبۇر، ھۇسىيىن تەمبۇر، تېيىپ غىجەك قاتارلىق شۆھرەتلىك

نەغمىچىلەر بىلەن ئۇچراشقان . روزى تەمبۇرنىڭ مۇقام كۆرسىتىشىغا قاتنىشىپ مۇقامچىلار دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن .

غوپۇر يۇسۇپ 1958 ـ يىلى قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىپ ، ئالمۇتىدىكى رىسپوبلىكىلىق ئۇيغۇر مۇزىكا ـ كومىديە تىياتىرىدا ئىشلىدى ۋە تىياتىرنىڭ باشلامچى سازەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . يەتتىسۇ تەۋەسىدە ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئومۇمىيلىشىشىغا چوڭ تۆھپە قوشتى . ئۇ «ناۋا» ئانسامبىلىنىڭ ئون ئىككى مۇقام كونسېرتلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرىدا ئۇستازلىق رولىنى ئۆتىگەن ، تاشكەنتتىكى ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان .

داڭلىق سازەندە غوپۇر يۇسۇپ 1989 ـ يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولدى .

12

## قابىلىيەتلىك مۇزىكانت سۇلتان مۇرات



قابىلىيەتلىك مۇزىكانت سۇلتان مۇرات

ئاز ئۇچرايدىغان مۇزىكىلىق تۇيغۇغا ئىگە سۇلتان مۇرات 1919 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان.

سۇلتان مۇرات ئون نەچچە يېشىدىلا دۇتار، تەمبۇر، غىجەكلەرنى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇ 1940 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە غۇلجا تىياتىرىدا مۇزىكانت بولۇپ ئىشلەپ، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، مەتتاھىر ھەسەن قاتارلىق داڭلىق سازەندىلەردىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۇردى. بىر مەزگىل ئۇرۇمچى، بېيجىڭ قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سەنئەت مەكتەپلىرىدە مۇزىكا مۇئەللىمى بولدى.

سۇلتان مۇرات كېيىن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىپ، ئالمۇتا شەھىرىدىكى مۇزىكىلىق دراما تەركىبىدە بىر ئاز ۋاقىت ئىشلىگەندىن كېيىن، 1955 - يىلى قازاقىستان ئۇيغۇر رايونى ئاقسۇ

يېزىسىدا ئۇيغۇر مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىنى تەشكىللىدى . سۇلتان مۇراتنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ ئانسامبىل ياشلار ۋە ستۇدېنتلارنىڭ موسكۋا خەلقئارا فېستىۋالىدا لائۇرېيانت بولغان . 1960 ـ يىلى بۇ ئانسامبىلغا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن «خەلق تىياتىرى» نامى بېرىلگەن .

سۇلتان مۇرات ئۆزبېكىستاننىڭ تەكلىپى بىلەن تاشكەنتكە كۆچۈپ بېرىپ ، تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش ، لېنتىغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ ، شۇ ئانسامبىلنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى . ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس خالىسخان قادىرىۋا ۋە ئەركىن يۇنۇسوف قاتارلىق سەنئەتچىلەر تاماشىبىنلارغا كەڭ تونۇلغان .

سۇلتان مۇرات «تارىم ۋالىسى» ، «ۋەتەنگە سالام» ، «دوستلۇق» قاتارلىق 50 تىن ئوشۇق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان . سەنئەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرگەن ئەجرى ئۈچۈن 1979 ـ يىلى ئۇنىڭغا «ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» نامى بېرىلگەن .

قابىل تەشكىلاتچى ، ئاتاقلىق مۇزىكانت سۇلتان مۇرات 1997 ـ يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

# 13

## مۇقامچى قادىر رازى



قادىر رازى

قادىر رازى مۇھەممەتوف 1924 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان .

قادىر رازى بالىلىق دەۋرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈپ ، قەشقەر خەلق ئاھاڭلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەن . ئۇ 14 يېشىدا ئىلى ناخشا ـ سازلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىشتىياقىدا پىيادە يولغا چىقىپ ، غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ چايخانا ، ئاشخانىلاردا ئىشلىگەن . ئەينى يىللاردا بۇ يەردىكى چايخانىلاردا شەھەرنىڭ ماھىر چالغۇچىلىرى يىغىلىپ نەغمە قىلىشاتتى . قادىر رازى ئۇلاردىن ساز ئۆگىنىپ ، ئاستا ـ ئاستا سازچىلار قاتارىغا قېتىلغان . كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە كېلىپ ئوقۇغان ۋە مەتتاھىر ھەسەن بىلەن تاغىسى سەيدۇللا رەخمىتۇللايوف يېتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن بەدىئىي ھەۋەسكارلار ئۆمىكىگە قاتنىشىپ دۇتار ، راۋاب ، ناغرا چېلىش ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەن .


1946 ـ يىلى ئۇ يەنە غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ «ئىتتىپاق» تىياتىرىدا ئىشلىگەن . بۇ يەردە ئۇ روزى تەمبۇر ، زىكرى ئەلپەتتا ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ، مەتتاھىر ھەسەن قاتارلىق سەنئەتچىلەردىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن . ئۇ يەنە قەشقەر ، كۇچا ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئېيتىش شەكلىنى ئىشلەپ چىقىپ ، سەھنىلەرنى جانلاندۇرغان .

قادىر رازى كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ ، 1961 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئالمۇتا ئۇيغۇر مۇزىكا ـ كومېدىيە تىياتىرىدا ئىشلەپ «پەرھاد ـ شىرىن» ، «غېرىب ـ سەنەم» ، «تاھىر ـ زوھرا» ، «نەسرىدىن ئەپەندى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە باش قەھرىماننىڭ رولىنى ئېلىپ ، ئۇنتۇلماس ئوبرازلارنى ياراتتى . قادىر رازى «ۋەتەن مۇھەببىتى» ، «ساتارىم بار» ، «بەختىمىزگە خۇشالمەن» قاتارلىق بىرقاتار ناخشا ـ سازلارنىمۇ ئىجاد قىلغان . ئۇ ئون ئىككى مۇقام مۇقەددىمىلىرىنى يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنداش بىلەن ، تاشكەنتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش ، لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان .

قادىر رازى 1976 ـ يىلى 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

## 14

# سازەندە زوردۇن نۇسرەت



چالغۇچى زوردۇن نۇسرەت

زوردۇن نۇسرەت 1904 ـ
يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ توغ ـ
رىكۆۋرۈك مەھەللىسىدە تۇ ـ
غۇلغان . ئۇ كىچىكىدىنلا دو ـ
رامچى ، قىزىقچى ، خۇشچاق ـ
چاق ، سازغا ھەۋەسكار بالا بو ـ
لۇپ ، سازچىلار ساز چالغان
سورۇنلارنى ئەگىپ كېتەل ـ
مەيتتى . ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى
دەسلەپكى ئۇستازى سىدىقجان
زىلاۋىدۇن ھاجى ئىدى .

1934 ـ يىلى غۇلجىدا
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا
سانائىنەپىسە تەشكىل قىلىنغاندا زوردۇن نۇسرەت بۇ سەنئەت
تەشكىلىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ ھاسان تەمبۇر ، ھۇسى ـ
يىن تەمبۇر ، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا پىيشىۋالىرىدىن ساز
ئۆگەنگەن ، دۇتار ، تەمبۇر چېلىشنى پۇختا ئىگىلىگەن . ئۇ خەلق
ئاھاڭلىرى ۋە مۇقام نەغمىلىرىنى تەمبۇردە نەپىس ئورۇنلاپ
ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلالايتتى ، سەھنە ئەسەرلىرىدە سەل ـ


بىي روللارنى ئېلىش بىلەن مەشھۇر ئىدى . ئۇ غۇلجا خەلقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى توي - تۆكۈن ، ھېيت - بايرام ، مەشرەپ سورۇنلىرىنى مۇقام ئېيتىش ، گۇلدەستە ، پانۇس ۋە كىيمە ئويۇنلىرى بىلەن ئاجايىپ قىزىتقۇچى ئىدى . ئۇ ئېيتقان لەپەرلەر ، سەھنە قىزىقچىلىقلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيتتى .

زوردۇن نۇسرەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە بولغان دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىلى تىياتىرىدا سازەندە ۋە سەھنىدە رول ئالغۇچى ئارتىس بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلدى . ئەينى يىللاردا ئىلىدا شۇنچىۋالا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىمۇ زوردۇن نۇسرەتتەك قابىل سەنئەتچىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى . ئۇ «نازىرگوم» ، «قارا يورغام» قاتارلىق كومېدىيىلىك نومۇرلارغا ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى قېتىپ ، ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ ئىشلەپ چىققان . شۇنداقلا ، ئۇ ئىلىدىكى مەشھۇر چاقچاقچىلارنىڭ بىرى ئىدى . ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان : «بىز ئەسلىدە چاقچاقلىشىشنى زوردۇنكامدىن ئۆگەنگەن» دېگەن ئىدى .

پۈتۈن ئۆمرىدە سەنئەتنى سۆيۈپ ، سەنئەت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئادىل خىزمەت قىلىپ ئۆتكەن ، كەمتەر ، خۇشچاقچاق ، ئاقكۆڭۈل بۇ ئادەم 1975 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

# 15

## مۇقامچى ئابلاخان كېپەك



مۇقامچى ئابلاخان كېپەك

ئىلىدىكى پېشقەدەم ئارتىس، تەسىرى بار مۇقامچىلارنىڭ بىرى مەرھۇم ئابلاخان كېپەك ھايات ۋاقتىدا شەخسىي تارىخىنى ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق بايان قىلغان ئىدى:

«مەنكى ئابلاخان كېپەك ئوغلى 1912 - يىلى غۇلجا شەھەر يېڭى مەھەللە (ھازىرقى ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جايلاشقان ئەتراپ)دا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلدۇم. دادام كېپەك ئاخۇن مۇسابايوفنىڭ تېرە زاۋۇتىغا ئىلى دەرياسى ئارقىلىق تاغدىن سال بىلەن قوۋزاق ئەكىلىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئانامنى بىلمەيمەن، ئۇ كىچىك چېغىمدىلا دۇنيادىن كەتكەن ئىكەن. بىز ئۈچ ئوغۇل بىللە تۇراتتۇق. 1925 - يىلىغىچە دادام بىلەن بىرگە بولدۇم. دادام رەھمىتى ئۆلۈپ، چوڭ ئاكامنىڭ قولىدا تەربىيىلەندىم. چوڭ ئاكام نىزاخۇن جاللاپلىق قىلاتتى. مەن ھەر كۈنى بازارغا

چىقىپ ، ئاشخانا ، مويكا ، كېيىن مۇساباىيوفلارنىڭ زاۋۇتىغا قوۋ-زاق توشۇپ سېتىپ ئۆزۈمنىڭ راسخوتىنى تېپىپ ، كېچىسى ئاكامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ياتاتتىم . 1932 - يىلنىڭ چىقىشى چوڭ ئاكام ۋاپات بولدى . ئىككىنچى ئاكام روزاخۇن بىلەن تالادا قالدۇق . كۆپچىلىك مېنى يۇسۇپ ئاخۇن دېگەن موزدۇز ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەردى . روزاخۇن ئاكام ئاغرىقچان ئىدى . دۇكانغا ئاكامنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ، شۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىدىم . قولۇم بېخىنچىلىققا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇستام ماڭا هازىرقى پۇلغا قىرىق يۈەن چامىسىدا ئايلىق بېرىدىغان بولدى . بۇ پۇل بىلەن ئاكام ئىككىمىز ئايدىن - ئايغا ئاران ئۇلىشاتتۇق .

كېيىن ، ئىككىنچى ئاكام تۇتقاقلىق كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كېسىلىنى مەن داۋالىتىپ كېتەلمىدىم . ئاكام بىر كۈنى تۆت كوچا ئېغىزىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپلا تۈگەپ قالدى . بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن ئۇستام بىر ئايلىق مائاشىمنى ئالدىن بەردى . ئاكامنى مۇساپىرخانىغا ئاپىرىپ ، يۇيۇپ دەپنە قىلدىم . يېتىمچىلىك ، يالغۇزچىلىق ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى . كېچىلىرى مەهەللىدىكى ياش باللار دۇكانغا يىغىلىپ هالىمنى سوراپ تۇراتتى . دەردىمنى دۇكاننىڭ تېمىغا ئېسىقلىق تۇرىدىغان دۇتارنىڭ مۇڭى بىلەن يېنىكلىتىدىغان بولدۇم .

1936 - يىلى ئۆزبېك كۇلۇبىدا ئۆزبېك ياچېيكىسىنىڭ ئويۇنىنى كۆردۈم . نەسرۇللا قارى[1] ئاكىنىڭ يېقىن سەپدىشى ھەبىبۇللا نەيچىنىڭ چالغان نېيى ماڭا بەكمۇ مۇڭلۇق تەسىر قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى دۇكاندا ئىشىم تۈگىشى

---

① نەسرۇللا قارى — پەرھەتى ، ئۆزبېك شائىرى .

بىلەنلا ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە بېرىپ ساز ئاڭلايدىغان بولدۇم . مېنىڭ دۇتارغا ئۇستا ئىكەنلىكىمنى بىرسى ئېيتىپ قويغان ئوخشايدۇ ، بىر كۈنى ھەبىبۇللا نەيچى مەندىن :

— ئۇكا ، بىر دۇتار چېلىپ بەرسەڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى .

خۇشال بولۇپ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان سازلارغا چالدىم . ئاڭلاپ تۇرغانلار ماختاشتى . مەن ھەبىبۇللا نەيچىگە : «ئۇستاز ، مەن بىر يېتىم بالا ، موزدوزلۇق قىلىمەن . ئاتا ـ ئانا ، قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلدىم . سىزنىڭ نېيىڭىزنى ئاڭلىسام دەردلىك كۆڭلۈمگە ئارام بولىدىكەن . ماڭا نەي چېلىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز ، سىزگە خۇدا رەھمەت قىلار !» دېدىم .

ھەبىبۇللا نەيچى ماقۇل بولۇپ ماڭا بىر نەينى بەردى . ھەر كۈنى كەچتە ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىغا بارىدىغان بولدۇم . ھەبىبۇللا نەيچى بەزى كۈنلىرى توي ـ تۆكۈنلەرگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى . مەن ئۇلارغا دۇتار چېلىپ بېرىپ يۈردۈم . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بىلەن ئىككى يىل بىرگە بولدۇم ، نەينى ئوبدان ئۆگەندىم .

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئورۇندا سەنئەت ئۆمىكى بار ئىدى ، چوڭ ئورنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ، كىچىك ئورنى ئوردا مەھەللىسىدىكى سەنئەت ياچېيكىسىدا ئىدى . مېنىڭ نەي چېلىپ يۈرگەنلىكىمنى زىكرى ئەلپەتتا بىلەتتى . بۇ كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئوردا مەھەللىسىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە كىرىپ نەي چالدىم ، سەنئەت نومۇرلىرىغا قاتناشتىم . ئۇزۇن ئۆتمەي مېنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلد-

دى . بۇ ئۆمەكتە نەي چالدىم . كېيىن تەرەققىي قىلىپ چوڭ ـ چوڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينايدىغان بولدۇق . مەن «غېرىب ـ سەنەم»دە قۇرئانداز ، ساتارچى بوۋاي ، جۇنەيدىل باغدادى قاتارلىق روللارغا چىقتىم .

سەنئەت كەسپىم تەرەققىي تاپقاندىن كېيىن ، يېتىم باللار يۇرتىغا ساز مۇئەللىمى بولۇپ بەلگىلەندىم . ھەر ئايلىقىم ئۈچۈن يۈز جىڭ ئۈن بېرەتتى . ئوتتۇز بالا دۇتار ، تەمبۇر ، نەي ، چاڭ قاتارلىق سازلارنى بىرقەدەر ئۆگەندى . تۇرمۇشۇمۇ ياخشىلىنىپ قالدى . 1939 ـ يىلى ئۆزۈمدەك بىر يېتىم قىزغا — ھازىرقى باللىرىمنىڭ ئانىسى تاجىخانغا ئۆيلەندىم . مەھەللىدىكى موزدۇز ئۇستاملار ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ ، بىر تېيىن چىقىم قىلدۇر- ماي نىكاھلاپ قويدى . بىر ئىدىم ، ئىككى بولدۇم ، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ياخشىلاش يولىدا ئىزدەندىم . بىكار بولغان چاغلىرىمدا يەنە موزدۇزلۇق كەسپىمنى قىلدىم .

بىر كۈنى دۇكاندا ئىش تىكىپ ئولتۇرسام چۆچەكلىك بىر ئادەم كېلىپ ئاياغ كىيىم بۇيرۇتتى . ئۇ دۇكىنىمدىكى چالغۇلارغا قاراپ سازەندە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ :

— ئۇستام ، سىلى چۆچەككە بارسىلا ، ئۇ يەردە گارمۇندىن باشقا سازنى چالىدىغان ئادەم يوق . سىلىدەك بىر سازەندە بارسا ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، — دەپ مېنى قىزىقتۇردى .

شۇ ئادەمنىڭ گېپى بىلەن 1939 ـ يىلى چۆچەككە باردىم . راست دېگەندەك ، چۆچەكلىكلەر مېنى قىزغىن قارشى ئالدى . ئۇيۇشما مەسئۇلى ماڭا بىر قىسىم ياشلارغا ساز ئۆگىتىش ۋەزى- پىسىنى تاپشۇردى . ئۇ چاغدا سەيپىدىن ئەپەندى (سەيپىدىن


ئەزىزى ) چۆچەك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىسى ۋە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ كاتىپى ئىكەن ، ئايالى ئايىمخانمۇ سەنئەتچى ئىدەكەن . ئويۇشما ماڭا ھەر ئايدا 30 سوم راسخوت پۇلى بېرەتتى . يەنە ئۆزۈمنىڭ موزدوزلۇق كەسپىمنى قىلاتتىم . شۇنداق قىلىپ ، چۆچەكتە ئىككى يىل تۇردۇم . «ئارشىن - مال ئالان » ، «قانلىق داغ » قاتارلىق دراما ۋە باشقا كونسېرتلارنى ئوينىدۇق . سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئايىم باش روللارنى ئالدى . كېيىن ، دۆربىلجىندىكى ھەۋەسكارلار تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئويۇشما مېنى دۆربىلجىنغا ئەۋەتتى . ئۇ يەردىكى بۇرادەرلەرگە ئىخلاس بىلەن ساز ئۆگەتتىم . بۇ يەردە ئىككى يىلچە تۇرۇپ قالدىم .

1944 - يىلى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالدى . چۆچەكتىكى غۇلجىلىقلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەڭ خەتەرلىك ئادەم بولۇپ قالدۇق . بۇنىڭدىن چۆچۈپ ، بىر كېچىسى ھارۋا كىرا قىلىپ بورتالاغا كەتتۇق . كەڭسايى يولى توسۇلۇپ قالغاچقا بورتالادا تۇرۇپ قالدۇق . 1944 - ئىيۇلدا غۇلجىغا ئاران كېلىۋالدۇق .

كېيىن مېنى سەنئەت ئۆمىكىگە چاقىرتىپ مائاشلىق سەنئەتچى قىلىپ بېكىتتى . شۇنىڭ بىلەن سەنئەتتىكى يېڭى ھاياتىم باشلاندى . ئۆمىكىمىزدە روزىكام (روزى تەمبۇر ) باشلىق پېشقەدەم ئۇستازلار بار ئىدى . 1956 - يىلىغا كەلگەندە روزىكامنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىششقا باشلىدى . تەشكىل دەرھال بىر بۆلۈم كىشىلەرنى ئاجرىتىپ ، روزى تەمبۇردىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشقا ئويۇشتۇرۇپ كۇرس ئاچتى . بۇ كۇرسقا مەنمۇ قاتناشتىم . بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىمنى زايا قىلماي تىرىشىپ ،

كۈرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ مۇكاپات ئالدىم . مەن ئۆگىـ
نىپ ئېيتقان مۇقاملارنى خەلق ياقتۇرۇپ ئاڭلاپ روھىمنى كۆ-
تۈردى . ئوپېراالاردا جانلىق رول ئېلىشىم بىلەن كۆپلىگەن سەھنە
ئەسەرلىرىنى ئويناشقا قاتناشتىم . كونسېرتلاردا زوردۇن نۇسرەت
بىلەن ئورۇنلىغان «قارا يورغا» دېگەن نومۇرنى تاماشىبىنلار بەك
ياقتۇرۇپ كۆردى ... 1975 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقتىم .»
خەلق سەنئەتچىسى ئابلاخان كېپەك 1989 ـ يىلى غۇلجىدا
77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

## 16


داڭلىق ئارتىس مەرۇپ ناسىرى

بۇ دەۋردە ئۆتكەن كىشىـ
لەردىن يەنە قابىل ئارتىس ۋە
سازەندە ، تەشكىلاتچى مەرۇپ
ناسىرى ، ئىقتىدارلىق كومپو-
زىتور ئابدۇنەبى ماناپوف ،
داڭلىق ئىسكىرىپكىچى سەيـ
دۇللا رەخمەتۇللا قاتارلىق
كىشىلەرنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشكە
تېگىشلىك .
مەرۇپ ناسىرى 1893 ـ
يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان . ياشـ
لىق دەۋرلىرىدە ياركەنت
خەلق سەنئەت ئۆمەكلىرىنى

تەشكىللەش ئىشلىرىغا قاتناشقان . 1934 - يىلىدىن كېيىن غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى تىياتىرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان . «ئانارخان» ، «قانلىق داغ» ، «غېرىب - سەنەم» ، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق روللارغا چىققان ، «ئانارخان يارلىرىم» ، «زامانەڭگە ئوقۇپ لەنەت» ، «ئەتىياز پەسلى — خۇشاللىق پەسلى» ، «ئويغان غەپلەتتىن خەلقىم» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان ، «غېرىب - سەنەم» ناخشىلىرىنى رەتلەشتە چوڭ تۆھپە قوشقان . مەرۇپ ناسىرى 1953 - يىلى غۇلجىدا 60 يېشىدا ئارىمىزدىن كەتتى .



داڭلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ئابدۇنەبى ماناپوف

ماھىر راۋاپچى ئابدۇنەبى ماناپوف غۇلجا سانائىنەپىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چالغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئابدۇنەبى ماناپوف 1911 - يىلى تۇغۇلغان . ئۇ «غېرىب - سەنەم» ، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىگە بىر قىسىم ئاھاڭلارنى ئىشلەپ كىرگۈزگەن ، «ئاھ ھېكىم» ، «ئاشۇ باغ» ، «بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن» ، «پەرەڭ ياغلىق» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان ، غۇلجا ۋە ئال-

مۇتا ئۇيغۇر تىياتىرلىرىدا لەپەر ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئا-
ساس سالغان. ئابدۇنەبى ماناپوف 1965 - يىلى 54 يېشىدا
ئالەمدىن ئۆتتى.

غۇلجا سانائىنەپىسىنىڭ دەسلەپكى چالغۇچىلىرىنىڭ بىرى،
داڭلىق ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللا رەخمىتۇللا (1905 — 1970)
نىڭ تۆھپىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى
تىياتىرلىرىنى قۇرۇشقا قاتناشقان، «كۆز ئۇيقىدا» قاتارلىق ئا-
جايىپ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان.

مۇشۇ يىللاردا يەنە خەلق ناخشىچىسى جانى يولداشوفنىڭمۇ
تەسىرى چوڭقۇر بولدى.


ئاتاقلىق ئىلى خەلق ناخشىچىسى
جانى يولداشوف

ئىلى خەلق ناخشىلىرى-
نىڭ داڭلىق ئىجراچىسى جانى
يولداشوف 1908 - يىلى تۇ-
غۇلغان. ئۇ بالا ۋاقتىدىنلا
ياڭراق يۇقىرى ئاۋازغا ئىگە
بولۇپ، مەشھۇر خەلق نەغمە-
چىلىرىدىن هاسان تەمبۇر،
روزى تەمبۇر، ئاقتىپىپىها-
جىملارنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇ-
لار بىلەن مەشرەپ، سورۇن-
لاردا بىللە بولۇپ، ناخشىلار-
نىڭ ئەۋجىنى كۆتۈرۈشۈپ بى-
رىدىغان «كىچىك ئىلپەت»
بولۇپ قالغان ئىدى. جانى

يولداشوف «ئەۋرىشىم» ، «كوچا ناخشىسى» ، «جانەي» قاتار-لىق ئەۋجى ناھايىتى يۇقىرى خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى . بەزى مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى جانى يولداشوف بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى «ياركەنت ئۇسلۇبى» دەپ قارايدۇ .

جانى يولداشوف ماھىر ناخشىچىلا بولۇپ قالماستىن يەنە تالانتلىق ئارتىس ئىدى . جانى يولداشوف بىلەن زىكرى ئەلپەتتا يېقىن بۇرادەرلەردىن ئىدى . ئۇلار ئەينى يىللاردا ئوينالغان سەھ-نە ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن ئورتاق ئە-جىر سىڭدۈرگەن . جانى يولداشوف سەھنە ئەسەرلىرىدە خان – پادىشاھلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان . بەزىدە باش روللاردىكى ئارتىسلار ئورۇندايدىغان مۇھىم ناخشىلارنى سەھنە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جانى يولداشوف ئۆزى يال-غۇز ئېيتقان ۋە زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئورۇنلى-غان ئۈچ يۈزۈش ئىلى خەلق ناخشىلىرى لېنتىغا ئېلىنغان ئىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردا بۇ لېنتا يىتىپ كەتكەن . كېيىن مەرھۇم تېيىپجان ھادى نۇرغۇن ئىزدىنىپ بۇ لېنتىنى تېپىپ ، ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى-نىڭ ئەينى يىللاردىكى رەھبىرى ھېبىبۇللاغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . بۇ لېنتىنىڭ كۆچۈرمىسى ھازىر ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ساقلانماقتا . بۇ ئىلى كلاسسىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۈرۈشلىرى-نى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال .

جانى يولداشوف 1969 – يىلى 61 يېشىدا ئارمىزدىن كەت-تى .

# 17

1934 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە تېخى كۇلۇب يوق ئىدى . سانائىنەپىسە تەييارلىغان ئويۇنلىرىنى دەسلەپتە ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسى ) ، ھۇسەينىيە مەكتەپ ، شەنگەن باغ (كېيىنكى ئىشچىلار كۇلۇبىنىڭ ئورنى ) ، گۇل- شەنباغ (ھازىرقى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنى ) ئايدۆڭ مەك- تەپ ، خانىقا مەكتەپ ، تائالىيە مەكتەپ ، ياردەم مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردا سەھنە ياساپ ئوينىغان ئىدى . ھەر يىلى ئاپرىل باي- راملىرىدا ئالتۇنلۇقتىكى تاللىقتا سەھنە ياساپ كونسېرت نومۇر- لىرىنى كۆرسەتتى .

1936 ـ يىلى ، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەقەز- زاسى بىلەن ، ھەر مىللەت مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئاساسىدا «مىللەتلەر كۇلۇبى» سېلىندى (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتى ئورنىدا ) . بۇ ، چوڭ تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا بولىدىغان زامانىۋى كۇلۇب بولۇپ ، مىڭدىن ئوشۇق تاماشىبىن سىغاتتى ، مۇكەممەل سەھنە ، سازەندىلەر ئورنى ، كىيىم ساقلاش ئۆيى ، گىرىمخانا ۋە دەم ئېلىش ئۆيلىرى بار ئىدى . ئەينى يىللاردا سانائىنەپىسە «قانلىق داغ» ، «ئارشىن ـ مال ئالان» ، «غېرىب ـ سەنەم» ، «پەرھاد ـ شېرىن» ، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى شۇ كۇلۇبتا ئوينىغان . 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يوق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، ئۆكتەملىك بىد-

لەن «مىللەتلەر كۇلۇبى»نى تارتىۋالدى . كېيىن ، خەلقنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن كۇلۇبنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ ، «كۇلۇب كېرەك بولسا سېتىۋېلىڭلار !» دەپ يۇقىرى باھا قويۇپ تۇرۇۋالدى . نەتىجىدە ، ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ئۇيۇشمىلىرى بىرلىشىپ پۇل چىقىرىپ كۇلۇبنى قايتۇرۇۋالدى . شۇنىڭدىن باشلاپ «مىللەتلەر كۇلۇبى»نىڭ نامى «ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز كۇلۇبى» (ئۇ قا قى كۇلۇب )دەپ ئاتىلىدىغان بولغان ئىدى .

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غۇلجىدا «ئۇ قا قى كۇلۇب»تىن باشقا يەنە «روس كۇلۇبى» (ھازىرقى شەھەرلىك بانكىنىڭ ئورنىدا ) ، «خەنزۇ كۇلۇبى» (خەنزۇ بازىرىدا ) ، «ئۆزبېك كۇلۇبى» (ھازىرقى 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە ئىدى ، كېيىن ئوت كەتكەن ) ، «تاتار كۇلۇبى» (6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە ) قاتارلىق كۇلۇبلار ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىنىدى .

بۇ كۇلۇبلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىنىشى چوڭ تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىدە ئويناش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇردى . شۇ يىللاردا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . «ئون ئىككى مۇقام» نوقۇل ئوردا مۇزىكىسى بولۇشتىن خەلقنىڭ چىن مۈلكى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى . بۇ دەۋردە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەنگەن نۇرغۇن ناخشىلار ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەركىبىنى تېخىمۇ بېيىتتى . ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇقا ئايلاندى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن

كېيىن، ئىلى تىياترىغا ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى جەلپ قىلىنىپ «ئىتتىپاق» تىياترى بولۇپ قۇرۇلدى.①

خەلقىنىڭ سەنئەتكە بولغان تەشنالىقى كۈچلۈك، سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولغاچقا، مۇشۇ دەۋردە نۇرغۇن ناخشا ـ مۇزىكىلار ئىجاد قىلىنغان ئىدى. ھازىر بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ زادى كىمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلماق تەس. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا بىرى ئىشلەپ كەلگەن ناخشا ياكى مۇزىكىنى ئىككىنچى بىرى تۈزىتەتتى، يەنە بىرى تولۇقلايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتىگە ئايلىنىپ كېتەتتى.

---

① كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى 7 ـ سۈرەتكە قاراڭ.

## تۆتىنچى قىسىم

# ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى

ئازادلىقتىن كېيىن سەنئەت سېپىگە يەنە يېڭى - يېڭى كۆچلەر قوشۇلۇپ سەنئەت گۈلزارىمىزنى تېخىمۇ چاقناتتى . قۇ-مۇل ۋە قەشقەرنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى ، كۇچانىڭ شوخ پەدىلىرى ئىلىغا يېتىپ كېلىپ ، يەرلىك پۇراق قوشۇلۇپ ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەركىبىنى تېخىمۇ بېيىتتى . ناخشىلارنىڭ مەزمۇ-نىدا كىشىلىك مۇھەببەتنى ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ، ۋەتەنپەرۋەر-لىكنى ، ئەمگەكنى سۆيۈشنى ، دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان تېكىستلار كۆپەيدى . ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە ئورۇنلاش سەنئىتىدە ئاجايىپ يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى .

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، ئاتاق-لىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپچان ئىلىيوف ئازادلىقتىن كېيىن سەنئەت ئىشلىرىمىزدا بارلىققا كەلگەن يۈكسىلىشلەردىن سۆيۈ-نۈپ : «ئىلىدا ئۈچ كىشى سەنئەتتە ئىجادىي بۆسۈش قىلدى . بىرى ، مۇساجان روزى دۇتار چېلىشتا يېڭىلىق ياراتتى ، يەنە بىرى ، ھۈسەنجان جامى تەمبۇر چېلىشتا يېڭىلىق ياراتتى ، ئۈ-چىنچى بىرى ، ئابدۇرېھىم ئىمىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيت-تىشتا يېڭىلىق ياراتتى » دېگەن ئىكەن . سەنئەتنى چوڭقۇر چۈشى-

نىدىغان ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىنىڭ پېشقەدەم رەھبىرى — تېيىپچان ئېلىيوفنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس ئىدى . ھەربىر قابىل سەنئەتكار سەنئەتنىڭ ئۆتمۈش بىلەن كەل- گۈسىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا تۇرغان بولىدۇ . ئۇ ئالدىنقىلار- دىن ئۆگىنىدۇ ، ئۆگەنگەن يېرىدىلا توختاپ قالماي ، ئۆگەنگەنلى- رىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ ، يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈپ كەلگۈ- سىدىكىلەرگە قالدۇرىدۇ .

1

# دۇتار پىرى مۇساجان روزى


داڭلىق چالغۇچى مۇساجان روزى

مۇساجان روزى 1924 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆز- چى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان .

مۇساجان روزى ئائىلى- سىگە ئەلنەغمىچىلىك بەش ئەۋلاد مىراس ئىدى . مۇساجان روزىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى توخ- تىيار قالۇن ئۆز زامانىسىدا يەكەن خاندانلىقىنىڭ ئوردا چالغۇچىسى بولغان بولۇپ ، قالۇن چېلىش بىلەن داڭق چىقارغان . مۇساجان روزىنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇسىراخۇن ئەل ئىچىدە ساتار چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن شۆھرەت تاپقان . بو- ۋىسى مەمتىلاخۇن دۇتار بىلەن ساتارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدى- غان سازەندىلەردىن ئىدى . مەمتىلاخۇن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىر- لىرىدا مۇساجاننىڭ دادىسى روزى ئاخۇننى ئېلىپ ئىلىغا چىققان . روزى ئاخۇن كېيىن ئىلى خەلقى ئارىسىدا «روزى دۇتار» ، «روزى ساقال» دېگەنناملار بىلەن مەشھۇر بولغان .

مۇساجان روزى دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يەتتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا دۇتار ، تەمبۇر ، ساتار ، چاڭ ، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى مەشىق قىلغان . مۇزىكىغا ھېرىسمەن مۇساجان دائىم دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي مەشرەپ ، ئولتۇرۇش سورۇنلىرىغا ئەگىشىپ باراتتى . كېيىن ئۇ ، ئەينى يىللاردا ئىلىنىڭ توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ داڭق چىقارغان روزى تەمبۇر ، ھۇسىيىن تەمبۇر ، ھېزىم موللا ، ساۋۇتكام بىدىك ، جانى يولداشوف قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشنىڭ قائىدىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى . 1942 ـ يىلى ئۇ غۇلجا سانائىنەپىسگە قوبۇل قىلىندى . 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپلەردە بولدى ۋە مىللىي ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشتى .

مۇساجان روزى ئارمىيىدىن چېكىنگەندىن كېيىن ، پۈتۈن ئۆمرىنى سەنئەت مائارىپى سېپىدە ئۆتكۈزۈپ ، مىللىي مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . ئۇ 1946 ـ يىلى غۇلجا شەھەر روشەن مەكتىپىدە مۇزىكا دەرسى بەردى . 1947 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە تارباغاتاي سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا مۇئەللىمى ۋە مۇزىكانت بولۇپ تۇردى . 1949 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە دۆربىلجىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت ۋە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى . 1950 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇردى . 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدا مىللىي سەنئەت فاكۇلتېتى

تەسىس قىلىنغاندا، غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇ-
دىرى ليۇ مىڭنەن ۋە مىللىي سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى
قەمبەرخانىملارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇساجان بۇ يەرگە كېلىپ
دەرس ئۆتتى. 1955 ـ يىلدىن باشلاپ سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇ-
تىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1958 ـ
يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىگە يۆتكىلىپ تاكى 1989 ـ
يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي، 14
قاراردىن ئوشۇق مىللىي مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مۇزىكانتلارنى
يېتىشتۈرۈپ بەردى. مۇساجان روزى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلار
ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت
تارماقلىرىدا غوللۇق خادىملاردىن بولۇپ ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسى-
نى قوشماقتا.

مۇساجان روزى مول ئەمەلىي ۋە نەزىرىيىۋى بىلىمگە ئىگە
مۇزىكا ئۇستازى. ئۇ ئەينى يىللاردا غەربىي شىمال ئىنستىتۇتى-
دىكى ئاتاقلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى خەن مىڭدا، شىنجاڭ سەن-
ئەت مەكتىپىدىكى مۇھەممەتجان ئىسمائىللاردىن نوتا نەزەرىيە-
سى، سەنئەت نەزەرىيىسى قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى پۇختا
ئىگىلىگەن. ئۇ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دۇتار، تەمبۇر،
غىجەك، راۋاب، نەي قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تۇنجى دەرسلىك
قوللانمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بولۇپمۇ، ئۇ تۈزگەن دۇتار ـ
تەمبۇر دەرسلىكى مىللىي چالغۇلار ھەققىدە ئەمەلىي دەرسلىكلەر
كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى-
نىڭ بىردىنبىر دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

مۇساجان روزى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دۇتار ـ تەمبۇر ياساشتا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ، چالغۇلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا مۇھىم بىر تۆھپە قوشتى . ئىلگىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان دۇتار ، تەمبۇرلىرىمىزدە چوڭ ـ كىچىك ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئۆلچەمسىز ، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇشتەك نۇقسانلار مەۋجۇد ئىدى . ئۇ دۇتار ، تەمبۇرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا ئۆلچەملەشتۈردى . خەرەك ، پەدە سانى ، پەدە ئورنى ، ياغاچ ماتېرىياللىرى جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ئىزدىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ، دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ مۇڭى ، جاراڭلىقلىقى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇردى ، كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈردى . مۇساجان روزى ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ ، «دۇتار ئىسلاھاتى ھەققىدە» ، «تەمبۇر ئىسلاھاتى ھەققىدە» ، «چالغۇ ئەسۋابلارغا كېرەكلىك ھەرخىل ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى . 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «مىللىي مۇزىكا ئىسلاھاتى بويىچە باھالاش ـ مۇكاپاتلاش يىغىنى» دا ئۇ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

مۇساجان روزى كۆپ خىل مۇزىكا قوراللىرىنى چالالايدىغان ، ئەتراپلىق يېتىلگەن چالغۇچى . بولۇپمۇ ، ئۇ دۇتار چېلىش تېخنىكىسىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈپ ، چېلىش ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزدى . ئۇنىڭ دۇتارغا قول ئۇرۇش ۋە پەدە بېسىشلىرى ئۆزگىچە ، ئۇ دۇتاردا ئورۇنلاۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكى-

لار ئېنىق ، ئوبناق ، نەپىس ئاڭلىنىپ ، كىشىگە چوڭقۇر ئىستې-
تىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ . شۇڭا ، كۆپچىلىك مۇساجان روزىغا
«دۇتار پىرى» دەپ نام بەرگەن . ئۇ دۇتاردا ئورۇنلىغان «ھىجرا-
نىڭمەن» ، «ۋادەرىخا» ، «سارىخان» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى
ۋە يۇرۇشلەشكەن ئىلى ناخشىلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارى-
نى تىترىتىدۇ . ئۇ ئىجاد قىلغان «ئـەل ئـۈچـۈن كۆيسەڭ
سۆيەي» ، «شۇنچىمۇ» ، «قالدى ئىز» ، «سازچىمەن ـ سازەندى-
مەن» ، «سايرىدى خۇشال بۇلبۇل» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلار
مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك ، ئاممىباب ، يېقىملىق بولۇشتەك ئالا-
ھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق ئارىسىغا ئومۇملىشىپ كەتتى .
مۇساجان روزىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدىكى
بىلىمىمۇ چوڭقۇر . ئۇ ئەينى يىللاردىكى روزى تەمبۇر ئاچقان
كۇرسلارغا قاتنىشىپ مۇقام ئۆگەنگەن ، تۇرداخۇن ئاكا بىلەن
روزى تەمبۇرلەر مىراس قالدۇرغان مۇقاملار ھەققىدە تەتقىقات
ئېلىپ بارغان ، قەشقەر ، خوتەن ، قۇمۇل ، تۇرپان ، كۇچا قاتار-
لىق جايلارنى ئايلىنىپ خەلق ناخشىلىرى ۋە ئون ئىككى مۇقام
ۋارىيانتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان . مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە
خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئابلىزخان ما-
مۇت ، قۇربان ئۆمەر ، ئابلىكىم ئابدۇللا ، غىياسىدىن بارات ،
ھۇسەنجان ھەسەن ، ئابلىز شاكىر قاتارلىق داڭلىق سەنئەتچىلەر-
نىڭ ھەممىسىگە مۇساجان روزىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بولغان .

## 2

# تەمبۇر ماھىرى ھۇسەنجان جامى


داڭلىق چالغۇچى ھۇسەنجان جامى


ئاتاقلىق كومپوزىتور، كۆز-گە كۆرۈنگەن مۇقامشۇناس، نامى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر تەمبۇر ماھىرى ھۇ-سەنجان جامى 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قارىدۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

ھۇسەنجان جامىنىڭ چوڭ بوۋىسى شاكىر ئاخۇن، بوۋى-سى زاكىر ئاخۇنلار ئۆز زاما-نىسىنىڭ داڭلىق سازەندىلىرى-دىن ئىدى. ھۇسەنجان جامى-نىڭ دادىسى جامى ئاكا كارۇ-شاڭ ئاخۇنۇمدىن كېيىن ئىلىدا دەۋر سۈرگەن داڭلىق ساز ئۇستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھۇسەنجان جامىنىڭ ئانىسى مەريەم-خان ھەدىمۇ ئۇستا دۇتارچىلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەنئەت مۇھىتىدا ئۆسكەن ھۇسەنجان جامىنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى بالا ۋاقتىدىلا يېتىلگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇزىكا ئۇستازى ئۆز ئاتى-سى بىلەن ئانىسى بولدى. ھۇسەنجان جامى 8— 9 ياشلىرىدىلا

رەسمى مۇزىكا چالالايدىغان بولغان ئىدى .

ھۇسەنجان جامى قارادۆڭدىكى «ياردەم» مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى مەكتەپنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تېزلا كۆزگە كۆرۈندى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ئىلىدا «ئىتتىپاق» تىياتىرى قۇرۇلغاندا ، «بالا سازەندە» ھۇسەنجان جامىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان زىكرى ئەلپەتتا ، ئابدۇۋەلى جارۇللا-يوف قاتارلىق سەنئەتچىلەر ھۇسەنجاننى تىياتىرغا ئېلىپ كېلىش-نى تەشەببۇس قىلغان . ھۇسەنجان تىياتىرغا قاتناشقاندىن كېيىن مەتتاھىر ھەسەن ، نۇرمۇھەممەت ناسىر ، ئابدۇنەبى ماناپوف ، ئىسكىرپىكچى سەيدۇللامغا ئوخشاش ئۇستا سازەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . روزى تەمبۇر ، زىكرى ئەلپەتتالار ئاچقان مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ مۇزىكا بىلىملىرىنى تولۇقلىدى . شۇ يىللاردا ھۇسەنجان جامىغا روزى تەمبۇر ئېيتقان مۇقاملار ، جانىكام ، روزەم سابىر (ساقال) ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق ناخشىچىلار ئېيتقان ناخشىلار چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى . ئۇ زىكرى ئەلپەتتا ، ھېزىم موللا ، پاشاغوجا ، غوپۇر ئەخمىدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دۇتارغا قول ئۇرۇشىغا قايىل ئىدى . ھۇسەنجان جامى بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈردى .

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ھۇسەنجان جامى بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى-لەر بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى . ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ ، ئالدىنقى سەپتىكى پىدائىي قىسىم-لاردىن ھال سوراش پـائالىيـەتلىرىگـە ئىشتىراك قىلدى .



خەلق ناخشىچىسى روزەم سابىر

1953 ـ يىلى ئۇ چاۋشيەندىن
قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە
ئىشلەپ قالدى. ئۆمەك تەر-
كىبىدە ئۇ ئىجادىيەت گۇرۇپ-
پىسى باشلىقى، مۇزىكا يې-
تەكچىسى، ئۆمەك باشلىقى
قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى
ئۆتەپ رايونىمىزنىڭ سەنئەت
ئىشلىرى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھ-
پىلەرنى قوشتى.


ھۇسەنجان جامى بالا ۋاق-
تىدىن تارتىپ ئاددىي خەلقنىڭ
مۇشەققەتكە تولغان تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەن، خەلق ئاھاڭ-
لىرىدىكى ھېسسىي چوڭقۇرلۇق، مۇڭ ۋە نەپىسلىكنىڭ تېگىگە
يەتكەنىدى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئىشلىگەن ئىجادىي
ناخشا ـ مۇزىكىلار خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە يېتىپ بارالىدى.
ھۇسەنجان جامى ھازىرغىچە «سالام جەڭچى ئوغلانلار»، «پەرھاد
بول»، «ئىشچان يىگىت»، «ئازاد زامان»، «تاڭ نۇرى»،
«خۇشاللىق 1 ـ»، «خۇشاللىق 2 ـ»، «ۋەتىنىم»، «ئەزىز
خەلقىم»، «دوستلۇق»، «مەن ئۆلەرمەن»، «ئورما ئورد-
سەن»، «داشۆگە ئۇزىتىش» قاتارلىق يۈزگە يېقىن ناخشا ـ
مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن قايتا ئوينالغان
«غېرىب ـ سەنەم»، «غۇنچەم»، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە

ئەسەرلىرىگە ۋە «قىزىل چىراغ» ، «تۇرپان ناخشىسى» ، «كۆ-رەش يولى» قاتارلىق ئوپېرا ۋە سەھنە ئويۇنلىرىغا ئىجادىي ئاھاڭ-لارنى ئىشلىدى ، خەلق ئاھاڭلىرىنى سەپلىدى . 1955 - يىلى پاشا ئىشان ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا فېستىۋالىدا ھۆسەنجان جامى ئىشلىگەن «ئازاد زامان» ، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىلارنى ئورۇنداش بىلەن كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى . ئەڭ قىممەتلىك يېرى ، ئۇ ئىجاد قىلغان نۇرغۇن ناخشا - مۇزىكىلار ئاھاڭنىڭ يېقىشلىقى ، ئۇ-دارلىرىنىڭ يېنىكلىكى ، پاۋۇزلىرىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن خەلق ناخشىلىرى ئېقىمىغا قېتىلىپ ، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى .

ھۆسەنجان جامى بالا ۋاقتىدا يەنە دىۋانىلار ، مەدداھلار ئەترا-پىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى ، ئۇلارنىڭ جەڭنامە ، ھېكايە ، ناخشا - قوشاقلىرىنى تىڭشايتتى . پىرىلەرىگە ، خانىقالارغا بېرىپ پىرە ئاھاڭلىرى ، خانىقا ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭغا ھەرەمباغلىق مەشھۇر جامائەت ئەربابى ، داڭلىق ھاپىز ئابۇزەر خەلپىنىڭ زىكرى - سۆھبەتلىرى كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان ئىدى .

ئابۇزەر خەلپەم 1984 - يىلى غۇلجىنىڭ ھەرەمباغ مەھەللە-سىدە تۇغۇلغان . ئابۇزەر خەلپىنىڭ بوۋىلىرى ۋە دادىسى مەرۇپ خەلپەملەر ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ھاپىزلىرىدىن ئىدى . ئابۇ-زەر خەلپىنىڭ بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاۋازى ناھايىتى ساز ئىدى . ئۇ بوۋىسى ۋە ئاتىسىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن سورۇنلارغا بېرىپ

تەلقىن ئاھاڭلىرىنى پۇختا ئۆ-
گەنگەن . ئوتتۇز ياشلاردىن
ھالقىغاندا ئىلىدىكى بارلىق
ھاپىزلار قول قويىدىغان داڭ-
لىق شەخسلەر قاتارىغا ئۆت-
كەن . ئابۇزەر خەلپەم كارۇ-
شاڭ ئاخۇنۇم ، روزى تەمبۇر ،
ھاسان تەمبۇر ، ھۇسىيىن
تەمبۇر ، جانى يولداشوف قا-
تارلىق داڭلىق مۇزىكا ئۇستى-
لىرى بىلەن يېقىن ئۆتكەن بو-
لۇپ ، ئۆزىمۇ ئىلى خەلق ناخ-
شىلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق



داڭلىق خەلق ھاپىزى ئابۇزەر خەلپە

ئېيتالايتتى . بۇ مەشھۇر زات 1975 - يىلى غۇلجىدا 81 يې-
شىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

ھۇسەنجان جامىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى بۇ كىشىلەردىن ئال-
غان بىلىملىرى كېيىن ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا
ئىشلىگەندە ئەسقاتتى . ئۇ 1976 - يىلىدىن باشلاپ بۇ گۇرۇپپىدا
يېتەكچىلىك رول ئوينىدى . مۇقاملارنىڭ ئۇنتۇلغان ، چۈشۈپ
قالغان ئاھاڭلىرىنى رەتلەش ، تولۇقلاش ئىشلىرىدا ئۇ كۆپ ئە-
جىر سىڭدۈردى . مۇقام داستانلىرىنى تەمبۇردە چېلىش ، ئۇنىڭ
مەرغۇللىرىنى ئورۇنلاش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى .
1954 - يىلىلا ئۇ «مۇشاۋەرەك» مۇقامىنى مۇزىكىلاشتۇرغان
ئىدى . ئۇ ئىشلىگەن «ئەجەم مۇقامى» ، «ۋەتەنگەن مەدھىيە»

قاتارلىق مۇزىكىلارنى «مۇقام ئاھاڭلىرىغا تەقلىد قىلىپ ئىجادىي يېڭىلىق يارىتىش»نىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ھۇسەنجان جامى دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، چاڭ، ساتار، غىجەك، ناغرا قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالالايدۇ، بولۇپمۇ ئۇ تەمبۇر چېكىشتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان قابىل سازەندە. ئۇنىڭ تەمبۇردە ئورۇنلىغان مۇزىكىلىرى ئېنىق، يېقىملىق، جاراڭلىق بولۇشتەك خاسلىقلىرى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. تەمبۇرگە ناخۇل چېكىش، سىيرىلما ئاھاڭ، تىترەتمە ئاھاڭ، ئەركىلەتمە ئاھاڭلارنى پەيدا قىلىش جەھەتلەردە ئۇ تەمبۇر چېلىشقا كۆپلىگەن ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى قوشۇپ يېڭىلىق ياراتتى. ئۇنىڭ تەمبۇردىكى ماھارىتى «ئەجەم» قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشتا تولۇق نامايان بولىدۇ. «ھۇسەنجان جامى» دېگەندە كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «ئەجەم» مۇزىكىسى ياڭرىغاندەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق كومپوزىتورى قۇددۇس خوجامياروف ۋە خالىسخانلار: «بىز ئەجەم دېسە ھۇسەنجان جامى، ھۇسەنجان جامى دېسە ئەجەم، دەپ تونۇيمىز» دېگەنىدى.

ھۇسەنجان جامى 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئۇيۇشتۇرغان دوستلۇق دىلگاتسىيەسى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق رىسپوبلىكىلارنى ئايلىنىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ كۈچىنى نامايىش قىلىپ ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرگەن ئىدى. ھۇسەنجان جامى 1989 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رىسپوبلىكىلارغا قايتا چىققاندا، ئۇ يەردىكى گېزىتلەر

ھۆسەنجان جامىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان باھانى:

ئۇيغۇر خەلقى مەردانە،
ئەلنەغمىگە شەيدانە.
ھۆسەنجاندەك ئوغلانلار
بىر ئەسىردە بىر دانە.

دېگەن مىسرالارغا يىغىنچاقلىدى. ھۆسەنجان جامى يەنە تۈركىيە، ماراكەش، پاكىستان، شۋېتسارىيە، فرانسىيە، سۈرىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا چىقىپ، ئۇيغۇر تەمبۇرىنىڭ ئاۋازىنى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭراتتى.
يىرىم ئەسىرلىك ئۆمرىنى سەنئەت سېپىدە ئۆتكۈزۈپ، خەلق سەنئىتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ھۆسەنجان جامى ھازىر دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور. ئۇنىڭ نامى «20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر شەخسلەر» قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. 1993 ـ يىلى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە تونۇلغان ئون ئاتاقلىق مۇقامچىنىڭ بىرى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى.

# 3

## داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن



داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن

ئابدۇرېھىم ئىمىن 1922 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان .


ئوردا مەھەللىسى تارىختىن بىرى ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن بولغاچقا ، ئوردىدىكى مەشرەپ ، ئولتۇرۇش ۋە ھەرخىل يىغىلىشلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان داڭلىق ناخشىچى ، سازەندىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . بۇنىڭ تەسىرىدە ئوردا مەھەللىسى غۇلجىدىكى سازەندە ـ ناخشىچىلار كۆپ يېتىشىپ چىقىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى . ئابدۇرېھىم ئىمىن ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ مەھەللە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى قايناق بىر سەنئەت ئوچىقى ئىدى . ئابدۇرېھىم ئىمىننىڭ ئانىسى ئايزىمخان ئايىم دۇتارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان ئاياللاردىن ئىدى . ئابدۇرېھىم ئىمىننىڭ چوڭ ھەدىسى ئىززەتخان ، كىچىك ھەدىسى ئامىنەملەرمۇ كېيىن

دۇتارنى ئانىسى ئايزىمخان ئايىمدەك چالالايدىغان بولۇپ يېتىشىپ
چىققان . ئابدۇرېھىم ئىمىنىنىڭ ئۆزبېكىستاندا ئولتۇراقلىشىپ
قالغان ئىنىسى ئابدۇرېشىت ، سىڭلىسى رىسالەت ، قىرغىزىستان-
دىكى سىڭلىسى زەيتۇنەلەرمۇ شۇ قوشنا ئەللەردە ئىلى ناخشىلى-
رىنى ئېيتىش بىلەن تونۇلغان . ئابدۇرېھىم ئىمىنىنىڭ ھەدىسى
ئىززەتخاننىڭ ئوغلى روزى تاران ھازىر غۇلجا شەھىرىدىكى پىش-
قان ناخشىچىلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئابدۇرېھىم ئى-
مىنىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت رېھىمنىڭ ئوغلى ئەركىن ياشلىرى-
مىز ئارىسىدىكى تونۇلغان ناخشىچىلىرىمىزدىندۇر ··· بۇ سەنئەت-
چىلەر ئائىلىسى ئابدۇرېھىم ئىمىنغىمۇ كۈچلۈك تالانت ، سەنئەت-
كە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق ۋە تەبىئىي يېقىشلىق ئاۋاز ئاتا قىلغان .


روزى تاران

ئابدۇرېھىم ئىمىن 1944-
يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ غۇل-
جا ، سۈيدۈڭ ، كەڭساي ، بور-
تالالارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇش-
لىرىغا قاتناشقان . ھەربىي
سەپتىن چېكىنىپ غۇلجا شە-
ھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە
مەمۇرىي خىزمەت ئىشلىگەن .
1950 - يىلىدىن كېيىن شو-
پۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇل-
لانغان . ئابدۇرېھىم ئىمىن
مەيلى قانداق ئىش بىلەن شۇ-
غۇللانمىسۇن خەلق ناخشىلىرى ئۇنىڭ قولىقىدىن بىر مىنۇتمۇ


نېرى كەتمەيتتى ، ئۆگەنگەنلىرىنى پەس ئاۋازدا تەكرارلايتتى .
ئابدۇرېھىم ئىمىن شوپۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن يىللاردا بەزىلەر
ئەتەي ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ ، يولبويى ئۇنىڭ ناخ-
شىسىنى تىڭشايدىكەن . ئارقىدا كېلىۋاتقان شوپۇرلار «ئابدۇرې-
ھىم ئاخۇن پالانى يەردە كېتىۋېتىپتۇ» دېگەننى ئاڭلىسا ، ئارقى-
دىن قوغلاپ يېتىپ ، قونالغۇدا بىللە بولۇشقا ئالدىرايدىكەن .



ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ئۇستىسى
ساۋۇتكام بىدىك

ئابدۇرېھىم ئىمىنغا ئەڭ
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان
ئۇستاز ناخشىچى ھەرەمباغلىق
ساۋۇتكام بىدىك بولغان . سا-
ۋۇتكام بىدىك ئۆز زامانىسى-
نىڭ مەشھۇر ناخشىچىلىرىدىن
بولۇپ ، ئۇ 1881 - يىلى تۇ-
غۇلغان . ساۋۇتكام ھارۋىكەش-
لىك قىلىپ نۇرغۇن يۇرتلارغا
بارغان ، كۆپ يەرلەرنى ئارىلى-
غان ئادەم ئىدى . مۇساجان
روزى بۇ ئادەمگە باھا بېرىپ :
«ساۋۇتكام ئۆز زامانىسىنىڭ
ناخشا پادىشاھى ئىدى» دەيدۇ .
ھۆسەنجان جامى : «ساۋۇتكام بىدىك ئەڭ ياخشى ناخشىچى ئى-
دى ، ئاۋازى ئوتتۇراھال چىقاتتى . ناخشىلارنى يۈرۈش - يۈرۈش-
لىرى بويىچە ئېيتاتتى . ھەممە ناخشىچى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى»
دەپ ئەسكە ئالىدۇ . ساۋۇتكام بىدىك ھېكىمبەگ غوجىنىڭ چوڭ
پاشا ، ئوتتۇرانچى پاشا قاتارلىق ئوغۇللىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن

ئۆتكەن ئىكەن . ساۋۇتكامنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ھېكىم-
بەگ غوجامۇ بەك ياخشى كۆرەتتىكەن . ئولتۇرۇشلاردا «بولدى ،
ناخشىنى ساۋۇتۇم باشلىسۇن» دەيدىكەن . ساۋۇتكام كېيىن مال
بازىرىدا بىدىكلىكمۇ قىلغان . 1959 - يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن
ئۆتكەن .


خەلق ناخشىچىسى ماخمۇت تۇردى


ئابدۇرېھىم ئىمىن ئەينى
يىللارنىڭ يەنە بىر داڭلىق
ناخشىچىسى ماخمۇتكام (ماخ-
مۇت قار ياغدى ) بىلەنمۇ سو-
رۇنلاردا كۆپ بىللە بولغان ۋە
بۇ كىشىدىن نۇرغۇن نەرسىد-
لەرنى ئۆگەنگەن بولۇپ ،
«ماخمۇتكام ئۇستازىم بولى-
دۇ» دېگەن ئىكەن . شەھەر
ئىچىلىك روزەم سابىرى (رو-
زى ساقال )مۇ ئابدۇرېھىم ئا-
خۇنغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۇس-
تازلارنىڭ بىرى ئىدى . ئادەت-
تە ئابدۇرېھىم ئىمىنغا ئەگىشىپ ياكى قوشۇلۇپ ناخشا ئېيت-
ماق ناھايىتى قىيىن ، ئەمما روزەم ساقال بىلەن ئابدۇرېھىم
ئىمىن قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتسا ناھايىتىمۇ ماسلىشالايدىكەن . ئى-
لىدا خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا بىرقانچە خىل شەكىللەرنىڭ
بولغانلىقى مەلۇم . قازانچىلىق روشىدىنكام ، جانى يولداشوف ۋە
ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلار ناخشىنى يۇقىرى ئاۋازدا ، سوزۇپ ئېيى-
تىدىغان بولۇپ ، بەزىلەر بۇنى «ياركەنت پاسۇنى» دەيدۇ . بۇ

شەكىلنىڭ ئاۋام خەلق ئىچىدىكى يىلتىزى چوڭقۇر بولۇپ، كونىلار بەكرەك ياقتۇراتتى. كېيىنرەك، غۇلجا شەھەر ئىچى مەھەللىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورۇنلاردا ھېكىمبەگ غوجاملارنىڭ ئوردا سورۇنلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى سەل ئىتتىك ئۇداردا، يېنىك ئېيتىدىغان شەكىل بارلىققا كەلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھېكىمبەگ غوجا سورۇنلىرىدىكى ناخشىلارنى مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش ئېھتىياجى ناخشىلارنىڭ بەك سوزۇلۇپ، ئاۋازنى ئىختىيارى قويۇپ بېرىپ ئېيتىلىشىغا چەك قويدى. مۇزىكا رىتىمى، ناخشىلار ئارىلىقلىرىدا بېرىلىدىغان پاۋۇز ناخشىچىلارنىڭ ھەربىر تىنىقتا مۇزىكا بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يېنىك ۋە سەل ئىتتىكرەك ئېيتىلىدىغان شەكلى بارلىققا كەلدى. ھاسان تەمبۇر، ساۋۇتكام بىدىك، ماخمۇتكاملارنىڭ ناخشا ئېيتىش پاسونى مانا مۇشۇ ئۇسلۇبقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ مەشھۇر ناخشا ـ مۇزىكىچىلارنىڭ ھەممىسى ئەينى يىللاردىكى ھېكىمبەگ غوجا سورۇنلىرىنى قىزىتقۇچىلار ئىدى. ئابدۇرېھىم ئىمىن مانا مۇشۇ ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەن داڭلىق سەنئەتچىدۇر.

ئابدۇرېھىم ئىمىن كۆپ ئۆگىنىدىغان، كۆپ ئىزدىنىدىغان ناخشىچى ئىدى. ئۇ ھەردائىم ئۆگەنگەنلىرىنى زىكرى ئەلپەتتا ئاكىغا ئېيتىپ بېرىپ، توغرا ـ خاتالىقىنى تەستىقلىتىدىكەن. ئابدۇرېھىم ئىمىن ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش ئاساسىدا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىلا ياخشى ئېيتىپ قالماي، «قەشقەر خانلەيلۇنى»، «لىۋەن دەردىڭ» قاتارلىق قەشقەر خەلق ناخشىلىرى ۋە «ئەرزىم»، «ئالتۇنجان» قاتارلىق كۇچا ئاھاڭلىرىغىمۇ ئىلى شىۋە-

سىنى بېرىپ ناھايىتى نەپىس ئورۇندىغان .

باخشىلارنىڭ پىرە ئاھاڭلىرى ۋە خانىقا تەلقە ئاھاڭلىرىمۇ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە . ئەينى زامانلاردا ئىلىدىكى خانىقا ھاپىزلىرىنىڭ ئىچىدە ياركەندتىن ئۆتكەن ئەمىردىن ھاپىز ، شەھەر ئىچىلىك ئەختەم ھاپىز ، تېرەكمازارلىق غۇلام ھاپىز ، ھەرەمباغلىق ئابۇزەر خەلپىلەر ئاۋازىنىڭ سازلىقى ، غەزەللەرگە توشۇقلۇقى بىلەن خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەت تاپقانىدى . زىكرى ئەلپەتتا ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر ماھىرى ، ئۇستا دۇتارچى شەھەر ئىچىلىك غوپۇر ئەخمىدىلەر ئۆز ۋاقتىدا خانىقا ، پىرە ئاھاڭلىرىنىمۇ تەتقىق قىلغان ئىدى . ئابدۇرېھىم ئىمىن كېيىن غوپۇر ئەخمىدىدىن بەزى تەلقە ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئىسلاھ قىلىپ ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى بېيىتتى .



چالغۇچى غوپۇر ئەخمىدى

ئابدۇرېھىم ئىمىننىڭ ناخشىلىرىنىڭ ياشلارغا بولغان ئىلھامى كۈچلۈك . بىر روزى ئابدۇۋەلى ، مۇتەللىپ خوجا ، يالقۇن ياقۇپ ، نوغايتۇلۇق سېتىۋالدىلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىدا ئابدۇرېھىم ئىمىن قالدۇرغان تەسىرنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . سەنئەت ھەربىر تالانت ئىگىسىنىڭ قولىدا بىر خاسلىققا ئىگە

بولىدۇ . ئابدۇرېھىم ئىمىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئەڭ گۈزەل نەپەستە ، ئەڭ چىرايلىق ، ئەڭ يېقىشلىق ، ئەڭ مۇڭلۇق ئورۇندى- غان ئاتاقلىق ناخشىچى . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى ياراتقان بۇ سەنئەتكار 1999 - يىلى 77 يېشىدا ئارىمىزدىن كەتتى .

## 4

# ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا



تالانتلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا

ئابلىكىم ئابدۇللا 1927 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھە ـ رەمباغ مەھەللىسىدە تۇغۇل ـ غان .

ئابلىكىم ئابدۇللا باشلان ـ غۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىدىن باشلاپ ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . «ھۆ ـ سەينىيە» مەكتىپىدە ئوقۇۋات ـ قان چاغلىرىدا مەكتەپ سەن ـ ئەت كۇرۇژۇكىنىڭ يېتەكچى ـ سى مەتتاھىر ئاكىنىڭ تەل ـ ىمىنى ئېلىپ ساز چېلىش ما ـ ھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن . 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئارمىيىنىڭ دوخۇي مۇزىكا ئەت ـ رىتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان . تۇنجى بولۇپ خەلقئارالىق بەش سىزىقلىق نوتىنى ئىگىلىگەن ، ئەينى يىللاردا ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتچىلىرى ئىچىدە نوتا بىلىمىدىن خەۋەردار كىشىلەر تېخى يوق دېيەرلىك ئىدى .

1949 ـ يىلى ئارمىيە ئىچىدە «5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى»[1] تەشكىللەنگەندە، ئابلىكىم ئابدۇللا دىرىژور، مۇزىكا ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئارمىيىنىڭ مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» تىياتىرى ۋە 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىدىكى سازچىلاردىن تەشكىللەنگەن مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن، پېشقەدەم مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن ساز ئۆگىنىپ مۇزىكا بىلىمىنى تولۇقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا نوتا دەرسى ئۆتتى. زىكرى ئەلپەتتا، مەتتاھىر ھەسەن، ئابدۇنەبى ماناپوف، زوردۇن نۇسرەت، ئابلىزخان مامۇت، ھۇسەنجان جامى، غىياسىدىن بارات قاتارلىق داڭلىق سەنئەتچىلىرىمىز دەسلەپكى نوتا بىلىمىنى ئەينى يىللاردا ئابلىكىم ئابدۇللادىن ئالغان ئىدى.

ئابلىكىم ئابدۇللا ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا پۇختا ئىگىلىگەن، مىللىي ئاھاڭلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان مۇزىكانت. شۇ ئاساستا ئۇ مۇزىكا ئىجادىيىتىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىلا باشلىۋەتكەن ئىدى. ھازىرغىچە ئۇ «داھى ماۋزېدۇڭ»، «ئۈرۈك گۈللىگەن چاغدا»، «دەۋرىمىز گۈزەل»، «زەپمۇ چىرايلىق بېغىم بار»، «سېغىنىش»، «بىزنىڭ ناخشىمىز»، «ئۈرۈمچى»، «تۇگمەس ناخشا»، «ۋاپادارىم» قاتارلىق ئۈچيۈزگە يېقىن ناخشا ـ مۇزىكا ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ مۇزىكا

[1] 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى — ئىلى ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى.

ئىجادىيەتلىرى مىلودىيىسى ئاددى ، ئەمما نەپىس ، خەلق ئاھاڭلىرىغا يېقىن ، مىللىي پۇراق بىلەن زامانىۋى يۈزلىنىش بىرلەشكەن ، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ماسلاشقان ، ئەستە ساقلاشقا ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا ، نۇرغۇنلىغان ئاھاڭلىرى خەلق ئارىسىغا تېز تارقىلىپ ، زور ئالقىشقا سازاۋەر بولدى .

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئابلىكىم ئابدۇللا ئىجاد قىلغان «داھى ماۋزېدۇڭ» ناملىق خور ئۇنىڭ نامىنى بىردىنلا خەلققە تونۇتقانىدى . بۇ خورنىڭ تېكىستىنى مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجايوف خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالدى . ئارقىدىنلا رۇس ، ئېنگلىز ، نېمىس ، ئالبان ، بۇلغار ، رومىن ، چاۋشيەن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئېيتىلدى . مۇشۇ نەتىجىسى بىلەن ئابلىكىم ئابدۇللا 1953 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ۋە مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى . ئۇنىڭ «داھى ماۋزېدۇڭ» دېگەن بۇ ئىجادىيىتى مەملىكەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

ئابلىكىم ئابدۇللا ئىجاد قىلغان ناخشىلاردىن يەنە «ئۇلۇغ ئىنسان» غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «سېغىنىش» ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «ئورۇمچى» ، «تېنىڭدە زەررە كۈچ بولسا» ، «ۋاپادارىم» قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى ئارمىيە بويىچە

«ئالاھىدە ئىجادىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن . ئارمىيە ئىچىدە ئۇ 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون ئەدەبىيات ـ سەنئەت خاتىرە مېدالىغا ، 1955 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك «ئازادلىق» مېدالىغا ، 1988 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «مۇستەقىل تۆھپىكار» شەرەپ مېداللىرىغا ئېرىشكەن . ئۇنى ھەقلىق ھالدا مول ھوسۇللۇق ۋە نەتىجىسى زور كومپوزىتور دېيىشكە بولىدۇ .

ئابلىكىم ئابدۇللار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى جەھەتتىمۇ مول بىلىمگە ئىگە مۇزىكانت ئىدى . ئۇ ئەينى يىللاردا روزى تەمبۇر ئىلىدا ئاچقان مۇقام كۇرسلىرىغا قاتناشقان ، زىكرى ئەلپەتتا ، مەتتاھىر ھەسەن قاتارلىق پېشقەدەم سەنئەتچىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى ئۇستا سازەندىلەردىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئىگىلىگەن . ئۇ مۇقاملارنى ئىلى ۋارىيانتى بويىچە ئىجرا قىلاتتى ، بولۇپمۇ مۇقاملارنىڭ داستان ، مەشرەپ ، مەرغۇللىرىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى . تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ دۆلەت ئۇنىڭغا «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور» ، «سەنئەت ئۇستازى» دېگەن شەرەپلىك ناملارنى بەردى . 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «بىزنىڭ ناخشىمىز» ناملىق ناخشىلار توپلىمى نەشردىن چىققان . 1987 ـ يىلى يەنە شۇ نەشرىياتتىن ئۇنىڭ «دەۋردىمىز گۈزەل» ناملىق مۇزىكىلار توپلىمى نەشر قىلىندى . 1988 ـ يىلى باشقىلار بىلەن بىللە «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»نى نوتىغا ئېلىپ نەشر قىلدۇردى .

ئاتاقلىق ئىسكىرىپكىچى ، ئىجادىيەتچى ، مەشھۇر كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا 1998 ـ يىلى 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

5

# قابىل سەنئەتچى ئابلىزخان مامۇت



داڭلىق مۇزىكانت ئابلىزخان مامۇت

ئابلىزخان مامۇت 1930 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان .

ئابلىزخان مامۇتنىڭ ئاتىسى هامۇت ئاخۇن چالغۇچى كىشى ئىدى . ئابلىزخان مامۇت كىچىكىدىنلا ناخشا ـ مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ ، دەسلەپتە دادىسىدىن تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن . ئىلى ناخشىلىرىنى ساپ ئاۋازدا چىرايلىق ئېيتىش بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن . ئۆلكە ئازاد بولۇشى بىلەن ئۇ ئىلى تىياتىرىغا قوبۇل قىلىنىپ ، روزى تەمبۇر ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان . «غۇنچەم» ، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلەردە باش روللارغا چىقىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

1959 ـ يىلى ئابلىزخان مامۇت شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ، دراما تىياتىرىغا يۆتكىلىپ مۇزىكانت ۋە ئارتىس بولۇپ ئىشلە-

دى . بۇ مەزگىلدە ئۇ مۇساجان روزى ، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن ئۆگىنىپ ، تەمبۇر ، ئىسكىرىپكا چېلىش ماھارىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى . ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتادىن «راك» ، «چەببايات» ، «مۇشاۋرەك» قاتار-لىق مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمىلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئەينى يىللاردا روزى تەمبۇردىن ئۆگەنگەن مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولۇقلىدى .

ئابلىزخان 1965 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى-گە يۆتكەلدى . بۇ يەردە ئۇ قۇمۇل ، كۇچا ، تۇرپان خەلق ناخشىلى-رىنى ئۆگىنىپ يەرلىك ئاھاڭلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئې-لىپ باردى . بولۇپمۇ ، قۇمۇل مۇقاملىرىنى توپلاش ، رەتلەش ، نوتىلاشتۇرۇش ، قۇمۇل سەھنە سەنئىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ئەمەلىي كۈچ چىقىرىپ ، قۇمۇل سەنئەت-چىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى . 1979 - يىلى ئۇ يەنە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرى ئاساسىدا قايتا ئىشلەنگەن «غېرىب - سەنەم» ئوپېرا-سىنىڭ مۇزىكىلىرىنى قايتا رەتلەش خىزمىتىگە تېگىشلىك كۈچ چىقاردى .

ئابلىزخان مامۇت تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى . ئۇ ئى-جاد قىلغان «ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ» ، «ئېتىز ناخشىسى» ، «ئايەي» قاتارلىق ئاھاڭلار خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخ-شىلىرىغا ئايلانغان . ئابلىزخاننىڭ بىرقانچە دىرامىلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ئاساسىي ئاھاڭ ۋە قىستۇرما مۇزىكىلىرى دىراما ۋەقە-لىكىگە ماسلىشىش ، قەھرىمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىپا-

دىلەش جەھەتتە كىشىنى قايىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ «غۇنچەم» دىرا-
مىسىغا ئىشلىگەن پەردە ئېچىلىش ئالدىدىكى باشلىنىش مۇزىكى-
سى دىرامىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن مۇقەددىمە مۇزىكىلارغا ئۈلگە
بولالايدۇ . ئابلىزخان يالغۇز ئۇيغۇر ناخشا ـ سازلىرىنى ئورۇن-
داشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن ، ئۇ يەنە ئىسكىرىپكىدا قازاقچە
مۇزىكىلارنى ، چاڭ بىلەن خەنزۇ خەلق ئاھاڭلىرىنى ، دۇتار ـ
تەمبۇردە ئۆزبېك ، تاتار ، قىرغىز ، شۇ ئاھاڭلىرىنىمۇ ناھايىتى
چىرايلىق ئىجرا قىلالايتتى .

ئابلىزخان ماموتنىڭ ناخشىدا ئاۋازى تولىمۇ ساپ ۋە ياڭراق
بولۇپ ، خەلق ئارىسىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان ، مەشرەپ
ۋە مۇقەددىمىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئالقىشقا ئېرىشكەن . بولۇپ-
مۇ ، ئۇ «ھارۋىكەش ناخشىسى» ۋە «رۇخسار مۇقامى»نى ۋايىغا
يەتكۈزۈپ ئورۇنداش بىلەن مەشھۇر ئىدى . تىرىشچان ، كەمتەر ،
خۇشچاقچاق بۇ تالانت ئىگىسى ئېغىر كېسەل بىلەن ئۇزاق ۋاقىت
ئېلىشىپ ، 1983 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە 53 يېشىدا ئالەمدىن ئۆت-
تى .

6

# ئىقتىدارلىق سازەندە قۇربان ئۆمەر



داڭلىق چالغۇچى قۇربان ئۆمەر

قۇربان ئۆمەر ئۆز تالانتى بىلەن سەنئەت باغچىمىزنى رەڭدارلاشتۇرغان يەنە بىر قابىل سەنئەتچى. ئۇ 1932 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

قۇربان ئۆمەرنىڭ دادىسى ئۆمەر ئاكا هارۋىكەش بولۇپ، دۇتارنى ياخشى چالاتتى، ئىلى ناخشىلىرىغا پىششىق ئادەم ئىدى، هارۋىكەشلىك بىلەن نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلىغاچقا تۇرپان، قۇمۇل ئاهاڭلىرىنىمۇ كۆپ بىلەتتى. قۇربان دەسلەپكى مۇزىكا بىلىملىرىنى دادىسىدىن ئالدى. ئۇ دادىسىنىڭ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ سەيلە، مەشرەپلەرگە باراتتى، ئۇ يەردىكى نەغمىچىلەرنىڭ سازلىرىنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا بېرىلىپ تىڭشايتتى، قايتىپ كېلىپ ئاڭلىغانلىرىنى ئۆزى چالاتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇربان ئۆمەر كىچىكىدىنلا ئۆزىدە ئەتراپلىق مۇزىكا ئىقتىدارىنى يېتىلدۇردى. ئۇ تەمبۇر

چېلىشتا روزى تەمبۇرنى ، ئىسكىرىپكىدا سەيدۇللا رەخمىتۇللا ئاكىنى ، دۇتار چېلىشتا ھېزىم موللىنى ، ناخشىدا روزەم سابىر ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلارنى ئۆلگە قىلغان ئىدى .

قۇربان ئۆمەر 1947 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە مىللىي ئارمىيە 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىدى . بۇمەزگىلدە ئۇ ئىلى «ئىتتىپاق» تىياتىرى غۇلجا «سايرامىيە» مەكتىپىدە ئۇيۇشتۇرغان مۇقام ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ مەتتاھىر ھەسەن ، نۇرمۇھەممەت ناسىر ، ئىسمايىل دارازا ، تۇرسۇن تېيىپ ، ئابلاخان كېپەك قاتارلىق قىرىق نەچچە پېشقەدەملەر بىلەن بىللە روزى تەمبۇردىن مۇقام ئۆگەندى . 1953 ـ يىلى ئۇ 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭ ، شاڭخەي ، تيەنجىن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ئېكسكۇرسىيە ، ھال سوراشقا بېرىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئىتىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى .

قۇربان ئۆمەر 1956 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق دىراما تىياتىرىدا ئىشلىدى . بۇ مەزگىلدە ئۇ تالانتلىق مۇزىكا يېتەكچىسى مۇساجان روزىدىن كۆپلىگەن مۇزىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىدى . 1957 ـ يىلى زىكرى ئەلپەتتا ، ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئارىلاپ ، خەلق ئىچىدىكى مول ئەلنەغمە مىراسلىرى بىلەن تونۇشتى . خوتەندىكى ساتارچى كېرىم موللا ، سۇلايمان قالۇن ، يەكەندىكى داڭلىق مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا ، كۇچادىكى نىساخان ئەلنەغمە قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى .

1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ھەر-قايسى ۋىلايەت ، ناھىيە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ بىر تۈركۈم قابىل سەنئەت-چىلەرنى تەۋەنگە چۈشۈرگەندە ، قۇربان ئۆمەر يولدىشى چىمەنگۈل بىلەن تۇرپان سەنئەت ئۆمىكىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، 1984 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۇ تۇرپان سەنئەتچىلىرى بىلەن تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ يېزا ، كەنتلىرىدە ئويۇن قويۇپ كۆپىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . تۇرپاننىڭ يەرلىك ناخشى-لىرىدىن «ئاچىل» ، «زىبىسن» ، «ھەيرانىڭمەن» ، «ئايارەي» ، «دەردىڭ يامان» قاتارلىق ناخشىلارنى رەتلەپ يورۇشلەشتۇردى . تۇرپاندىكى داڭلىق خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە ياشانغان كىشىلەرنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ ، تۇرپان مۇقاملىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ ، تۇرپاننىڭ يەرلىك مۇقامى «ساباھ» مۇقامىنى رەتلەپ ، ئىككى سائەت داۋاملىشىدىغان رەس-مىي نەغمە ھالىتىگە كەلتۈردى . تۇرپانغا ئاتاپ «ئۈزۈم ئوخشىدى شۇنچە» ، «تۇرپان جەننەت ماكان» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلار-نى ئىشلىدى . بۇ ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇ تۇرپان خەلقىنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى .

قۇربان ئۆمەر ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى جەھەتتە كۆپ ئىزدەنگەن ، ئۇن ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ نەغمە ـ مەرغۇللى-رىنى ئورۇنداشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ياراتقان ، كۆپلىگەن يۇرتلارنىڭ يەرلىك خەلق ئاھاڭلىرىغا پىششىق ، يېتىلگەن چالغۇ-چى ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ مول مۇزىكا بىلىملىرى ئاساسىدا ياراتقان

«ۋادەرىخا مەرغۇلى» ، «ئەلەمما مەرغۇلى» ، «ئامرىقىم» ، «بۇلبۇلۇم» ، «قەشقەر كېچىسى» ، «ئىلى يولى بوستانلىق» ، «ئورما مۇزىكىسى» ، «خۇشتار» ، «تۇرپان تەسىراتلىرى» ، «گۈللەنگەن زېمىن» ، «چىمبۇلاق» قاتارلىق ئىجادىي ناخشا ـ مۇزىكىلىرى مىللىي سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر.

ئەپۇچان ، قانائەتچان ، ھەشەمەتچىلىكتىن ، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن خالىي بۇ كەمتەر سەنئەتچى 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا غۇلجىدا 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.



قۇربان ئۆمەر ئۇستازى ھېزىم موللا بىلەن بىللە

# 7

# تالانتلىق خەلق ناخشىچىسى
# غىياسىدىن بارات



ئاتاقلىق مۇزىكانت غىياسىدىن بارات

غىياسىدىن بارات 1937ـ يىلى غۇلجا شەھەر قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان .

ئەينى يىللاردىكى قازانچى مەھەللىسىنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت ئوچىقى ئىدى . بۇ يەردە تۇن يېرىمىغىچە ئوچۇق تۇردىغان ساتىراشخانىلاردا ئۇزۇلمەي نەغمىلەر بولۇپ تۇراتتى . پەنەرنىڭ سۇس يورۇقىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىش تىكىۋاتقان موزدوزلار خەلق ناخشىلىرىنى توۋلاپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇشاتتى . تۇن يېرىمىدىن ئاشقاندىمۇ قازانچىنىڭ تار كوچىلىرىدىن يەنە كىملەردۇر ناخشا توۋلاپ ئۆتۈشەتتى . غىياسىدىن بارات بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاشۇ ھۇنەرۋەنلەرنىڭ مۇڭ ۋە ھەسرەتكە تولغان ناخشىلىرىغا قۇلاق سېلىپ ، ئۇلارنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن كېتەلمەي قالاتتى . غىياسىدىن باراتنىڭ ئانىسى رابىخان ھەدە دۇتار ـ تەمبۇر چالالايدىغان ئاياللاردىن ئىدى . ئۇ

ئوغلىدا ئويغانغان ناخشا - سازغا بولغان بۇ ھەۋەسنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولاتتى ، ھەم ئەنسىرەپ كېچە - كېچىلەردە غىياسىدىننى موزدۇزلارغا مىق ئۇرۇشۇپ بېرىپ ، ناخشا تىڭشاپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئۆيگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى . خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇڭى بىلەن سېھىرلەنگەن بۇ بالا كۈنبويى ئاڭلىغان ناخشىلىرىنى تەكرارلاپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپلا يۈرەتتى ، كېچىلىرىمۇ شۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ چۈش كۆرەتتى . غىياسىدىننىڭ ئاۋازى كىچىك-كىدىنلا ئىنتايىن يېقىملىق ۋە ساز ئىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن زوقلانغان تەڭتۇشلىرى ئارقىسىغا ئەگىشىۋالاتتى . چوڭلار : «پاھ ، قازانچىدىن يەنە بىر ناخشىچى چىقامدۇ نېمە !؟» دەپ ماختىشاتتى . ئۇ «تائالىيە» مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن چاغلاردا مەكتەپ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ، سەھنىلەردە ناخشا ئېيتىپ ئالقىشلاندى . قازانچى مەھەللىسىدىكى ھىزىم موللا ئا-كا ، ماخمۇتجان چاڭ ، مەشچى ئابدۇرېھىم ئاكىلار غىياسىدىننىڭ سەنئەتتىكى تالانتىنى بايقاپ ، ئۇنى يېتەكلىگەن ئۇستازلاردىن بولۇپ قالدى . كېيىن ئۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ زىكرى ئەلپەتتا ، غوپۇر ئەخمىدى ، رو-زەم ساقال قاتارلىق ئۇستازلاردىن ناخشا - مۇزىكا ئۆگەندى ، ناخشا ئېيتىشنىڭ قائىدىلىرى بىلەن تونۇشتى . چوڭلار ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەسلىكى كېلىپ مەشرەپ ، ئولتۇرۇشلارغا بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى . بىر قېتىم روزى تەمبۇر ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ : «پاھ ، مانا بۇ بالىنىڭ ئاۋازى بولىدىكەن» دەپ ماختى-غان ئىدى . ئاشۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئۇ 1950 - يىلى ، تېخى ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا ئىلى «ئىتتىپاق» تىياتىرىغا قوبۇل قىلىندى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى باشلاندى .

«ئىتتىپاق» تىياتىرىدا ئۇ دۇتار ، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەندى . 1954 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر يىل نوتا ئۆگەندى . 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە تاللىنىپ ، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا قوبۇل قىلىندى . بېيجىڭدا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن چالغۇچىلار قاتارىدا راۋاب چالدى . ئۇ 1957 ـ يىلى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا يۆتكىلىپ كەلدى . 1970 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمەككە ئالمىشىپ ئىشلىدى . 1976 ـ يىلى ئون ئىككى مۇقام گۇرۇپپىسىغا چاقىرتىلدى .

غىياسىدىن بارات خەلق ناخشىلىرىنى تېز ۋە توغرا ئۆزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى بىلەن ئۇستازلاردىن نۇرغۇن ناخشىلارنى ئۆگىنىپ ، ئاۋازىدىكى تۇغما جاراڭلىقلىق بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ياراتقان مەشھۇر ناخشىچى . ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا قازانچى مەھەللىسىدىكى داڭلىق ناخشىچىلاردىن سىرت ، يەنە روزى تەمبۇر ، روزەم سابىر ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ، ئابدۇرېھىم ئىمىنلارنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى يۇغۇرۇلغان . ئۇ ئەينى يىللاردىلا دولقۇنسىمان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە ، يۇقىرى ئەۋجىلىك «مەستۇنە ھەيران» ، «ئەۋرىشىم» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن داڭق چىقارغان ئىدى .

غىياسىدىن بارات خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇندىغۇچىلا بولۇپ قالماستىن ، مول نەتىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيەتچىسىدۇر . ئۇ ئىجادىيەتتە ئابدۇنەبى ماناپوفنى ئۇستاز تۇتۇپ ، 1950 ـ يىللاردىن

باشلاپلا ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەشكە كىرىشكەن . ھازىرغىچە ئۇنىڭ «پەرەڭ ياغلىق» ، «يېزىدا مېنىڭ يارىم» ، «باھار شادلىقى» ، «ياشلىق چېغىمدا» ، «تاڭ ئاتقاندا» ، «ھاۋادىكى لاچىنلار» ، «گۈلزارىم ئامان» ، «ياشلىقىم — پادىشاھلىقىم» ، «بىۋاپا» ، «ئىلى دەريا بويلىرى» ، «دوستلۇق ناخشىسى» ، «قاينام ئۆركىشى» ، «سالام دەڭلار» ، «ئانا مېھرى» ، «ئايدىڭ كېچە» قاتارلىق ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ناخشا - مۇزىكىسى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى . نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى . غىياسىدىن بارات يەنە «غېرىب - سەنەم» ، «قىزىل چىراغ» ، «كۈرەش يولى» ، «ئامانىنساخان» ، «غۇنچەم» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» ، «ئىلى ۋادىسىدا مەشرەپ» قاتارلىق دىراما ، ئوپېرا ، بەدىئىي فىلىملارغا ئاجايىپ چىرايلىق ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەپ كىرىشتۈرگەن . غىياسىدىن بارات ئىشلىگەن ئاھاڭلار 20 - ئەسىردىكى ئەڭ گۈزەل ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىدىن بولۇپ ، ئۇنىڭ ناخشا ئىجادىيەتلىرى خەلق ناخشىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتتى .

غىياسىدىن بارات يەنە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن چالغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇ 1952 - يىلى روزى تەمبۇر ئاچقان مۇقام كۇرسىغا قاتنىشىپ تەلىم ئالغان . ئۇنى روزى تەمبۇرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ياشتا ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئاخىرقى شاگىرتى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق — ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىشنى ئۆمۈر بويى تاشلىمىدى . كېيىنكى يىللاردا ئۇ زىكرى

ئەلپەتتا ئاكىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇل-
لاندى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام گۇرۇپپىسىدا
ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلىپ ، «چەببايات» ، «ئۇششاق»
مۇقاملىرىنى ياشلارغا ئۆگىتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى . ئۇ ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىن چەت ئەلگە چىققان ئۆمەكلەر تەركىبىدە
ئافغانىستان ، پاكىستان ، يەمەن ، ئىراق ، سۇرىيە ، سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەرگە چىقىپ ، ئۇيغۇر
مۇقاملىرىنى دۇنياغا تونۇتتى . چەت ئەل سەھنىلىرىدە تەمبۇردە
«نىم پەدە» ، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ» ، «كورت» ، «ئەش-
ۋاي» ، «ئەجەم» قاتارلىق كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ ،
ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلدى . ئۇ ئون ئىككى
مۇقام مۇقەددىمىلىرىنى ئېيتىش ۋە مۇقام نەغمە ـ مەرغۇللىرىنى
چېلىشتا ۋايىغا يەتكەن چالغۇچى ئىدى . غىياسىدىن باراتنىڭ ئون
ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ،
1995 ـ يىلى نەشردىن چىققان ، ئابدۇكېرىم ئوسمان بىلەن
بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشىلى-
رى» دېگەن كىتابىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئىلى
خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن
تۇنجى ئېسىل ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ .

غىياسىدىن بارات 2003 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە 66 يېشىدا
ئارىمىزدىن ئۆتتى . داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ، قابىل چالغۇچى ،
تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى غىياسىدىن بارات ئۆزىنىڭ جا-
راڭلىق ئاۋازى ، ئاجايىپ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىز-
نىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ .

# 8

سەنئەت دۇنياسىنى ئاياللارسىز تەسەۋۋۇر قىلماق ناھايىتىمۇ تەس . ئەمما ، خىلمۇخىل سەۋەبلەردىن تارىخىي ماتېرىياللاردا ئايال سەنئەتكارلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئاز يېزىلغان . بىزگە پەقەت 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پۇچۇنخېنىم ۋە «شاراپچى خېنىم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان سۇمانىخانلارنىڭ داڭلىق ناخشىچىلار ـ دىن بولغانلىقى مەلۇم .

پۇچۇنخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى مېھرىبانۇم بولۇپ ، ئۇ ناھايىـ ـتى كېلىشكەن ، ئەقىللىق ئايال ئىكەن . پۇچۇنخان ئىلىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھاكىمبېگى خالزات ھېكىمنىڭ ھەدىسىنىڭ قىزى بولغاچقا ئوردىدا ئالاھىدە تەربىيە ئالغان ، كلاسسىك ئەدەبىـ ـيات ۋە مۇزىكىلارنى ئۆگەنگەن ئىدى . ئۇ كەملەردە بەگلەر ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ، ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بىر بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلاتتىكەن . بىر قېتىم خالزات ھېكىم بېيجىڭغا كېتىپ بېرىپ ، قۇمۇلنىڭ شۇ زامانلاردىكى ۋاڭى بىشىرۋاڭنىڭ كاتتا كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ . خالزات ھېكىم بىشىرۋاڭنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ھەدىسىنىڭ قىزى مېھـ ـرىبانۇمنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ . شۇ چاغدا قۇمۇل بىلەن ئىلىدا ئالامەت كاتتا توي بولغان ، دېيىشىدۇ . قۇمۇل بىلەن ئىلىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا ، بىشىرۋاڭ ئۆزى ئىلىغا بارالماي ، نىكاھ ئۇنىڭ خەنجىرىگە ئوقۇلغانىكەن . پۇچۇنخاننىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا ياتلىق بولۇشقا مەيلى يوق ئىـ ـ

كەن . ئىلىدىن ئۆزىتىلگاندا ئۇ ھەسرەت چېكىپ :

خالزات تاغام چىقىپ مەنسەپ تەختىگە ،
تۇتۇپ بەردى مېنى قۇمۇللۇق بەختىگە .
تاغام مېنى تۇتۇپ بەردى پاتقاق ۋاقتىدا ،
ئاتام بولسا ئۆزىتار ئىدى باھار ۋاقتىدا .
تاغام مېنى تۇتۇپ بېرىپ يامبۇ تاپامدۇ ؟
قۇمۇل ياقتا ئۆلۈپ كەتسەم قۇمدىن تاپامدۇ ؟

دەپ قوشاقلار قېتىپ يىغلىغان ئىكەن .

قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن پۇچۇنخان ئۆز يۇرتىنى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇنتالماي مىسكىن بولۇپ ، «قارا دەيدۇ» ، «غېرىد-بىم ئانا» ، «مەن كەلمەسمەنا» («بىز ئاتلاندۇق») قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىپ ، ئەل - يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلغان ئىكەن . شۇ يىللاردا ئىلى بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرىدىغان ئىلى هارۋىكەشلىرى بۇ ناخشىلارنى ئىلىغا يەتكۈزۈپ كەلگەن ئىكەن . كېيىن بۇ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان غىياسىدىن ھېكىم (جاھانگىر غوجا)نىڭ چوڭ ئوغلى پاشا غوجام ساقلاپ قالغانىكەن . پاشا غوجا كېيىن بۇ ئاھاڭلارنى روزى تەمبۇرگە چېلىپ بەرگەن . روزى تەمبۇر بۇ ئاھاڭلارنى ئۆگىنىپ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىگە كەلگەندە سەھنىلەردە ئورۇنداپ مۇكاپات ئالغانىكەن .


پۇچۇنخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى سومانىخان بولۇپ ، ئۇمۇ

داڭلىق ناخشىچى ئايالكەن . ئارزۇلۇق قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان سومانىخان كېيىن ھەسرەتكە چىدىماي ، شەھەردىكى داڭلىق نەغمىچى خوتۇنلارنى ھېكىمبەگ غوجىلار ئائىلىسىنىڭ قارا دۆڭدىكى خاس بېغى — گۈلشەنباغقا يىغىپ ، كېچە ـ كۈندۈز نەغمە قىلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن . بەزىدە ئۇ : «قېنى ، ھېلىقى ھەسرەتنى يېنىكلىتىدىغان بىر نېمەڭلارنى كەلتۈرمەمسىلەر !» دەپ ئازراق شاراپمۇ ئىچىپ قويىدىكەن . شۇڭا ، سومانىخان ئەلى خەلقى ئارىسىدا «شاراپچى خېنىم» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغانىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، «جېنىم خېنىم» دېگەن ناخشىنى سومانىخان قىزى پۇچۇنخاننى قومۇلغا ئۇزاتقاندا ئازابلىنىپ تۇرۇپ ئېيتقانىكەن .

ئىلاخۇن كۆككۆزنىڭ ئانىسى ھاشىخانمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا ئايال ناخشىچىلىرىدىن ئىدى . ھاشىخان ئەسلى ياركەنتلىك بولۇپ ، كېيىن ئىلى تەرەپكە ئۆتكەن . ئاياللار ئارىسىدا بولغان ئولتۇرۇش ، چايلاردا ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭق چىقارغان بولغاچقا ، «ھاشىخان داڭلىق» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان . پۇچۇن خېنىمنىڭ ئانىسى سومانىخاننىڭ :

ھاراق ئىچتىم ، بوزا ئىچتىم
ھاشىخان داڭلىق بىلەن .
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر
قەلىقەي ياغلىق بىلەن .

دېگەن ناخشىلىرى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن .



شۆھرەتلىك ئارتىس گۈلسۇم

ئىلىدا ئەرلەر بولغان سورۇنلارغا ئاياللار قاتنىشالمايتتى . ئاياللارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى پەقەت ئۆزئارا بولاتتى ، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ چاي ، ئولتۇرۇشلىرى بىلەنلا چەكلىنەتتى . 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىلىدىكى ئاياللار سورۇنلىرىنى ئەلاخان دۇتارچى ، ئاق بالىخان ، پاتەم سەتەڭ قاتارلىق ئايال نەغمىچىلەر ئاۋات قىلغان .

ئىلىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا جەمئىيەتتە تېخى فېئوداللىق قاراش ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ئېغىر بولغاچقا ، ئاياللار سەھنىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى . دەسلەپتە دىرامىلاردىكى ئاياللار روللىرىنىمۇ ئەرلەر ئوينىغان . كېيىن ، قاسىمجان قەمبىرى ، رەخىمجان سابىرى ، ئەينىدىن قاتارلىق ئىلغار زىيالىلار ئالدى بىلەن ئۆز خانىملىرىنىڭ سەھنىگە چىقىپ رول ئېلىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى . ئاندىن تۇران خانىم ، رازىيە خانىم ، گۈلسۇم ، پەرۋزە ، مەدىنە ، پەرىدەم ، شاكۇرە ، ئاۋتەت ، سەلىمە زەيناۋۇدۇن ، مىنەۋەر ، ھەجەر ، خەدىچە باگى ، ئالتۇنخان ، داناخان ، سۇلتانقىز قاتارلىق ئارتىسلار ئارقا - ئارقىدىن

ئوتتۇرىغا چىقىپ سەھنىلەرنى جانلاندۇردى . بولۇپمۇ ، بۇ دەۋردە گۇلسۇم ئارتىس خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئۇستىلىقى ، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق چوڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئالغان روللىرى بىلەن كاتتا شۆھرەت قازانغان . ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى گۇلسۇمگە «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا گۇلسۇم ، ئامىنە قادىر ، ئايتۇرغان ، پاشا ئىشان ، مەريەم كېرىم ، بەختىنىسا ئىسمائىل قاتارلىق ئارتىسلارنىڭ تۆھپىلىرى گەۋدىلىك بولدى .



داڭلىق ئارتىس ئايتۇرغان

ئايتۇرغان سابىتوۋا[1] 1935 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1949 - يىلى سانائەپىسگە قوبۇل قىلىنغان . ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ، سەيدۇللام ، گۇلسۇم قاتارلىق سەنئەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىدا «سەنەم» ، «غۇنچەم» دىرامىسىدا «غۇنچەم» روللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققان . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ماھارەت بىلەن

① ئايتۇرغان سابىتوۋا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئانىسى تەرەپنىڭ «ھاسانوۋا» دېگەن فامىلىسىنى ئىشلەتكەن .

ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن . «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» مەزگىلىدە ئۇيۇشتۇ-رۇلغان چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدىكى پىدائىيلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ ، ئۆز ناخشىلىرى بىلەن جەڭچىلەرگە مەدەت بەرگەن . 1962 - يىلى سابىق سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ قىرغىزىستان رېسپوبلىكىسىغا كۆچۈپ چىقىپ ئول-تۇراقلىشىپ ، قىرغىزىستاننىڭ ئۇيغۇر سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆچ-مەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇ 1969 - يىلى ئۆزبېكىستان رادىئو - تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلدى . بۇ يەردە ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى .


ئارتىس مەريەم كېرىم

ئايتۇرغان سابىتىۋاندىڭ «نىگارىمغا» ، «ناخشام بى-لەن» ، «ھەيدادەي» ، «ناۋا قىلدىم» قاتارلىق كۆپلىگەن ناخشىلىرى رادىئولاردا بېرى-لىپ تىڭشىغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان . 2002 - يىلى ئۇنىڭ «كەچكۈزدىكى نا-ۋا» ناملىق VCD پىلاستىنى-كىسى تارقىلىپ قىزغىن ئال-قىشقا ئېرىشتى . ئايتۇرغاننىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئو-رۇنداشتىكى ماھارىتى ئۆزگى-



ئارتىس بەختىنىسا ئىسمائىل

چە ، ئاۋاز تۇسى يېقىملىق ، ئىلاستىكىلىق ، ناخشا تېكىستلىرىنى ئاھاڭ بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ، ناخشىدىكى بەدىئىي مەزمۇننى ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چىرايىدا ئىپادە قىلىش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ ، تىڭشىغۇچىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدۇ . ئايتۇرغان ، بەختىنىسالارنىڭ ئاجايىپ ناخشىلىرى ، مەريەم كىرىمنىڭ شوخ لەپەرلىرى ئەينى يىللاردا سەھنىلىرىمىزنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ زور داغدۇغا پەيدا قىلغان ئىدى .

9

# تەڭرىتاغ بۇلبۇلى پاشا ئىشان



پاشا ئىشان دۇنيا ياشلار فېستىۋالىدا (1955 - يىل)

پاشا ئىشان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ياڭراق، يېقىشلىق ئاۋازى، سەنئەتتىكى تەبىئىي تالانتى، خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ «تەڭرىتاغ بۇلبۇلى» دەپ شەرەپلىك نام ئالغان. ئۇ سەنئەت مۇساپىسىدا يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

پاشا ئىشان 1940 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىتى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرى قازانچى مەھەللىسىدە ئۆتكەن. ئەينى يىللاردا قازانچى شەھەرنىڭ ھۇنەرۋەنلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ھۇنەرۋەنلەر ئارىسىدا ئاجايىپ نەغمىچىلەر، ئۇستا ناخشىچىلار

بار ئىدى . قازانچىنىڭ كوچىلىرىدىكى تۆن يىرىمىغىچە ئوچۇق تۇرىدىغان موزدۇزخانا ، ساتىراشخانىلاردىن كىملەرنىڭدۇ چالغان دۇتارى ، مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . پاشا ئىشاد-ىنىڭ ئانىسى تۇراخانمۇ دۇتار چالىدىغان ، ناخشا - مۇزىكىغا ھىرىسمەن ئايال ئىدى ، بەزىدە ئۇ بالىلىرىنى دۇتار چېلىپ بېرىپ ، ناخشا بىلەن ئەللەيلەپ ئۇخلىتاتتى . پاشا ئىشاننىڭ قەل-بىگە سەنئەتنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقلىرىنى ئەنە شۇ مېھرىبان ئانى-سى چاچقان ئىدى .

پاشا ئىشان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە «ئايخان» مەكتەپكە كىرىپ ئوقىدى . پاشا ئىشان «ئايخان» مەكتەپتە ئوقىغان بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىگىنىدە ، ئۇ شۇ مەكتەپتە ئۆزىگە بىلىم بەرگەن ۋە ئۇنى سەنئەت يولىغا يېتەكلىگەن ئالىيە مۇئەللىمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . ئالىيە مۇئەللىم پاشادىكى تالانتنى تونجى بولۇپ بايقاپ ، ئۇنى مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىگەن . پاشا ئىشاننىڭ مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قات-نىششى «ئايخان» مەكتەپنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنى تېخىمۇ جان-لاندۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ نامى تېزلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ھالقىپ جەمئىيەتكە تارالدى . ئەينى يىللاردا قازانچى مەھەللىسىدە تەش-كىللەنگەن «5 - رايون سەنئەت ئۆمىكى» پاشا ئىشاننىڭ مەكتەپ-تە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇنى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس-كارلار قاتارىدا سەنئەت ئۆمەككە قوبۇل قىلدى . قازانچىدىكى بۇ سەنئەت ئۆمىكى ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدىكى تەسىرى چوڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بىرى ئىدى . بۇ يەرگە ھېزىم موللا ، مۇساجان روزى ، ماخمۇت چاڭ ، ئابدۇرېھىم مەشچى ، يۇسۇپجان سىدىق ، سەلەي تۇردى ، ئابلىزخان مامۇت ، قۇربان ئۆمەر ، ئاب-

دۈكېرەش ئەلى ، غىياسىدىن بارات قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكا ئۇستىلىرى جەم بولغان ئىدى . بۇ يەر پاشا ئۈچۈن بىر جانلىق سەنئەت مەكتىپى بولدى . ئۇ تۇنجى بولۇپ سەھنىلەردە «چاۋشـ يەن قىزى» ، «كۆز ئۈيقۇدا» ، «داھىغا شەرەپ» قاتارلىق ناخـ شىلارنى ئورۇنداپ ئاۋازىنىڭ سازلىقى ، ناخشىلارنىڭ ئەۋجى ، ئەگىتمىلىرىنى ئېلىشىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ھەممىنى تاڭ قالدۇردى .

شۇ يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان مەرھۇم سەيپىدىن ئەپەندى بۇ ناخشىچى قىزنىڭ داڭقىـ نى ئاڭلاپ ، 1953 ـ يىلى پاشا ئىشاننى ئىسمىنى ئاتاپ ئۆلكـ لىك سەنئەت ئۆمەككە ئالدۇردى . شۇ يىلى پاشا چاۋشيەن ئالدىنـ قى سەپىدىكى پىدائىيلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ياڭراق ناخشىلىرى بىلەن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالىمىنى پىدائىيلارغا يەتكۈزدى . 1955 ـ يىلى پاشا ئىشان ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا فېستىۋالىغا قاتنىـ شىپ ، ھۆسەنجان جامى ئىشلىگەن «ئازاد زامان» ، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىلارنى ئورۇنداش بىلەن كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشىپ ۋەتىنىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى .

پاشا ئىشان 1956 ـ يىلى دۆلەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مەدەنىيەت دىلگاتسىيىسى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ، شىرئەلى ئىشلىگەن «سېغىنىپ كەلدىم» دېگەن ئىجادىي ناخشا ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان رېسپوبلىكىلىرىـ نىڭ سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە سالدى . 1961 ـ يىلى جۇ ئېنلەي

زوڭلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇ ھىندونېزىيە، بېرما، نېپال، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن دۇنيا سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ كۈچىنى تەنتەنە قىلدى.

پاشا ئىشان 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت سەھنىمىزنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان داڭلىق خەلق ناخشىچىسى. ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ قالماي، كۈچانىڭ شوخ پەدىلىرى، قەشقەرنىڭ لەرزان ئاھاڭلىرىنىمۇ راۋان ئورۇندىيالايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھۆسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا، غىياسىدىن بارات، شىرئەلى، ئەمەتجان قاتارلىق مۇزىكانتلار ئىشلىگەن نۇرغۇن ئىجادىي ناخشىلارغا ئۆز تالانتى، ياڭراق ئاۋازى بىلەن ھاياتى كۈچ بېغىشلىغان. شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار پاشا ئىشاننىڭ ناخشىلىرىنى تۆت يۈرۈش ناخشا لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 1986 ـ يىللىق مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدا ئۇ ئورۇندىغان «ئانا مېھرى» ناملىق ناخشا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1987 ـ يىللىق «باھار بەزمىسى» سەنئەت كېچىلىكىدىن كېيىن، ئۇ ئورۇندىغان «تاغ سۇلىرى» ناملىق ناخشا ھەممە كىشىنىڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. 1992 ـ يىلى ئۇ سەنئەت سېپىدىكى تۆھپىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1989 ـ يىلى ئۇ

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم تاللانغان سەنئەتچىلەر بىلەن ياپونىيىگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ «تاغ سۇلىرى»نى ئورۇنداپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى. 2000 ـ يىلى ئۇ ھۆسەنجان جامى، غىياسىددىن بارات، مۇساجان روزى قاتارلىق داڭلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى بىلەن ئەنگلىيىگە چىقىپ «جانەي»، «يار سىنىڭ دەردىڭ يامان» قاتارلىق ئىلى ناخشىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن شۆھرەت تاپتى. ئۇنىڭ نامى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ مەشھۇر.

پاشا ئىشان خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا ئاشۇ ئاددىي خەلقنىڭ ئازادە، مەردانە ئاۋازىدا ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇزۇن يىللىق سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، خەلق ناخشىلىرىنى ئاياللار يۇقىرى ئاۋازىدا ئورۇنداشنىڭ ئۆزگىچە يېڭى ئۇسلۇبىنى ياراتقان داڭلىق ناخشىچى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ، ئارخىپ قىلىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىق.

سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان شۇ تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ پاشا ئىشانغا 1985 ـ يىلى دۆلەت تەرىپىدىن «دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس» ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 7 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم

رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى ئۆنىڭغا «تەڭرىتاغ تۆھپىكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى .

10

# تىرىشچان سەنئەتكار ئابدۇكېرەش ئەلى



داڭلىق ئارتىس ئابدۇكېرەش ئەلى

ئابدۇكېرەش ئەلى (ئاب-دۇكېرىم ئەلىيوپ) 1925 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازاز-چى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئەينى يىللاردا قازانچى مەھەل-لىسى خەلق سەنئەتچىلىرى كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە-لەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەر-دىكى مۇھىت ئابدۇكېرەشتە بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا سەنئەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى ئويغاتقان. ئۇ دەسلەپتە نەي چېلىشنى مە-شىق قىلدى. كېيىن قازانچى مەھەللىسىدىكى سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ ئىسكىرىپكا ئۆگەندى.

ئابدۇكېرەش ئەلى 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىپ، مىللىي ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىپ، بۇ يەردە مۇساجان روزى، ئابلىكىم ئابدۇللا قاتارلىق ئاتاقلىق سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە بىر قىسىم كونسېرت نومۇرلىرى ۋە «غېرىب - سەنەم»،

«غۇنچەم» ، «ۋىجدان ئالدىدا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوي. ناشنى ئۆيۆشتۇرۇپ ، مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىر. نىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان . قىسىمدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇ «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» قارمىقىدىكى سەنئەت كورۇژۇكىغا قاتنىشىپ مۇزى. كا چالدى ۋە سەھنىدە روللارغا چىقتى . 1952 - يىلى «ئىتتىد. پاق» تىياتىرىغا قوبۇل قىلىنىپ ، ئارتىس ۋە چالغۇچى بولدى . 1958 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا چاقىرتىلدى .

ئابدۇكېرەش ئەلى ئاۋازى ياخشى ، سەنئەت ئىشلىرىغا قىز. غىنلىقى ئۇستۇن ، روھلۇق سەنئەتچى ئىدى . ئۇ «غۇنچەم» ، «قانلىق داغ» ، «غېرىب - سەنەم» ، «ئارشىن - مال ئالان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە باش روللارغا چىققان ، «قىزىل چىراغ» ئوپېراسى ۋە بىر قىسىم كىنولاردا قوشۇمچە روللارنى ئوينىغان ئىدى . ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتىمۇ ئۆزى. گە خاس ماھارەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ غىياسىدىن بارات ، يۇ. سۇپجان توختىلار بىلەن رادىئوغا بەرگەن بىرقانچە يۇرۇش ئىلى خەلق كوچا ناخشىلىرى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئاڭلايدىغان نومۇر. لىرىغا ئايلانغان ئىدى . ئابدۇكېرەش ئەلى يەنە «كاككۇك» ، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنىمۇ ئىجاد قىلغان .

ئابدۇكېرەش ئەلىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى. غا ، بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتىغا بولغان چۈشەنچىسى يۇقىرى ئىدى . ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىلا

روزى تەمبۇر يېتەكچىلىك قىلغان مۇقام ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ بىلىم ئالغان . 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام گۇرۇپپىسى تەشكىللەنگەندە ئۇ بۇ گۇرۇپپىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتى . ئەينى يىللاردا روزى تەمبۇر ۋە قازانچىدىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلەردىن ئۆگەنگەنلىرىنىڭ تەسىرى ۋە مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى داڭلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانىڭ يېتەكلىشىدە ، كېيىن ئۇ مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى ئاساسلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى . هاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ مۇقام ئاهاڭلىرىنى تەتقىق قىلىش ، رەتلەش ، ياش كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشتى .

ئابدۇكېرەش ئەلى 1987 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە 62 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

# 11

## ئۇستا چالغۇچى ھۇسەنجان ھەسەن


ئاتاقلىق چالغۇچى ھۇسەنجان ھەسەن

ھۇسەنجان ھەسەن ئىلدىكى تەسىرى بار چالغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

ھۇسەنجان ھەسەننىڭ چوڭ ئاكىسى ھېيتاخۇن دۇتارنى ئوبدان چالاتتى، ناخشىنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ھۇسەنجاندا مۇزىكىغا بولغان دەسلەپكى تەلپۇنۇشنى مۇشۇ ئاكىسى ئويغاتقان ئىدى. كېيىن ھۇسەنجان «خانىقا» مەكتەپكە[1] ئوقۇشقا كىردى. ئەينى يىللاردا بۇ مەكتەپ ئابدۇسالام ئەپەندى، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، دەرستىن سىرتقى مەدەنىي پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلانغان بىر ئورۇن ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى سەنئەت كۇرۇژۇكىغا داڭلىق سازەندە روزى تەمبۇر ئۆزى

---

① «خانىقا» مەكتەپ — «مۇرات» مەكتەپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غۇلجىدىكى نامى بار كونا مەكتەپلەرنىڭ بىرى. ھازىر «غۇلجا شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ» دېيىلىدۇ.

يېتەكچىلىك قىلاتتى. ھۇسەنجان ھەسەن مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ تەمبۇر ئۆگەندى، سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتناشتى. ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتى بۇ مەكتەپتە تېزلا كۆزگە چېلىقتى. مەكتەپتىن چىقىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىچە بولغان يىللاردا ئۇ مەشرەپ، سورۇنلارغا بېرىپ غوپۇر يۇسۇپ، ئابدۇنەبى ماناپوف، مەتتاھىر ھەسەن، ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللا ئاكا، زوردۇن نۇسرەت قاتارلىق چالغۇچىلاردىن ساز ئۆگەندى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھۇسەنجان ھەسەن رايونلۇق سەنئەت كۇرۇژۇكى ۋە «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەشۋىقات ئىشلىرىغا قاتناشتى، 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى تىياتىرىغا قوبۇل قىلىندى. تىياتىردا ئۇ ئاساسلىقى ئىسكىرىپكا چالدى، قوشۇمچە ئۆزبېك راۋابى، چاڭ قاتارلىق چالغۇلارنى ئۆگەندى. 1955 ـ يىلى ئۇ غىياسىدىن بارات قاتارلىق ئۇمىدلىك ياش چالغۇچىلار قاتارىدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ نوتا ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسى جەھەتتە تەربىيىلەنگەن. ئۇ ئىلى تىياتىرى ساھەسىدە قىرىق يىل مۇزىكانتلىق قىلىپ، 1990 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى.

ھۇسەنجان ھەسەننىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىلىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى زور. ئۇ بىر قىسىم درامىلاردا روللارغىمۇ چىققان. «غۇنچەم»، «تاغدىكى چېچەك» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇزىكا ئىشلىگەن. «گۈل ئىلىغا خۇشتارمەن» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكا ۋە لەپەر ئاھاڭلىرىنى ئىجاد

قىلغان . ھوسەنجان ھەسەن دۇتار ۋە ئىسكىرىپكا چېلىشتا ئۆزىگە خاس ، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە چالغۇچى . ئىلى خەلق ئاھاڭلىرىدى ھېسسىياتلىق ۋە نەپىس ئورۇنداش بىلەن تىڭشىغۇچىلارنى مەھلىيا قىلالايدۇ . مۇزىكىدىكى ئاھاڭ ساداسىدا يەرلىك ئىلى پۇرىقى كۈچلۈك . مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇ روزى ئابدۇۋەلى ، داۋۇتجان ناسىر ، سەيدۇللام توختى ، ساتتار داۋۇت ، ۋەلى داۋۇت قاتارلىق ياش سازەندىلەرگە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن .

ھۇسەنجان ھەسەن ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغىمۇ ناھايىتى پىششىق . ئۇ ئەينى يىللاردا تالانتلىق چالغۇچىمىز روزى تەمبۇر يېتەكچىلىك قىلغان كۇرسقا قاتنىشىپ مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن . ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى قائىدىلىك ، ئۆزرىتى بىلەن ئورۇنداشتا زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ تەلىمىنى ئالغان . كېيىنكى يىللاردا مەركەز ، ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىلىرى غۇلجىدا ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى لېنتىغا ئېلىشنى ئۇيۇشتۇرغاندا ، ھۇسەنجان ھەسەن كۆپ قېتىم قاتنىشىپ ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى . ئۇنىڭ يەككە ئورۇندىغان مۇزىكىلىرىمۇ ئايرىم لېنتىغا ئېلىنىپ ، ھەرقايسى ئىستانسىلار تەرىپىدىن ئاڭلىتىلدى . ھۇسەنجان ھەسەن ئىلى خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئەينەن ساقلاپ كېلىۋاتقان ھايات پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بىرى .

## 12

# خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر


خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر

داۋۇتجان ناسىر 1939 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ مويكا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

داۋۇتجاننىڭ ئاتىسى ناسىر ئاكا خۇش پېئىل، ناخشىچى ئادەم بولۇپ، ھارۋىكەشلىك قىلاتتى. داۋۇتجان كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ ناخشا، ساز تىڭشاشنى ياخشى كۆرەتتى. ناسىر ئاكا ھارۋا ھەيدەپ يىراق سەپەرلەرگە چىققاندا، ناخشىغا خۇمار بۇ ئوغلىنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتمايتتى. داۋۇتجان ئەگىر ـ توقاي ھارۋا يوللىرىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ دادىسى ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىنى تەكرارلايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قوشنا ـ قولۇملارغا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ سازلىقى مەلۇم بولدى. مەھەللىدىكى مومايلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ «ئانام ـ ئانام» دېگەن ناخشىنى ئېيتقۇزۇشقا خۇشتار ئىدى. بۇ كۆزى ئاجىز ئوغۇلنىڭ

ناخشىسىنىڭ مۇڭىدىن ئۇلار ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشات-تى . چوڭ كىشىلەر داۋۇتجاننى كۆرسە : «قېنى داۋۇتجان ، خاندەلەيلۇنگە بىر توۋلىۋەتكىنە... ھە ، ئەمدى سادىر ناخشىسىغا... » دەپ قويۇپ بەرمەيتتى .

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە مەھەللە - مەھەللىلەردە سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى تەشكىللىنىپ ، سەنئەت ئىشلىرى كەڭ راۋاجلانغان ئىدى . داۋۇتجان 1953 - يىلىدىن باشلاپ مويكا مەھەللىسىدىكى سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتناشتى . ئۇ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندا تېخى كىچىكلا بالا ئىدى . ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بۇ بالا ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتنى بايقىغان ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى قازانچى رايونلۇق ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلغان . قازانچىدىكى بۇ ئۆمەكتە ئىشلەش داۋۇتجاننىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالدى . داۋۇتجان ھەر كۈنى ئۆمەككە بېرىشقا ئالدىرايتتى ، ئۇ يەردە ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر تولۇپ تۇراتتى . شۇ يىللاردا ، كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا داڭق چىقارغان پاشا ئىشان ، غىياسىدىن بارات ، ھۇسەنجان جامى ، مۇساجان روزى ، قۇربان ئۆمەر قاتارلىق ئاتاقلىق سەنئەتچىلەرمۇ بۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئىدى . يەنە ھېزىم موللا ، تۇرسۇن ئاۋامۇسسىلىم (تۇرسۇنجان مەشچى ) ، ئابدۇرېھىم ئاكا قاتارلىق ئىقتىدارلىق نەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى . داۋۇتجان بۇ ئۆمەكتە ساز چېلىش ، ناخشىلارنى مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش ، ئۇلاپ ئېيتىشلارنى ئۆگەندى . بولۇپمۇ ، مويكا مەھەللىلىك تۇرسۇن ئاۋا

مۇسىلىم ئاكا ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى . مەر-
ھۇم داۋۇتجان ناسىر ھايات ۋاقتىدا بۇ ئۇستازىنى ئەسلەپ : «ئۇ
كىشىنىڭ چالغان سازى ، ئېيتقان ناخشىلىرى مېنى سېھىرلەپ ،
يۈرىكىمدە سەنئەتكە بولغان قايناق ھەۋەس ئويغاتقانىدى . ئۇ مې-
نىڭ ھۆرمەتكە مۇناسىپ ، ئۇنتۇلماس ئۇستازىم ! » دېگەن ئىدى .

داۋۇتجان ناسىر ئۆز ئۆمرىدە بىرەر سەنئەت مەكتەپلىرىدە
ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسى-
مۇ ، ئۆز يۇرتىنىڭ سەنئەتكە باي تۇپرىقىدا تەبىئىي ئۆسۈپ يېتى-
لىپ ، خەلقتىن ئىبارەت بۇ قۇرىماس بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئى-
چىپ ، يالغۇز كلاسسىك خەلق ناخشىلىرىنىلا ئورۇنداشقا ماھىر
بولۇپ قالماستىن ، دۇتار ، تەمبۇر ، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇ-
لارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان مۇكەممەل سەنئەتچى بولۇپ
يېتىشتى . ئۇ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ غۇلجا شەھەرلىك مەدە-
نىيەت يۇرتى ، تاشكۆۋرۈك يېزىسى ، شەھەرلىك 2 - رايون ۋە
قول سانائەت كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سەنئەت ئۆمەكلى-
رىگە قاتنىشىپ ، بۇ ئۆمەكلەرنى تەشكىللەش ، راۋاجلاندۇرۇش ،
يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينى-
دى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا غۇلجا شەھەرلىك مەدە-
نىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قوشقان
تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ ، بۇ ئۆمەكنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە
بولۇپ تۇرۇشىدا ھېسام قۇربان بىلەن داۋۇتجان ناسىر قاتارلىق
سەنئەتچىلەر كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلەردىن بولۇپ قال-
غانىدى .

داۋۇتجان ناسىر ئەينى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆ-

رەكلىرىدە كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن . 1961 ـ يىلى ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر كۆرىـ كىدە ئۆز ناخشىلىرى بىلەن 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشتى . 1984 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئەمالار ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى باھالاشتا ئۇنىڭ ئورۇمچىدە لېنتىغا بەرگەن يەتتە ناخشىسى مەمـ لىكەت بويىچە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى . داۋۇتجان مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇلـ لىنىپ ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىدى . ئۇنىڭ «تاغ سۇـ لىرى» ، «ئىلى ئالمىسى» ، «سېنى كۆيلىمەك بەختىم» ، «قىـ زىلگۈل» قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېـ رىشكەن .

داۋۇتجان ناسىر ئېيتقان ناخشىلار كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىـ لىگە سالىدۇ ، خۇددى قارىغايزارلىقلار ئارىسىدىن شارقىراپ چۈـ شۈۋاتقان دولقۇنلۇق تاغ سۇلىرىغا ئوخشاش كىشىگە ئارام ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ . ئۇ خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان . ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق ۋە يېقىملىق ، ھېسسىياتقا باي ، تىلى ئېنىق ، ئاھاڭ بىلەن ناخشا تېكىستلىرى مۇستەھكەم بىرىككەن بولۇپ ، پەقەت داۋۇتجانغىلا مەنسۇپ ئۆزـ گىچە پۇراق بىلەن يۇغۇرۇلغان . خەلق ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى باشـ قىچە ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ . مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە غۇلجا خەلق رادىئو ئىستانـ سىلىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئالغان ۋە مەخسۇس تونۇشتۇرغان . ھەرقايسى رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تەلەپلەر بويىچە بەرگەن سەنئەت نومۇرلىرىغا داۋۇتجان ناسىرنىڭ

ئاۋازى ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ كەلگەن ئىدى . ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ ھارماس بۇلبۇل 1988 - يىلى 18 - سېنتەبىر ئەتىگەندە ، مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبى بىلەن تۇيۇقسىز ئاردىمىزدىن كەتتى . مەرھۇم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى ، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ، مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى ئىدى .

داۋۇتجان ناسىر ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى ئۈستىدىمۇ كۆپ ئىزدەنگەن چالغۇچى ئىدى . ئۇ مۇقامنىڭ داستان ، مەشرەپ ، مەرغۇللىرىنى ناھايىتى نەپىس چالاتتى . ئاپتونوم رايون ۋە غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئىلى مۇقامىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمەتلىرىنىڭ كۆپىگە قاتناشقان ئىدى . ئۇنىڭ ناخشىلىرى مەيۈسلەنگەنلەرگە ئۈمىد ، ھارغانلارغا ئارام ، چېچىلغانلارغا تەسەللىي ، غېرىبسىنغانلارغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى . داۋۇتجان ناسىر سەنئەت ئىشلىرىمىزغا قوشقان تۆھپىسى ، كەمتەر ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئۆزىگە يېقىلماس ھەيكەل تىكلەپ ئارىمىزدىن كەتتى .

# 13

# مۇقام سەنئەتكارى ئابلىز شاكىر



ئاتاقلىق چالغۇچى ئابلىز شاكىر

ئابلىز شاكىر 1941 ـ يىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ سۇيدۇڭ لەڭگەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

ئابلىز شاكىرنىڭ چوڭ ئاكىسى مەھەممەت سىدىق سەنئەت سۆيەر كىشى بولۇپ، ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن سۇيدۇڭدە تەشكىللەنگەن سانائىنەپىسلەرگە قاتنىشىپ دىرامىلاردا رول ئالغان. كىچىك ئاكىسى تەۋەككۇلمۇ ناھايىتى ياخشى ناخشىچى ئىدى. ئاكىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئابلىز شاكىردا مەكتەپ يېشىغا يەتمەستىنلا ناخشا ـ مۇزىكىغا قىزغىن ھەۋەس ئويغانغان ئىدى. ئۇ 1948 ـ يىلى سۇيدۇڭدىكى «يېڭى قەدەم» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپتىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىپ، مەكتەپ سەھنىلىرىدە ئەينى يىللاردا كەڭ تارقالغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىپ كۆزگە كۆرۈندى. كېيىن ئۇ

غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ «ئىلى» مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى . بۇ يەردە ئۇ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇنئاي مۇئەللىمنىڭ يېتەكلە-شى بىلەن «ئۇستازىم» ، «خەلقىم» قاتارلىق ئىجادىي ناخشىلار ۋە بەزى خەلق ناخشىلىرىنى قائىدىلىك ئېيتىشنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، مۇسابىقىلاردا كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . 1955 ـ يىلى ئۇ ئىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىندى . بۇ مەكتەپتىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنى-شىپ ، دۇتار ، تەمبۇر چېلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى . 1958 ـ يىلى ئۇ ئىلى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلىنىپ ، ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى .

ئابلىز شاكىر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ بىرەر يىلچە غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلە-دى . لېكىن ، ناخشا ـ مۇزىكىغا بولغان ئوتتەك ھەۋەس ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ 1958 ـ يىلى ئىمتىھان بې-رىپ ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى . دەسلەپتە ناخشا گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ناخشا ئېيتتى ، تەمبۇر چالدى ، نوتا ئۆگەندى ، كانتۇرباس چال-دى . بەختكە قارشى ، 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى . ئابلىز شا-كىر شۇ چاغدىكى «سولچىل» سىياسەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، تۆۋەنگە چۈشۈپ ، ئون يىلچە جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشتى . ئەمگەك مەيدانىدا ئۇ ئىسكىرىپكا چېلىشنى مەشق قىلدى ، خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام نەغمىلىرىنى ئۆگەندى . 1972 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندە ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى-نىڭ سەنئەت بۆلۈمىگە مۇزىكا تەھرىرى بولۇپ ئورۇنلاشتى .

1973 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئىجرا قىلغان ناخشا ـ مۇزىكىلار رادىئودا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى . ئۇ تۇنجى رەت ئورۇندىغان «يۇرتۇمدا باھار» ناملىق ناخشىسى بىلەنلا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ ، خەلققە قايتا تونۇلدى . 1975 ـ يىلى مەدەنىيەت نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيۇشتۇرغان يالغۇز كىشىلىك ناخشىچىلار كۆرىكىدە ئۇ 1 ـ دەرىجىلىك ناخشىچى بولۇپ تاللىنىپ بېيجىڭغا باردى .

ئابلىز شاكىر «يۇكسىلىمىز كۈرەشتە» ، «داشۆگە ئۇزدىتىش» ، «يار بولسا» قاتارلىق قىرىقتىن ئارتۇق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى ، «تەلكە تاغلىرى» ، «گۇل» ، «سېغىنىش» ، «شېرىن ئارزۇ» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى . ئۇنىڭ يەككە ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئورۇندىغان نۇرغۇن ناخشا ـ سازلىرى ھەرقايسى رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە قانالLIرىدا تارقىتىلدى . ئۇ ئېيتقان «شۇنچىمۇ» ، «رۇخسار داپ نەغمىلىرى» ، «رۇخسار داستانلىرى» ، «راك ۋە چەبباياتتىن پارچىلار» ، «ناۋا ۋە ئەجەمدىن پارچىلار» ، «ئۇششاق مۇقامى» ، «پەنجىگاھ مۇقامى» ، «جان دوستلار» ، «ھۆسەنجان جامى ئىجادىيەتلىرىدىن تاللانمىلار» ، «ئۆزھال داستانلىرى» قاتارلىق ئون خىل ئۈنئالغۇ لېنتىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ تارقىتىلدى . مۇزىكا تەھرىرلىكى ئابلىز شاكىر سەنئەت ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ . شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان كۆپلىگەن ناخشا ـ مۇزىكىغا ئۇنىڭ تەھرىرلىك ئەجرى سىڭگەن . بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى

ئۇنىڭغا 1992 ـ يىلى «رادىئو ساھەسىدە ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن خادىم» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بەردى .

ئابلىز شاكىر 1962 ـ يىلى تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن 1972 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلگىچە بولغان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ، مۇساجان روزى ، ھۇسەنجان جامى ، ئابلىكىم ئابدۇللا ، غىياسىدىن بارات قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەندى . ئۇ «رۇخسار» ، «راك» ، «چەببايات» ، «مۇشاۋەرەك» ، «چارىگاھ» ، «پەنجىگاھ» ، «ئۆزھال» ، «ئۇششاق» ، «ناۋا» مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمە ، داستان ، مەشرەپلىرىنى ئىلى ۋارىيانتى بويىچە ئىگىلەپ ئېيتىپ كۆپكە تونۇلدى . زىكرى ئەلپەتتا ، مۇساجان روزى ، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق پېشقەدەملەر ئابلىز شاكىرنىڭ ئاۋازىغا «مۇقام ئېيتىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ، ئۆلچەملىك ئاۋاز» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى . 1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا ، ئۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ 1979 ـ يىلغىچە ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈردى . 1984 ـ يىلى ئۇ ، بۇ گۇرۇپپىغا ئىككىنچى قېتىم چاقىرتىلىپ يەنە ئىككى يىل ئىشلىدى . بۇ يىللاردا ئۇ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزى بىلمىگەن قىسىملىرىنى ئۆگىنىپ تولۇقلىدى ، مۇقام تەتقىقاتى ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولۇقلاش ، رادىئودا ئاڭلىتىش ، تەييارلاش ، ئىجرا قىلىش ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى ۋە تۇرداخۇن ئاكا نۇسخىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقتى . بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئابلىز شاكىرغا 1992 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا مەملىكەت-

لىك مۇقام ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇقام سەنئەتكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى .

ئابلىز شاكىر كەمتەرلىك بىلەن هارماي ئۆگىنىدىغان ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئېرىنمەي مەشىق قىلىپ تۇرىدىغان سەنئەتچى . ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكا ساھەسىدە يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش كۈچلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، بىرلىكى ناھايىتى ياخشى ، ياشلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى بار .




ئابلىز شاكىر ياش ناخشا - مۇزىكىچىلار نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ، ۋەلى داۋۇتلار بىلەن بىللە

## 14

# خەلق يېتىشتۈرگەن چالغۇچى
# روزى ئابدۇۋەلى

روزى ئابدۇۋەلى 1940 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.



خەلق چالغۇچىسى روزى ئابدۇۋەلى

روزىنىڭ دادىسى ئابدۇۋەلى ئاكا ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ئەلنەغمىچىلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتكەن، ئۆزىمۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان، سەنئەت سۆيەر ئادەم ئىدى. ئانىسى ئىززەتخان ھەدىمۇ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتالايتتى. مۇنداق ئائىلىۋى مۇھىت روزى ئابدۇۋەلىدە ناخشا - مۇزىكىغا بولغان

ھەۋەسنى كىچىكىدىنلا ئويغاتتى . ئۇ غۇلجا 3 ـ باشلانغۇچ مەك-
تەپ ، «ئىلى» مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا مەكتەپ تەييار-
لىغان ئويۇنلاردا رول ئېلىپ ، «ئۇستازىم» قاتارلىق ناخشىلارنى
ئېيتقان . شۇ يىللاردا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە قۇرۇلغان سەن-
ئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ ، «سادىر ناخشىسى» ، «ئاللا يا-
رىم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنداپ «بالا ناخشىچى» دەپ نام
ئالغان .
ئەينى يىللاردا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى بۇ سەنئەت كۇ-
رۇژۇكىغا زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق پېشقەدەملەر يېتەكچىلىك
قىلاتتى ، ياسىن سابىرى ، ئەمەتخان بارات ، غوپۇر ئەخمىدى قا-
تارلىق خېلى كۈچلۈك سازچىلار توپلاشقان ئىدى . روزى ئابدۇۋە-
لىنىڭ ساز ئۆگىنىشى مۇشۇ كۇرۇژۇكتىن باشلاندى . رېپېتىس
ۋاقتىدا ئۇ چوڭلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ
تىڭشايتتى ، سازەندىلەر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قويۇپ دەم ئېلىشى
بىلەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، دۇتار ـ تەمبۇرنى قولىغا
ئېلىپ تىرىشلىتىپ ، ئاڭلىغانلىرىنى زېرىكمەي تەكرارلايتتى .
ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆيگە كېلىپ دادىسىغا چېلىپ بەرسە ، ئابدۇۋەلى
ئاكا ئۇنىڭ چالغان سازلىرىدىكى نۇقسان ، ناخشىلىرىدا خاتا كەت-
كەن جايلىرىنى تۈزىتىپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلار-
نى كىچىكىدىنلا رەتلىك ، توغرا ئىگىلەپ مېڭىشىغا ئاساس بول-
دى . ئۇزۇن ئۆتمەي روزى ئابدۇۋەلى شەھەر ئىچى سەنئەت كۇ-
رۇژۇكىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تاللىنىپ «5 ـ كورپۇس سەن-
ئەت ئۆمىكى»گە قاتناشتى . بۇ يەردە ئۇ روللارغا چىقتى ، مۇزىكا
ئەترىتىگە قاتنىشىپ راۋاب ، دۇتار ، تەمبۇر چالدى . كورپۇس
سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇنىڭغا ئابلىكىم ئابدۇللا ، ئەبەي جامى قاتار-

لىق قابىل سەنئەتچىلەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى .
1956 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە روزى ئابدۇۋەلى شىنـ
جاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىدى . 1958 ـ يىلىـ
دىن كېيىن 1 ـ قاتناش شىركىتىگە كىرىپ شوپۇر بولدى .
1962 ـ يىلى ئەينى يىللاردىكى «سول» لۇشيەننىڭ زەربىسىگە
ئۇچراپ خىزمەتتىن بوشۇتۇلۇپ ، 1980 ـ يىلىغىچە بولغان يىـ
گىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئائىلىسى بىلەن مۇشەققەتـ
لىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى . شۇ يىلـ
لاردا ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ نۇرغۇن تويلارنى قىزىتتى ،
قانچە سورۇنلارغا خۇشاللىق بېغىشلىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئۆز
ئائىلىسى ، بالا ـ چاقىسى ناھايىتىمۇ غورىبەتچىلىكتە ياشىدى . شۇ
كۈنلەردە ئۇ پات ـ پات دادىسىنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئەسلەيدىـ
غان بولۇپ قالدى . روزىنىڭ دادىسى ئابدۇۋەلى ئاكا ئۇستا موزـ
دۇز ئىدى . ئۇ دائىم ئوغلىغا : «بالام ، ھېچبولمىسا ياماقچىلىق
ھۈنىرىنى بولسىمۇ ئۆگىنىۋال . ياماقچىلىق قىلىپ ھەرەمگە بارـ
غانلار بار ، لېكىن ساز چېلىپ ھەرەمگە بارالىغان ئادەمنى ھېچـ
كىم كۆرمىگەن .» دەيتتى . بىراق ، ئۇ چاغلاردا روزى ئابدۇۋەلى
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ـ ساز ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتكەن
ئىدى . ئۇ چۈشىدىمۇ ساز چېلىپ چۈشەيتتى . پالانى يەردە بىر
ئۇستا ناخشىچى بار ئىكەن ، دېگەننى ئاڭلىسا ، ئىزدەپ سوراپ
بېرىپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشايتتى . بىر كۈنلەردە ئابدۇۋەلى
ئاكا ئوغلىنىڭ چالغان سازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ : «ھە روزى ،
سازەندىغۇ بوپقاپسەن ، خۇداغا ئامانەت ، بىر ياماقچىنىڭ كۈنچىدـ
لىك كۈن ئالالارسەنمۇ ؟!...» دەپ ھەسرەتلەنگەن ئىدى . ئابدۇـ
ۋەلى ئاكا بۇ گەپنى چالغۇچىلىقنى ياراتمىغانلىقتىن ئەمەس ، ئۆز

ئۆمرىنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەن تالاي چالغۇچىلارنىڭ كەچۈر-
مىشلىرىدىن خەۋىرى بارلىقىدىن ئېيتقان ئىدى... لېكىن، يۇرد-
كىدە سەنئەتنىڭ ئىشقى يالقۇنجاپ تۇرغان سەنئەتكارلار ئۆز ئى-
شىغا «مۇشۇ يول بىلەن جان باقمەن» دەپ كىرىشمەيدۇ. ئۇلار-
نىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەنئەتكە بولغان تەلپۈنۈش ئۇلارنى ئىختىيار-
سىز شۇ سەۋداغا سۆرەپ كىرىدۇ. ئۇلار ئۆزى سۆيگەن بۇ كەسىپ-
نى پۇل تاپالىسىمۇ قىلىدۇ، تاپالمىسىمۇ قىلىدۇ... روزى ئابدۇ-
ۋەلى بەزى ئولتۇرۇشلاردىن كېچىلەپ قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە
غەمكىن ئولتۇرغان بالا - چاقىلىرىنى يەنە ساز چېلىپ، ناخشا
ئېيتىپ، چاقچاق بىلەن كۆلدۈرۈۋېتەتتى، ئەتىسى قوپۇپ ئۇلار-
نىڭ غېمى ئۈچۈن پالاقلايتتى. ناخشا - ساز ئۇنىڭغا نۇرغۇن
پېشكەللىكلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى، شۇ ئېغىر يىللاردا ئۇنىڭ
قەلبىگە خۇشاللىقمۇ بېغىشلىدى... كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ پەر-
زەنتلىرى ئىچىدىن تۇغلۇق، تۆمۈرخان قاتارلىق ياخشى ئىزبا-
سارلار يېتىشىپ چىقتى.

روزى ئابدۇۋەلى گەرچە بىرەر سەنئەت مەكتىپىدە سىستېمى-
لىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، سەنئەت ئۆ-
مەك ۋە كۇرۇژۇكلارغا قاتنىشىپ روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەت-
تا، ئابدۇۋەلى جارۇللا، ھۇسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا
قاتارلىق ناخشا - ساز ئۇستىلىرىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن،
دادىسىدىن، خەلق ئىچىدىكى نۇرغۇن نامسىز سەنئەت ئىگىلىرى-
دىن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئېلى ناخشىلىرىنى يۇرۇشلەش-
تۇرۇپ، قائىدىلىك ئېيتىش جەھەتتە كۆپ ئىزدەنگەن. روزى
ئابدۇۋەلىنىڭ دۇتاردىكى قول ئۇرۇپ، پەدە بېسىشى مۇساجان
روزىنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ناخشا ئېيتىشىدا ئاب-

دۇربېھم ئىمىنىنىڭ تەسىرى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ . ئاۋازى چوڭقۇردىكى قۇرام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇيىدەك بوغۇق ، يېقىملىق . ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشتىمۇ خېلى دىتى بار . ناخشىلارغا ئۇدۇل كەلگەن قوشاقلارنى سېلىشۋەرمەي ، ھەر ناخشىنىڭ ئاھاڭى ، دەۋرىگە ماس كېلىدىغان بېيىتلارنى تاللاپ سالىدۇ . بىر ناخشىغا ئىشلەتكەن تېكىستلىرىنىڭمۇ مەنا ، ئۇسلۇب جەھەتتىن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ كېلىشىگە دىققەت قىلىدۇ . شۇڭا ، خەلق ئۇنىڭ ناخشا - سازلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ .

روزى ئابدۇۋەلى تۆۋەنگە چۈشۈپ بوستان ، تاجۇن ، كېپەكيۈزى قاتارلىق يېزا ۋە غۇلجا شەھەر ئىچىدە تۇرغان چاغلىرىدا تۆۋەننىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ، ناخشا ، - مۇزىكىدا ياشلارغا تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرگەن . روزى ئابدۇۋەلى ئېيتقان «يار سېنىڭ دەردىڭ» ، «ئايەي» ، «دەردىڭ يامان» ، «ھەي دادەي» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوف ، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق شائىرلار شېئىرىغا ئىشلىگەن «خۇشامەتچى» ، «تۆھمەتخورغا» ، «قاش سۈيى» ، «شۇندىن بۇيان» ئوخشاش ئىجادىي ناخشىلىرى ۋە تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ تۇيۇقلىرىغا ئىشلىگەن ئاھاڭلىرى خەلقىمىز سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ناخشىلاردىندۇر . ئۇنىڭ ئىلى چاقچاقلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردىمۇ تېگىشلىك تۆھپىسى بار .

# 15

# خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخمەت



خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخمەت

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يۇقىرى، ياڭراق ئاۋازدا، ۋا-
يىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداش بى-
لەن ئەلگە تونۇلغان قابىل خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخ-
مەت 1944 - يىلى غۇلجا نا-
ھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزى-
سىدا تۇغۇلغان.

ئىلىنىڭ جېلىليۈزى، تۇرپانيۈزى قاتارلىق بۇ ئورۇن-
لىرى تارىختىن بېرى ئاجايىپ خەلق ناخشىچىلىرى ئۈزۈلمەي يېتىشىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمىي يېزىلاردىن ئىدى. تۇرپانيۈزىنىڭ ئوس-
تىدىكى يۇقىرىلاپ كەتكەن بىنەملىكلەر، تۆۋەنگە قاراپ سوزۇل-
غان كۆپكۆك ئېتىزلار، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن ئورۇك-
لۇك باغلار، ئورغىقىنى بىلىكىگە سېلىپ ناخشا بىلەن كېلىۋات-
قان دېھقان، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېتىز يولىدا غىچىرلاپ كېتى-
ۋاتقان دېھقان ھارۋىسى، كىملەرنىڭدۇ چالغان مۇڭلۇق تەمبۇر

ئاۋازى بىلەن سېھىرلەنگەن ئايدىڭ كېچە··· بۇ ئاجايىپ يېزا مەنزىرىلىرى ھەرقانداق ئادەمدە گۈزەللىككە، سەنئەتكە بولغان تەبىئىي تەلپۈنۈشنى ئويغىتاتتى. سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىلىرىدىن قادىر بەھرا دېگەن كىشى بۇ يەردە پېرىلەردە داپ چېلىپ داڭق چىقارغان ئىدى. ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن باشقا قۇمۇل، تۇرپانلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىمۇ داپ بىلەن قالتىس قاملاشتۇ- رۇپ ئېيتاتتى. ناخشىچى مۇسەللى مەزىن دېگەن كىشىنىڭ ئاۋا- زى بوراندەك كۈچلۈك چىقىدىغان بولۇپ، ئادەتتە تۇرپانيۇزىدە تۇرۇپ ئەزەن ئېيتسا پەنجىم، پىلچى خاڭلارغا ئاڭلىناتتىكەن. يەنە بۇ يەردە ئابابەكرى، مۇھەممەتجان جابىر، ھاشىر قاتارلىق داڭلىق ناخشىچى ۋە سازەندىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكى ھازىرغىچە كىشى- لەرنىڭ ئېسىدە. ئۇلاردىن كېيىن داڭلىق دراما ۋە كىنو ئارتى- سى، ناخشىچى سىراجىدىن ئىسرائىل، سادىر پالۋاننىڭ چەۋرى- لىرىدىن بولغان ناخشىچى تۇرغان زاھىر، ناخشىچى ۋە چاقچاقچى ئىسمائىل غازى، مەخپىر مۇئەللىم، سەنئەت ئابدۇللا، ئىسرا- ئىل ئىمام، سازەندە ۋە ناخشىچىلاردىن ياقۇپ ئۆشەمى، ماخمۇت بارات، مۇھەممەتجان مۇئەللىم، تۇرداخۇن ماشىنىچى··· قاتارلىق يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتكەن. غاپپار ئەخمەت مانا مۇشۇنداق قويۇق سەنئەت مۇھىتىدا چوڭ بولدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ناخشىلار پىرە قىلغان سورۇنلارغا بېرىشقا ئامراق ئىدى. مەشرەپ ۋە باشقا سورۇنلارغا بېرىپ، چوڭلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ ئولتۇرۇپ خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. كېچىلىرى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يې- تىپ خىياللارغا كېتەتتى. خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى كىچىكىد-

دىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەنە شۇنداق تارىغان ئىدى . ئاز ئۆتمەي
ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ساپ ئاۋازى بىلەن كۆپكە تونۇلدى . ئۆز
تالانتى بىلەن ، 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى-
گە بىۋاستە قوبۇل قىلىندى . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ، ئىلى خەلق
ناخشىلىرىنى ئورۇندايدىغان يۇقىرى ئەرلەر ئاۋازىغا ئىگە ناخشى-
چى كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ، سەھنىلىرىمىزنى جان-
لاندۇردى . ئۇ ئورۇندىغان «ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز» ، «جان
ئانا» ، «قاينام ئۆركىشى» ، «ئەلنىڭ قەدىردان ئوغلىسەن» ،
«بۇلبۇلۇم» ، «دەردى ھۆسەيىن» ، «يار سىنىڭ دەردىڭ» ،
«سادىر ناخشىسى» ، «بەختىم» ، «خانلەيلۇن» ، «ئورما ناخشى-
سى» قاتارلىق ناخشىلار خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا ئې-
رىشتى .

غاپپار ئەخمەت 1984 ـ يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىغا
يۆتكەلدى . بۇ يەردە ئۇ ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى تىرىشىپ
ئۆزلەشتۈرۈپ ، مۇقام مۇقەددىمىسىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەتتە
ئورۇنداش بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . مۇقاملار-
نىڭ چوڭ نەغمە ، داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنىمۇ ئاجايىپ
نەپىس ئورۇنداپ كۆزگە تاشلاندى . 1987 ـ يىلى ئەنگلىيە BBC
رادىئو شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن لوندونغا بارغاندا ، «چەبىيا-
يات» مۇقامىنى يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنداپ چەت ئەل تاماشىبىن-
لىرىنى تاڭ قالدۇردى . 1988 ـ ۋە 1990 ـ يىللىرى شياڭ-
گاڭ ، پاكىستان قاتارلىق ئەللەرگە چىقىپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك
مۇقام ئاھاڭلىرىنى يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنداپ چەت ئەل سەھنى-
لىرىنى زىلزىلىگە سالدى .

غاپپار ئەخمەت مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىرغىچە «تاغ گۈللىرى» ، «سازەندە ناخشىسى» ، «جان ئانا» ، «ھاياتىم گۈلگە پۈركەندى» ، «ئانامسەن» ، «ناخشا ئېيتىساڭ» ، «رىشتىمىز چىڭ ۋەتەنگە» ، «دېھقان قىزلىرى گۈزەل» ، «گۈل بېرەي دەيمەن» قاتارلىق ئەللىكتىن ئارتۇق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ ئەلگە سۇندى . «قۇرغۇيۇم» ، «سادىر پالۋان» قاتارلىق ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلەپ ، ناخشا ھەۋەسكارلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى .

غاپپار ئەخمەتنىڭ ناخشىلىرىدا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ قەدىمىيلىك پۇرىقى قويۇق بولۇپ ، ئىلى يېزا - قىشلاقلىرىدىكى ئاددىي دېھقانلارنىڭ تەبىئى ، ياڭراق ئاۋازدا مەردانە ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى ساقلانغان . مۇزىكا ئالىمىمىز مۇساجان روزى غاپپار ئەخمەتكە : «غاپپارنىڭ ئاۋازى ، ناخشىلارنى ئېلىشى خەلق ناخشىلىرى تەتقىقاتىدا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە» دەپ باھا بېرىدۇ .

# 16

# سەنئەت مائارىپى تۆھپىكارى
# شىرمۇھەممەت نۇراخۇن



چالغۇچى شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

شىرمۇھەممەت 1942 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىقى پەنجىم يېزىسىدا تۇغۇلغان .

شىرمۇھەممەتنىڭ بوۋىسى ئۆمىر ھەمزى بىلەن دادىسى نۇراخۇن ئاكىلار دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەردىن ئىدى . مۇنداق ئائىلىۋى مۇھىت شىرمۇھەممەتنىڭ ۋۇجۇدىدا سەنئەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى بالدۇرلا يېتىلدۈردى . ئۇ چوڭلارغا ئەگىشىپ مەشرەپ ، سورۇنلارغا بېرىپ ئەينى يىللارنىڭ داڭلىق سازەندىلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايتتى ، كېچىلىرى پەنجىم يېزىسىنىڭ يوللىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھارۋىكەشلەرنىڭ ناخشىلىرىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى... كېيىن شىرمۇھەممەت بايكۆل يېزىلىق سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناش-

تى . ئەينى يىللاردا بۇ ئۆمەكتە ھەرەمباغلىق داڭلىق تەمبۇرچى ئابدۇرېھىم زۇلپى ، ياقۇپجان ئاكا ، دۇتارچى ئابدۇرېھىم پەتتار ، ئىسكىرىپكىچى تۇرسۇن ئاكا ، ناخشىچى ئامىنە ياقۇپ ، زەينەپ نۇرۇم قاتارلىق سەنئەتچىلەر بار ئىدى . بۇ كىشىلەر شىرمۇھەممەتنىڭ سەنئەت ھاياتىدىكى تۇنجى ئۇستازلىرى بولۇپ قالدى . ئۇ تەمبۇر بىلەن «ئۇچ ئۆردەك» ، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ ؟» ، مۇقام داستان - مەشرەپلىرى ، «يار سىنىڭ دەردىڭ» ، «چوڭ خانلەيلۇن» ، «كىچىك خانلەيلۇن» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ «بالا سازەندە» نامىنى ئالدى .

1960 - يىلى شىرمۇھەممەت نۇراخۇن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلدى . بۇ يەردىكى يۇقىرى بىلىملىك مۇزىكا نەزەرىيىچىسى مۇھەممەت ئىسمائىل ، ئابدۇرېشىت ئىمىن ، ئاتاقلىق غىجەك ئوقۇتقۇچىسى شىرئەلى ھاشىم ، ئاتاقلىق مۇزىكانت مۇساجان روزى قاتارلىق داڭلىق سەنئەتكارلاردىن مۇزىكا بىلىمى ئالدى . ئۇ مەكتەپ ئىچىدىكى بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يەنە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى ھۇسەنجان جامى ، قۇربان ئۆمەر ، غىياسىدىن بارات ، قۇربان ئىبراھىم قاتارلىق داڭلىق چالغۇچىلاردىن قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ ، تەمبۇر چېلىش ماھارىتىنى ئۆستۇردى . شۇ نەتىجىلىرى بىلەن شىرمۇھەممەت نۇراخۇن شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندە ، مەكتەپ ئۇنى تۇنجى تەمبۇر ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن مەكتەپكە ئېلىپ قالدى . كېيىنكى چاغلاردا شىرمۇھەممەتنىڭ مىللىي مۇزىكا ئوقۇشلۇقى ئۈچۈن تۈزگەن ماتېرىياللىرى ، مۇساجان روزى بىلەن تەييارلىغان دۇتار ، تەمبۇر

ئۆگىنىش دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئىلگىرى بۇ جەھەتلەردە ئو-قۇشلۇق ماتېرىياللىرى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مىللىي مۇزىكا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىرمۇھەممەت «نۇزۇگۇم»، «كېرەك بولسا»، «ۋەتەن سۆيگۈسى»، «قاش سۈيى»، «باغۋەن قىز» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى. 1982 - يىلى «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا كۆرىكىدە ئۇنىڭ «نۇزۇگۇم» ئەسىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كېرەك بولسا»، «ۋەتەن سۆيگۈسى» مۇزىكىلىرى مەملىكەتلىك 12 - نۆۋەتلىك ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيەت مۇسابى-قىسىدا 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ يالغۇز ئىجادىيەتچى، سەنئەت ئوقۇتۇش يېتەكچىسىلا بولۇپ قالماي، ئۆزىمۇ داڭلىق تەمبۇر چالغۇچى ۋە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبتا خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى.

شىرمۇھەممەت نۇراخۇن قىرىق يىللىق ئۆمرىنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، مىل-لىي سەنئەت مائارىپىغا زور تۆھپە قوشتى. تەمبۇر كەسپىدە ئوتتۇز قارارلىدىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ، تەمبۇر چېلىش-نى، بولۇپمۇ تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىشنى ئاپتونوم رايون-مىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يىراق يېزا - قىشلاقلارغىچە ئومۇملاشتۇردى.

## 17

# تۆھپىكار ئىجادىيەتچى ئەبەيدۇللا تۇردى



مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ئەبەيدۇللا تۇردى

ئەبەيدۇللا تۇردى 1941 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەبەيدۇللا بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىلى خەلق ناخشا - سازلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. ئۇ زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللا، روزەم سابىر، ئابدۇرېھىم ئىمىن قاتارلىق مەشھۇر خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى بېرىلىپ مەشىق قىلىپ، دۇتار بىلەن دوستلىرىغا ئورۇنداپ بېرەتتى. ئەبەيدۇللا سەنئەتكە بولغان ئەنە شۇنداق ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن 1958 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاكتيورلۇق سىنىپىغا

كىرىپ ئوقىدى ، 1965 ـ يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنىپ ، «كۆرەش يو- لى» ، «قىزىل چىراغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە مۇھىم روللارغا چىقتى . 1976 ـ يىلى ئوپېرا ئۆمەك تەركىبىدە مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا ئۇ ئۇچ مۇقامنى ئۆزلەشتۈرۈپ قايتىدىن لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى .

ئەبەيدۇللا تۇردىنىڭ ئاساسىي تۆھپىسى ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە سەھنە ئەسەرلىرى مۇزىكىسىنى ئىشلەشتە گەۋدى- لىنىك كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئۇ «قىرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق سەھنە ئەسىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئىشلەپ ئالقىشقا ئېرىشتى . ئۇنىڭ «يۇرتۇم كۈيى» ، «ئىلى ۋادىسىدا مەشرەپ» ، «ئىللىق دۇنيا» قاتارلىق كىنو ، دراما ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىگە ئىشلىگەن ناخشا ـ مۇزىكىلىرى كىشىنى قايىل قىلىدۇ . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ «ئىلى ۋادىسىدا مەشرەپ» فىلىمىگە ئىشلىگەن «سايرامغا مۇھەببەت» ، «ئاق ئۆستەڭ» ، «باغ- ۋەن قىزلار» ، «گۈلزار ئېتىز» قاتارلىق ناخشىلىرى تاماشىبىن- لارنى ئاجايىپ ھاياجانلاندۇردى .

ئەبەيدۇللا تۇردى 1985 ـ يىلى «باھار قوشىقى» ناملىق ئوركېستىرلاشتۇرۇلغان ناخشا ـ مۇزىكا توپلىمىنى نەشر قىلد- دۇردى . ئۇنىڭ «ئەبەيدۇللا تۇردى ئىجادىيەتلىرى» ناملىق 5 قىسىملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىمۇ كېيىنكى يىللاردا ئاپتو- نوم رايونلۇق كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى . ئەبەيدۇللا تۇردى ئىجادىيەتلىرىدە گو-

زەل ئەخلاق ، مېھرى ـ مۇھەببەت ، ئۆزئارا ھۆرمەت ، دوستلۇق رىشتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تېمىلار كەڭ يورۇتۇلغان . ئۇنىڭ «سالام سىزگە مۇئەللىم» ، «ذەدە سەن ئاتا» ، «ئانام پەرىشتە» ، «يول بېرىڭلار ئادەملەر» ، «بىر جۈپ قەدىردان» ، «بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي» ، «ھايات سۆيگۈسى» ، «مېھمانغا» ، «سالام خوتەن» ، «قۇتلۇق بولسۇن ئايىمىڭلار» ، «قەدىرلەيمەن سېنى جانان» دېگەن ناخشىلىرى چوڭقۇر ھايات مەزمۇنلىرى بىلەن تويۇنغان .

ئەبەيدۇللا تۇردى كۆپ مەھسۇلاتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ، تالانتلىق ناخشىچى ، ئاكتيور ۋە كومپوزىتور . ئۇ ئۆزى ئورۇندىغان «تەنلىرىم ياپراق» ، «قىلا باشلىدى» ، «زوھرەجانىم» ، «بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي» ، «ياشايمەن ياپ ـ ياش» ، «دىدار غەنىمەت» ، «دەۋرىمىز خىسلەتكە باي» ، «قەدىرلەيمەن سېنى جانان» ، «سازەندە دوستۇمغا» ، «قىممەتلىك ھايات» قاتارلىق ئەسەرلەر خەلقىمىز بۇگۈنكى كۈندە سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلاردۇر .

# 18

## چالغۇچى ئابدۇساتتار داۋۇت



چالغۇچى ئابدۇساتتار داۋۇت

ئابدۇساتتار داۋۇت 1941 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان .

ئابدۇساتتار دەسلەپتە دۇتار چېلىشنى ئانىسى مەرھۇم توختىخاندىن ئۆگەنگەن . قازانچى ئەينى يىللاردا خەلق سەنئەتچىلىرى كۆپ توپلانغان مەھەللىلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئائىلە ۋە بۇ مەھەللە شارائىتى ئابدۇساتتاردا سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنى بالا ۋاقتىدىلا يېتىلدۈردى . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن يىللىرىدىن باشلاپ مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژوكلىرىغا قاتناشتى . كېيىن قازانچى رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ ناخشا ئېيتتى .

بۇ چاغلاردا ئۇ تېخى ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدى .


ئابدۇساتتار داۋۇت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، 1957 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە كىرىپ ئىشلىدى . بۇ يەردە ئۇ ئۇستاز ماخمۇت چاڭدىن چاڭ ئۆگەندى ، دۇتار ، تەمبۇر چېلىشتىن باشقا ئىسكرىپكا ، راۋاب ، ناغرا قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئەستايىدىل مەشىق قىلدى . يەنە ئۇ «ئانارخان» دىرامىسىدا مەزىنىنىڭ ، «غۇنچەم» دىرامىسىدا نۇرۇمنىڭ روللىرىغا چىقتى . 1964 ـ يىلى راۋاب چېلىش تېخنىكىسى بويىچە تاللىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ، مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى . مۇزىكىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇ 1978 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى . 1986 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تاللاندى . بۇ ئۆمەكلەردە ئۇ ئىلىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى .

ئابدۇساتتار داۋۇت ئىلىدىكى خەلقنىڭ ئۆز قوينىدىن يېتىشىپ چىققان ، كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ناغرا چېلىشتا ئىمىن ئەپەندىنى ، دۇتاردا ھېزىم موللا ، مۇساجان روزىلارنى ، تەمبۇر چېكىشتە ھۇسەنجان جامى ، غىياسىدىن باراتلارنى ئۇستاز تۇتقان . ئابدۇساتتار داۋۇت يەرلىك نەغمە ـ سازلارغا پۇختا ، ئىلى ناخشىلىرىغا پىششىق ، ناخشا ئېيتىشتا ئۇ ئابدۇرېھىم ئىمىن ، مۇساجان روزى ، غىياسىدىن باراتلارنى ئۈلگە قىلىپ شەھەر ئىچى مەھەللىسى بىلەن قازانچى مەھەللىسىنىڭ ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرگەن . ئابدۇساتتارنىڭ «كۆيلەيمەن شاد

بەختىمنى » ، «ناخشىمىز ياڭراق » ، «ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتسەك » ، «ئىشچان قىز » ، «دېھقان قىزى » ، «سايرا تەمبۇر ـ دۇتارىم » ، «سەن مېنى يارىم دېسەڭ » ، «گۇلبوستان » ، «تەلكە تاغلىرى » ، «گۇلشەن ياشنىتىپ ئۆتكەن » ، «ياشلىق » ، «بېغىمدا مېنىڭ » ، «باغ بىنا قىلدۇق بوگۇن » ، «يار چىقتى ـ نىگار چىقتى » قاتارلىق كۆپلىگەن ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى بار . 1986ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا مۇسابىقىسىدا ئۇنىڭ «تەلكە تاغلىرى » دېگەن ئىجادىيىتى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۇرۇش جەھەتتە ئابدۇساتتار داۋۇت ئابلاخان كېپەك ، ئابلىزخان مامۇت ، غىياسىدىن بارات قاتارلىق ساز ئۇستىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ، توققۇزغا يېقىن مۇقامنى داستان ، مەشرەپ ، مەرغۇللىرى بىلەن ئىگىلىگەن . ئابدۇساتتار داۋۇتنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇندىشى ناھايىتى راۋان ، يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ ، خەلق ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ .

# 19



خەلق ئەلنەغمىچىسى ئىلى باقى

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەرقايسى جايلاردا خەلق ئاردىسىدا كۆپلىگەن تەسىرى بار خەلق سەنئەتچىلىرى ئۆتتى. بورتالالىق ياقۇپ توزغاق، پەيزىجىملىك ئىسمائىل دۇتار، ئالىم ئاكا، ئورجان ئىلى، ھىزۋەك تامىلىق دۇتارچى قۇربان، ھىدىلىيۇزىلىك ئىسمائىل دۇتار، داپچى ۋە ئۇسسۇلچى تۇردى پەرى، ئالتە ئۆيلۈك ئۆمەركام كاناي، دۇتارچى ئابلىھەي، نوغايتۇلۇق ئەينەر ئاكا، جىلىلىيۇزىلىك داۋۇر قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى سازەندىلەر ئىدى. خۇدىيار يۇزىلىك ئىلى باقى ئاكا ئاۋازىنىڭ سازلىقى، خەلق نەغمىلىرىگە پىششىقلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە يۇز تاپقان ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە مىرزىكام دۇتارچى (ھەرەمباغلىق)، ئاتاقلىق ناخشىچى ماخمۇت تۇردىنىڭ ئىنىسى سەلەي تۇردى، تۇرسۇنجان موزدۇز خۇدابەردى ئاكا (تەختىمەھەللىلىك)، تاجىدىن ئاكا، باتۇرخان، نىياز نۇرى··· مەمتىمىن ماماق (قارادۆۋلۈك) قاتارلىقلار ياخشى سازەندە ـ ناخشىچىلاردىن ئىدى. غۇلجا


شەھەر ئىچىلىك غوپۇرجان ئەخمىدى (غوپۇر قانات) دۇتارنى ياخشى چېلىپلا قالماي، ئىلى ناخشىلىرىغىمۇ ماھىر ئىدى. ئىنا- ۋەتلىك چالغۇچىمىز ھۇسەنجان ھەسەن بۇ ئۇستازنى «ئابدۇرېھىم ئىمىن ئىككىمىز تەلقە ئاھاڭلىرىنى غوپۇرجىنىڭكامدىن ئۆگەنگەن ئىدۇق» دەپ ئەسلەيدۇ.



داڭلىق ئىسكىرىپكا ئۇستىسى
سەيدۇللا توختى

ئارىمىزدىن ياش كېتىپ قالغان مەرھۇم سەيدۇللا توخ- تى مىللىي ئاھاڭلارنى ئىسكى- رىپكىدا ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزگىچە ئۇلگىسىنى قالدۇ- رۇپ كەتتى. سەيدۇللا توختى بالا ۋاقىتلىرىدىلا «ئامان بول- سۇن»، «قارا دەيدۇ» قاتار- لىق ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئاجايىپ نەپىس ئاۋازدا، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭق چى- قارغان ئىدى. ئۇ كېيىن تال- لىنىپ، مەركىزىي دراما ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇ- غان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ دراما ئۆمىكىگە كېلىپ ئىشلەپ، «غۇنچەم»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق سەھنە ئەسەر- لىرىدە ئاساسلىق روللارغا چىققان. ئۇ مۇساجان روزى، ئابلىكىم ئابدۇللا، ھۇسەنجان ھەسەن قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يې- ڭىلىقلارنى كىرگۈزۈپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇنى ئىككى

مۇقام مەرغۇللىرىنى ئىسكىرىپكىدا ئورۇنداشنىڭ يۇقىرى پەللى-
سىنى ياراتقان ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا سانائىنەپىسنىڭ دەسلەپكى
چالغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان سەيدۇللا رەخمىتۇللا (1905—
1970 ) ، ئەينى يىللاردا غۇلجا ، ئۈرۈمچى ، قەشقەر تىياتىرلىرىدا
ئىشلەپ مۇزىكىدا داڭق چىقارغان تۇرسۇن تىيىپ (1924—
1992 ) ، ئىلى 5 - كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ ، ئاغرىق
سەۋەبى بىلەن ئارىمىزدىن ناھايىتى ياش كېتىپ قالغان ھوشۇر
روزى (مۇساجان روزىنىڭ ئىنىسى )لارمۇ ئىسكىرىپكا چېلىشتا
كىشىلەر قەلبىدە ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ كەتكەن
ئىدى .


چالغۇچى توختى چوقپار

سۇيدۇڭلۇك خەلق سازەندى-
سى توختى يۇسۇپىنمۇ (توختى
چوقپار ) ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ
ئۆتۇشكە تېگىشلىك . توختى
چوقپار ئەينى يىللاردا سۇي-
دۇڭدىكى مەشرەپ - بەزمى-
لەرنى قىزىتقۇچىلاردىن ئابلا
دۇمباق ، سۇلايمان چاڭ ، نا-
دىر غىجەك ، ھۇسىيىن تەم-
بۇر ، روزى تەمبۇر ، غازى
كورنىڭ شاگىرتى نىياز دۇ-
تار ، ئۇسسۇلچى ئىمىن تور-
غاي ، ئابلا چۆجە قاتارلىق سا-
زەندىلەرنىڭ نەغمىلىرىنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاڭلاپ ، سەن-
ئەتكە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلگەن ، داڭلىق سازەندە

ساۋۇت ساتىراش ، ئابلا دۇمباقنىڭ شاگىرتى ئابدۇراخمانلاردىن ساز ئۆگەنگەن .

توختى چوقپار 1935 ـ يىلدىن كېيىن سۇيدۇڭ سانائىنەپىدىسگە قاتنىشىپ ، بىر تەرەپتىن ساز ئۆگىنىپ ، بىر تەرەپتىن سەھنە ئويۇنلىرىدا روللارغا چىقتى . دۇتار ـ تەمبۇر چېلىشنى مۇكەممەل ئىگىلەپ ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام نەغمىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن داڭق چىقارغان . ئۇ 1935 ـ يىلىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان قىرىق يىل ئىچىدە سۇيدۇڭنىڭ سەنئەت سېپىدە خالىس ئىشلەپ ، سۇيدۇڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان خەلق سەنئەتچىسى . توختى چوقپار تەربىيىلىگەن قاسىم ئەيسا ، مەمەتقۇل ، تۇراخۇن ، شىرئەلى ، مەمەت ناۋاي قاتارلىق سازەندىلەر كېيىنكى چاغلاردا سۇيدۇڭنىڭ ئەلنەغمىچىلىك ئەنئەنىسىنى ئۇزمەي داۋاملاشتۇرغۇچى ئىزباسارلاردىن بولۇپ قالدى .

ئىلى ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدىن يېتىشىپ چىققان يەنە بىر سەنئەتچى — تۇرسۇن چاڭمۇ تۆھپىكار سازەندىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر . ئۇ چاڭ ۋە دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ ئۇستىسى ئىدى . ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى ، غۇلجا ناھىيە سەنئەت ئۆمىكى ۋە ئىلى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ ، سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان . تۇرسۇن چاڭ ئائىلىسىدىن يېتىشىپ چىققان ، ئۇنىڭ نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ، ئالىم تۇرسۇن ، سەنەۋۋەر تۇرسۇن ۋە قوشكېزەك ھەسەن ـ ھۈسەن قاتارلىق پەرزەنتلىرى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ كۈچلۈك ئىزباسارلىرىدىن بولۇپ قالدى . نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن

تەمبۇر چېلىشتا ھۆسىيىن تەمبۇر ۋە ھۆسەنجان جامىلاردىن كې-
يىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر تالانتلىق شەخس ھېسابلىنىدۇ.
ئۇ دۇتار، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنىڭ تەڭدى-
شى يوق ئۇستىسى ئىدى. ئۇنىڭ تەمبۇرگە ناخشا چېكىشى،
ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردە نەپىس
ئىجرا قىلىشى تەمبۇر چېلىش سەنئىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى
كۆتۈردى. سەنەۋەر تۇرسۇن بولسا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئايال-
لار ئاۋازىدا ئورۇنداشتا ئۆزىگە خاس نەپىس بىر خاسلىق ياراتتى.
ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىكى مۇڭ، سېھرىي كۈچ يۈرەكنى تىترىتىدۇ.
يەنە جېلىلىيۇزىلىك ئەخمەت ئۆمەر، ئۈزۈن يىل ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان قۇربانجان روزى قاتار-
لىقلارنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك.

## 20

ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ
ئەمگەك، كۆرەش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئايرىلماس ھەمرىيى
بولۇپ كەلدى. ھەربىر دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسى ياراتقان ئاھاڭ-
لار داڭلىق ناخشىچى ۋە خەلق سازەندىلىرىنىڭ ئىجادىي يېڭىلىق-
لارنى قوشۇشى، تولۇقلىشى بىلەن تامچە - تامچە سۇلاردىن
ھاسىل بولغان ئېقىندەك بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى. خەلق
ناخشىلىرىنىڭ راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىشىگە بىزگە
نامى مەلۇم بولغان ۋە بولمىغان نۇرغۇن سەنئەتكارلارنىڭ ئەجرى
سىڭدى. ئەپسۇسكى، ئۇ يىللاردا ئاۋازنى خاتىرىگە ئېلىپ قالدۇ-

رۇش تېخنىكىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، تارىختا ئۆتكەن داڭلىق ناخشا ـ مۇزىكانتلار توغرىسىدىكى مەدھىيە سۆز ، تەرىپلەشلەرلا قالدىكى ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ قانداقلىقى ، ناخشىلارنى قانداق ئېيتقانلىقىنى پەقەت قىياس قىلىشتىنلا باشقا ئىمكانىيەت قالمىدى... ناخشا ـ مۇزىكىلارنى لېنتىغا ئېلىش ، رەتلەش ، ساقلاش ، ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ھەقىقىي باشلاندى . شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈملىرى نۇرغۇن خەلق ناخشا ـ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ ئارخىپلاشتۇردى ، بىر قىسىم ناخشا ـ مۇزىكىلارنى تاللاپ ، كۈندىلىك ئاڭلىتىشلارغا ئۇلاپ ئاڭلىتىپ ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا لەززەت بېغىشلىدى . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىش ، ساقلاش ، ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا يۇسۇپجان توختى ، ھېبىبۇللا رېھىم ، تۇرغان شاۋۇدۇن ، رۇقىيە سابىر ، ئابلىز شاكىر ، ئەزىمخانلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى . ئىككى رادىئو ئىستانسىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ماتېرىياللار مۇزىكا خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر .

ئىلى رايونى سەنئەت جەھەتتە كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئورۇن . تارىختىن بېرى ئۇ يەردىكى ھەربىر مەھەللە ، ھەربىر يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەشرەپ ، توي ـ تۆكۈن ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى خەلق سەنئەتكارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ، ئۇلارنى تاۋلاپ چىقىدىغان ئوچاق بولۇپ كەلگەن . بۇ يەردە خەلق ئىچىگە تارالغان سەنئەتنىڭ يىلتىزى تولىمۇ چوڭقۇر ، ناخشا ـ مۇزىكا سېپىگە يېڭى ـ يېڭى كۈچلەر ئۈزلۈك-

سىز قوشۇلۇپ تۇرىدۇ . كېيىن قېتىلغان مانا مۇشۇنداق ياش
كۆچلەر قاتارىغا يالقۇن ياقۇپ ، نۇرمەھەممەت تۇرسۇن ، تۇرغان
ئۆمەر ، تاشمەھەممەت تۇرسۇن ، دىلشات رايىدىن ، ۋەلى داۋۇت ،
ئەبەي ئىبراھىم ، سەنەۋەر تۇرسۇن ، ئايشىگۈل ، گۈزەل ئۆمەر ،
سايىتجان سادىق ، خالمۇرات ئۆمەر ، ئەخمەتجان ئەختەم ، تۆمۈر-
خان روزى ، روزى مەھەممەت ، ئىجادىيەتچى پەرھات ئابىت قاتار-
لىق سەنئەتچىلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ . غۇلجىدىكى ياشلار
ئارىسىدا يەنە ئالماس قۇربان ، خېلىل ، شەمشى مىجىت ، ئابدۇ-
رېھىمجان ، چىۋەر (مانجۇ) ، ئەنۋەر قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىچى-
لار بار . جېلىلىيۇزى ، تۇرپانىيۇزى قاتارلىق يېزىلاردا ئوسمانجان
قەھرىمان ، نۇرەخمەت ھېزىم ، سەيدەخمەت ، ھاشىمجان ئەخمەت ،
خاركى (خۇيزۇ) ، خەلچەم كېرىم ، تەمبۇرچى كامال جامال ،
بەختىيار پىدا قاتارلىق ياش كۆچلەر كۆزگە كۆرۈندى .

ئازادلىقتىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋې-
تىش يولغا قويۇلغان يېڭى دەۋردىن بۇيان ، رادىئو - تېلېۋىزىيە
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىيلىشىشىغا ئەگىشىپ ، جەنۇ-
بىي شىنجاڭ رايونى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنى-
يەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كەل-
دى . ئىلگىرى خوتەندىكى پېشقەدەم سەنئەتچى ئىمام مەھەممەت
ئېلى ناخشا - مۇزىكىلىرىنى يەتكۈزۈپ ئورۇنداش بىلەن مەشھۇر
ئىدى . ھازىر ئىلى خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ماھارەت بىلەن
ئورۇندايدىغانلاردىن كورلىدا ئەزىزجان چوڭام ، ئاقسۇدا قەھرى-
مان ، ئاقسۇ ئاۋاتلىق تۇراخۇن ، قەشقەردە ئابلىمىت قاتارلىق
سەنئەتچىلەر بار .

مەيلى ئىلگىرى ئېچىلغانلىرى بولسۇن ، مەيلى هازىر پورەك بولۇۋاتقانلىرى بولسۇن ، بۇ سەنئەت بېغىدا هېچبىر گۈل بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ، سەنئەت گۈلزارى شۇنىڭ ئۈچۈن رەڭدار- كى ، بۇ يەردە هەربىر گۈلنىڭ رەڭگى ، پۇرىقى ئۆزگىچىدۇر .

## بەشىنچى قىسىم

# ئاخىرقى سۆزلەر

«ئىلى خەلق ناخشىلىرى» دېگەن ئىلمىي ئەمگەك ئىككى كىتاب قىلىپ ئىشلەشكە مۆلچەرلەنگەن. قولىڭىزدىكى «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» دېگەن بۇ بىرىنچى كىتابتا ئىلى كلاسسىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، ئىلىدا ئۆتكەن داڭلىق سەنئەتكارلار، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يۇرۇش-لەشتۇرۇشكە ھەسسىسىنى قوشقان تۆھپىكارلار... قاتارلىق مەز-مۇنلار سۆزلەندى. ئىككىنچى كىتابقا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى، ناخشا يۇرۇشلىرىنىڭ تەرتىپى، ھەربىر يۇرۇش ئاخىرىدىكى مەرغۇللار ۋە ناخشىلارنىڭ نوتىلىرى... قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلمەكچى.

بىرىنچى كىتابنى تۈزۈشتە بىز ئىلىنىڭ سەنئەت تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتۇق، ئىلى ۋە ئۈرۈم-چىدىكى ھازىر ھايات بولغان پېشقەدەملەر ۋە خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى، كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ناخشىچى تاشمەھەممەت تۇرسۇن، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىلىرىدا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ، ئارخىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغان يۇ-

سۇپچان توختى ، ھېبىبۇللا رىھىم ، ئەزىمخان نۇرزات قاتارلىق يولداشلار خىزمىتىمىزگە بىۋاستە قاتنىشىپ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ۋە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى . ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت سادىق ئەپەندى بۇ جەرياندا باشتىن - ئاياغ بىللە بولدى . ئىككىنچى كىتابنى تۈزۈشتە ئابلىمىت سادىق ئەپەندى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى بېكىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقچى . بۇنىڭدىن باشقا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۈرۈش تەرتىپلىرىنى تۈزۈش ، ھەربىر يۈرۈش ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدا چېلىنىدىغان مەرغۇللارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ناخشا - مەرغۇللارنىڭ نوتىلىرىنى ئىشلەپ بېرىشتە بۇ خىزمەتكە ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە ناخشىچىلىرىمىز ، مۇزىكا ئالىملىرىمىز قاتناشماي مۇمكىن ئەمەس . بۇ كىتابتا ئىككىنچى كىتابنى تۈزگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى پىكىرلىرىمىزنى قالدۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق .

### 1 . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى توغرىسىدا

ئىلى خەلق ناخشىلىرى تېكىستلەرگە ئىنتايىن باي ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ، بەدىئىيلىكى ئۈستۈن . خەلق ئاھاڭلىرى ئۆزىگە مۇۋاپىق ، گۈزەل تېكىستلەر بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاجايىپ زور تەسىرلەندۈرۈش ، زوقلاندۇرۇش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ . لېكىن ، جەمئىيەتتە پۈتۈن ناخشىلارغا ناھايىتىمۇ چەكلىكلا تېكىستلەرنى ئىشلىتىش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان چولتا

سازەندىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . تارىخىي ناخشىلارنىڭ بىرىنىڭ تېكىستىنى يەنە بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ، ئۇنىڭغا مۇنا-سىۋەتسىز تېكىستلەرنى سىلىپ ئېيتىش ، بىر ناخشىنىڭ بېشىنى شۇ ناخشىنىڭ ئۆزىنىڭ تېكىستى بىلەن باشلىسىمۇ ئايىغىنى مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر تېكىستلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش ، مۇڭ-لۇق ناخشىلارغا شوخ مەزمۇندىكى تېكىستلەرنى سىلىپ ئېيتىش قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت . مەسىلەن ، خېلى كۆپ ناخ-شىچىلىرىمىز «ۋادەرىخا» ناخشىسىنىڭ بېشىنى ئۆز تېكىستى :

ۋادەرىخا ، دەردى بىرلەن مەن ئادا بولدۇم نىتەي ،
زەررە گۆھەرنى يىتۇردۇم ، تاپمىدىم ، ئۆلدۇم نىتەي .

دەپ باشلىسىمۇ ، ئاخىرىغا باشقىلا بىر تېكىستلەرنى ئۇلاپ كېتى-دۇ . باتۇر ئەرشىدىنوف ئۆزىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى تولۇقى بىلەن مۇنداق بەرگەن :

ۋادەرىخا ، دەردى بىرلەن مەن ئادا بولدۇم نېتەي ،
زەررە گۆھەرنى يىتۇردۇم ، تاپمىدىم ، ئۆلدۇم نېتەي .
نە غەنىمەتتۇر مۇرىدلار يىغلىبان دات ئەيلىسە ،
ئەرشى ئۆزرە لاماكان پەردىن جۇدا بولدۇم نېتەي .
يىغلايۇرمەن مەن غېرىب تاڭلا قىيامەت بولغىچە ،
ئول مۇرىۋەتلىك خوجامدىن ئايرىلىپ قالدىم نېتەي .
كوھ - بەكوھ دەشتى باياۋانلارنى كەزدىم تاپمىدىم ،

ئول خوجامنى كۆرگىلى مەن ئىنتىزار ئولدۇم نېتەي .
مەشرەبا مەھشەر كۈنى يىغلاپ ياقاڭنى پارە قىل ،
ئىبنى ھاشىم ئول قورەيشتەك جۇدا بولدۇم نېتەي .①

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا
ھەربىر ناخشىنىڭ ئۆزىگە باب ، مۇقىم تېكىستلىرىنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈپ ، تېكىست ئىشلىتىشتە ساقلىنىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارغا
خاتىمە بېرىلىشى كېرەك . ئەمما ، بۇ دېگەنلىك ھەربىر خەلق
ناخشىسىنىڭ سۆزىنى بىر ـ ئىككى كۇپلېت تېكىست بىلەنلا
چەكلەپ قويۇش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس . تارىختىن بېرى خەلق
ناخشىچىلىرى خەلق ئاھاڭلىرىغا ئۆزى ياخشى كۆرگەن تېكىست-
لەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن . بەزى ناخشىچىلار شۇ سورۇندىكى ئاڭ-
لىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى — ياش ـ قۇرامى ، تەربىيىلىنىشى ،
قانداق مەزمۇندىكى تېكىستلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا قاراپ ،
شۇنىڭغا لايىق تېكىستلەرنى تاللاپ ئېيتقان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ،
خەلق ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار خەلق ناخشا تېكىستلىرىگە-
مۇ باي بولۇشى لازىم . ھەربىر ناخشىغا سېلىنىدىغان تېكىستلەر-
نىڭ مول بولۇشى ناخشىچىنى جانلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ . فولكلور
تەتقىقاتى بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-
مەتئىمىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا : «خەلق ناخشىلىرىنىڭ
نوتىلىرىنىڭ مۇتلەقلىقى بىلەن ئۇنىڭ تېكىستلىرىنىڭ نىسپىيلى-
كىنى پاراللېل قويۇپ ، «بىر ئورەككە بىرلا چامغۇر» قىلىپ

---

① باتۇر ئەرشىدىنوف : «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، 81 ـ بەت .

قويماسلىق لازىم .»[1]

ن .ن .پانتوسوفنىڭ 1890 ـ يىلى سانكت پېتېربورگتا ئېلان قىلغان «تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرىدە ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن ئەللىك نەچچە ناخشىنىڭ تېكىستى نوتىلىرى بىلەن بېرىلگەن . پانتۇسوف ئېلان قىلغان بۇ ناخشىلار-نىڭ ھەربىرىنىڭ تېكىستى ئەڭ ئاز بولغانلىرى ئۈچ كۇپلېت ، كۆپىنچىسى ئون نەچچە كۇپلېت ، ھەتتا بەزىلىرى يىگىرمە كۇپ-لېتتىن ئېشىپ كېتىدۇ . دېمەك ، بۇ پانتۇسوفنىڭ شۇ زامانلاردا خەلقنىڭ شۇ ناخشىلارغا سىلىپ ئېيتقان بېيىتلىرىنىڭ ئىلاجى بار ھەممىسىنى يىغىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئوقۇرمەن-لەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن بىز تۆۋەندە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى ھۈسيىن كېرەم نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 4 ـ ، 5 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلغان شۇ تېكىستلەرنى بەردۇق .

## گۇل مەشۇق ناخشىسى

گۇل مەشۇق مېنىڭ يارىم ، ئىشىكىدە تۇرامدۇر ،
بارىپ سوراڭلار ياردىن ، مېنىڭ بىرلەن ئوينامدۇر .
ھاۋادەكى لاچىننى ، تور بىرلەن تۇتاي دەرمەن ،
مەشۇقۇم چىرايلىقنى سۇ بىرلەن يۇتاي دەرمەن .
يارنىڭ باغى بار ئىكەن ، باغىدە ئانار ئىكەن ،

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 504 ـ بەت .

يالغۇز دەپ كۆڭۈل بەرسەم ، بۆلەك يارى بار ئىكەن .
ئۆرۈلسەم تىكەن ، ئاللا ، چۆرۈلسەم تىكەن ، ئاللا ،
سەندىن ئۆزگەنى دېسەم ، باغرىمغا تىكەن ، ئاللا .
بارالىن دېمەيمۇدىم ، يانالىن دېمەيمۇدىم ،
شەرتىمىز قىزىل ئالما ، تىشلەشىپ يېمەيمۇدىم .
گۈلنى قاتار ئۈينالىن ، ھېچ كىمەرسە تۈيماسۇن ،
كىمنىڭ مەيلى كىمگەدۇر ، قويۇپ بېرىڭ ئۈيناسۇن .
كېتىپ باراسەن يارىم ، قەچان كېلەسەن يارىم ،
سېنىڭ كەلمەكىڭ مۈشكۈل ، بارىپ كۆرەرمەن يارىم .
مەن بارايمۇكىن ئاندا ، يار كېلەمدۇكىن مۇندا ،
يارغە يار كېرەك بولسا ، قول سالىپ كېلۇرمۇندا .
يار كەتتى يۇقارلاشىپ ، مىندىم ئاتنى يابداق ،
يار ئەمدى باقماس بولدى ، فەلەك ياندىمۇ قايداق .
فەلەك يانسا يانغاندۇر ، يېنىپمۇ كېلەمدۇكىن ،
كۆڭلۈمدەكى يارىمنى خۇدايىم بېرۇرمۇكىن .
يار دەردىدە ئەۋارە ، بولدى جىگىرىم فارە ،
ئۆزۈڭ بىلىسەن يارىم ؛ بۇ دەردغە نېمە چارە .
ئاتىڭىز تۇسۇن ئىكەن ، سىندۇردى ئېگەرىمنى ،
ئاتام بولسا ئالۇر ئېردىم كوھنە يار جىگەرىمنى .

# خان لەيلۇن ناخشىسى

مەن مۇندا ناخشا ئېيتسام ، سەن ئۆيۈڭدە ئاڭلايسەن ،
سەن ئۆزۈڭ جۇۋان خاتۇن ، قاچان قىزغە ئوخشايسەن .
ناخشا ئېيتامەن باشدىن ، ئاڭلاغىل دىلىڭ بىرلەن ،
بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىرلەن .
غانجۇغامدا ئارغامچا ، ئۇردۇم سالمەنى ئاتغە ،
سەن مېنى دېسەڭ يارىم ، كۆڭۈل بەرمەگىل ياتغە .
تام تۆبىدە ئولتۇرۇپ ، تام باستىمۇمكىن يارنى ،
چىرايى سېرىق بولۇپدۇر ، غەم باستىمۇكىن يارنى .
دەردىڭنى ماڭا ئايتساڭ ، سېنىڭ هالىڭغە مەن يەتسەم ،
ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ ، چۆل يەبان ئالىپ كەتسەم .
ئۆيۈڭ يابويىدا بولسا ، ئاغزىم بىرلە يەم بەرسەم ،
ئەقىدە ساقلىغان يارنىڭ قۇچاغىدا جان بەرسەم .
قاناتىم بولسا مەن ئۇچسام ، يار بار مەهەللىگە تۇشسەم ،
ياتار جايىنى مەن بىلسەم ، ئاچىپ مەن قوينىغە كىرسەم .
ئۆزۈم هەۋادا قۇشدەك ، چەكانا ئىزغە ،
بىر ئالمەدە خالتا بېرەي ، ئاتى مېهربان قىزغە .
ئاتى مېهربان قىزنى ئالسام ئارمانىم يوقتۇر ،
سۆيگەن يارنى ئالماسام ، ئۆزگە لايىقىم يوقتۇر .
قاشىڭىز قارا ئىكەن ، هويلىڭىز ساراي ئىكەن ،
مەن ئاخشام باراي دېسەم ، دۇشمەنلەر مارايدۇكەن .
ئەۋۋەلىدىن بار ئىكەن ئاشىقغە قاراپ تۇرماق ،

كېلىڭ يارىم ئۆينايلى ، ھەددىمۇ ماراپ تۇرماق .
ئىشىك ئارقادا تۇرۇپ يوچۇقىدىن قارايدۇر ،
قۇلۇم - قوشناسى تولا ، كۆندە كېلىپ مارايدۇر .
قىبلەدىن شامال چىقسە ، يار بۇرنۇمغە فۇرايدۇر ،
قۇلۇم - قوشنىسى دۇشمەن ، كىمدىن بىزنى سورايدۇر .

## گۇل لەيلۇن ناخشىسى

چولۇقاينىڭ غولىدا ياتاقلىق ئوتۇن ئىكەن ،
بىزنى مۇنچە كۆيدۇرگەن قاراقاش خوتۇن ئىكەن .
ئېگىز تاغقە مەن چىقىپ ، يول تاپىپ تۇشەلمەدىم ،
چىرايىڭغە كۆيدۇمەن ، ئەقلىڭغە ئىشەنمەدىم .
بېلىڭىزنى باغلاپسىز ، ئىزماڭىزنى ئەتمەسىز ؟
باشىمىزغە كۆن تۇشتى ، ھالىمىزغە يەتمەسىز ؟
دەرد كەلدى بۇ باشىمغە ، يىگىرمە ئىككى ياشىمدە ،
ئەۋۋالا خۇدايىم بار ، ئىشەنچىم يوق ئاداشىمغە .
ئىچمەيمەن ئاراقىڭنى ، تۇتقانىڭغە ئەشقاللا ،
ئاشىقىسىز يۇرالمايدۇر يېگى ئۆسمە ياش باللا .
ئاشىق بولارمەن دەيدۇر ، جانغە كۆيسە بولمامدۇر ،
ئادەم بالاسى تولا ، قەدرى بىلسە بولمامدۇر .
ئىچمەككە ئەراق ئاچچىغ ، ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق ،
ئاغزىدا نەبات بارمۇ ، سۆيمەككە جۇۋان تاتلىق .
يارىمنىڭ ئاتى ئايخان ، ئاڭا كۆيۇدۇر بۇ جان ،

كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭ ، خۇشخۇي تولا ئوبدان .
قولىدا پەرەڭ ياغلىق ، يارىم كۆزىدە ياش بار ،
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن ، باغرىدا قارا تاش بار .
قاشىڭىز قارا ئىكەن ، كۆزىڭىزگە كۆيدۈمەن ،
تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن ، لەبىڭىزگە سۆيدۈمەن .
قاشىڭ ئەسلى قارادۇر ، ئوسمە قويغانىڭ يالغان ،
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم ، سېنىڭ كۆيگەنىڭ يالغان .
قوش تەرەك ئاراسىدە قول ئالغانىڭىز قەنى ،
ھەرگىز ئايرىلماسمىز دەپ ، قىلغان ۋەئدەڭىز قەنى .
قاشىڭ قارا بولغۇنچە ، كۆزۈڭ قارا بولمامدۇر ،
ماڭا شاللاق ئۇرغۇنچە ، جانىڭ قۇرۇپ ئولمامدۇر .
تۈڭلۈكدىن ئالاي ئاينى ، قوينۇمغە سالاي يارنى ،
جان باغباغ ئېتەي يارنى ، ئاچىلسۇن ئىچى - قارنى .
ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى ھەم تۇمان بىلەن مانان ،
تۇشۇمگە كىرىپ قالدى ھەم ئاتام بىلەن ئانام .
ئاتام بىلەن ئانام يوق ئەلگە ئېتىبارىم يوق ،
شۇبۇ كۈندە ئۆلۈپ كەتسەم باشىمدا مۇرەببىم يوق .

## مەستان يارەي ناخشىسى

جىرغالاڭنىڭ غوللىرى ، تارام - تارام ساي كېچىكى ،
جىرغالاڭدىن بىر قىز ئالدىم قىزىل ئالما سەچىكى .
كەت دېسەڭمۇ كېتەرمەن ، كەتمە دېسەڭمۇ كېتەرمەن ،

ئارادا ئىككى قونۇپ يارىم قاشىغە يېتەرمەن .
ئاھ يارىم تاڭلا كېلىڭ ، تاڭلا تاڭ ئاتقاندا كېلىڭ ،
ئۆزۈم ئايۋاندە ياتارمەن ، ئالمالىغ باغقە كېلىڭ .
ئېگىز ئايۋان باشىدا يار بىرلە ياتتىم يالىڭاچ ،
قار بىلەن يامغۇر ياغىپدۇر ، سەن يارىم قوينۇڭنى ئاچ .
شۇل كۆرۈنگەن قارا باغ مېنىڭ يارىمنىڭ باغىدۇر ،
دېپىنىڭ ئۈنى كېلۇر ، دىدار كۆرۈشمەك قايدادۇر .
مەن سارىغ ، نىمچام سارىغ ، سارغايغانىمنى كىم بىلۇر ،
سارغايىپ ئىشىكدە تۇرسام ، مېھرىبان يارىم بىلۇر .
مەن بىلۇرمەن سېنى مەن ، كۆڭلۈڭ ماڭا مايىل ئەمەس ،
ئولتۇرۇپ قان يىغلاسام ، سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس .
سەن تىرىك دەمسەن مېنى ، مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندۇرمەن ،
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ ئوتىدا كۆيگەندۇرمەن .
گۇلمۇ خوپ ـ غۇنچەمۇ خوپ ، ئاچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ ،
چوڭ بولۇپ تارتقۇنچە دەرد ، كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ .
گۇلمۇدى ـ غۇنچەمۇدى يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى ،
كېچەلەپ تانىمدىممەن ، كىم ئىدى قاشىڭدىكى .
ساي بىلە يۈگۈرۈپ ئىدىم ، سايدى ئاياغىمغە تىكەن ،
نېمە دەپ يۈگۈرۈپدۈمەن ، يارىم ماڭا باقماس ئىكەن .
كۆرمەيىن باستىم تىكەننى ، تارتادۇرمەن دەردىنى ،
كۆرسەم ئەردىم باسماس ئەردىم ، تارتماس ئەردىم دەردىنى .

## نازۇكۇم ناخشىسى

تىۋەلار ياتۇر قامقاقدا، بىر ئاغام بار قالماقدا،
ئىنسافى يوق قالماقنىڭ، قەسدى مېنى ئالماقدا.
تاغدىن تۇشكەن تۆرت ئاتلىغ، تۆرتىلەسى بوز ئاتلىغ،
تۆرتۇلەننىڭ ئىچىدە، مېنىڭ ئاغام سۇنباتلىغ.
تاغدىن تۇشكەن لاي سۇنى سۇزۇپ ئىچەر ئەر بارمۇ،
نازۇك باشىغە كۇن تۇشتى، ئالىپ قاچار ئەر بارمۇ.
باغنىڭ ئىچى بۇيادۇر، شىلدىرلاسا تۇيادۇر،
نازۇكۇمنىڭ بىلەكى تۇتار - تۇتماي سىنادۇر.
ئۇتنى قويدى قەمىشغە، قەمىش تۇتتى كۆيمىشغە،
مېنى تۇتۇپ قەسد قىلدى سولان كۆزۇم ئويمىشغە.
نازۇك بىلەك باغلاندى، ئۆلتۇرمەككە چاغلاندى،
قەشقەردىكى ئېرىمىنىڭ يۇرەك - باغرى داغلاندى.
قايناپ تۇرغان قازانغە چۆمۈش سالىپ باققان يوق،
سىز ئاندا ۋە بىز مۇندا، ئورۇن سالىپ ياتقان يوق.

## ئانارخان ناخشىسى

بېلىمنى باغلاپ تۇرۇپ، خىيالىمغا سەن كەلدىڭ،
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم، مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.
جان دوستۇم، جانىم دوستۇم، خۇش كەلدىڭ بۇيانىمغە،
يار دەردى مۇنداغ بولسە، دارۇ يەي بۇجانىمغە.

دەردى تولادۇر يارنىڭ، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق،
ئويناپ ئالالى يارىم، بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.
مەن بىدەرد غەم بولدۇم، غەمگە مۇپتىلا بولدۇم،
بىر كۆرۈپ جەمالىڭنى ئاشىق بىقارار بولدۇم.
كەتسەڭ كەتبەر يارىم، سەندىن نېمە پەرۋايىم،
بۇ باشىم ئېسەن بولسە، ھەر يەردە مېنىڭ جايىم.
يارىمنىڭ قارا ساچى تۇشۇپدۇر يەڭاقىغە،
يارىمنى سۆيۈپ قويۇپ، ئۆلەيمۇ تاياقىغە.
ئۆگزىدە چىقىپ تۇرسام، چار توخۇ پالاقلايدۇر،
قىزنى سۆيۈپ قويسام، ئاناسى ۋالاقلايدۇر.
يارىم كېلەدۇر خاراپ، سۇنبۇل ساچىنى تاراپ،
مەن يارغە نېمە قىلدىم، يامان كۆزىدە قاراپ.
قوغۇن تېرىدىم تۇزگە، ھەم يازغا ۋەھەم كۇزگە،
سېنى ئارزۇلاپ تۇتسام، چىقمايسەن تالا تۇزگە.
قاشىم تارتادۇر مېنىڭ، قەشقەردىن يارىم كېلۇر،
ئۆزى كەلمەسە يارىم، خۇش خەبەرلەرى كېلۇر.
ناخشا ئېيتادۇر دەيدۇر، ئېيتماي نەقىلاي ناخشى،
ئىچىمدىكى دەردىمنى خىيال قىلماسام ياخشى.
ياخشى ئاتنى مىنگەندە، يىراقدىن كېلۇر توشى[1]،
ناخشى ئېيتسا يار كەلمەس، ئەسلى بىر كۆڭۇل خۇشى.
ساندۇق ئىچىدە ئۇزۇم، يىغلايدۇر قارا كۆزۇم،
كىشىنىڭ يۇرتى غېرىبلىق، ئۆتمەيدۇر مېنىڭ سۆزۇم.

---

① توشى — تاۋۇشى.

قاشنىڭ قاراسى سەندە ، ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە ،
چىرلاغاندا كەلمەگەن يۈزى قارا شەرمەندە .
يار بولسە تۈزۈك بولسە ، ئون قولدا ئۈزۈك بولسە ،
ھەم مەڭزى قىزىل بولسە ، ھەم تەھتى سۈزۈك بولسە .
يار ئىشىكىدە تۇرۇپ بىر جىلۋە قىلاي دەيدۇر ،
يۈز مىكرى ئويۇن بىرلەن ، كۆڭلۈمنى ئالاي دەيدۇر .
گۈلى غۇنچە ، گۈلى غۇنچە ، مىنىڭ يارىم تېخى غۇنچە ،
قاشىمدا تۇرمادىڭ بىر دەم مىنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلغۇنچە .
ئوينارغا خەيالىم بار ، لېكىن روزىگارىم بار ،
ھەر ۋاقىتدا ئېچىلمايسەن ، سېنىڭ بىر خەيالىڭ بار .
گۈللار ئاچىلىپ قاپتۇ ، تاغ باغرىدا لەيلىلار ،
بىزگە باڭلىشاي دەپدۇر ، ئىچى كۆيگەن ئاغىنىلار .
يار ئىشىكىدە تۇرسا ، چىن مۇدەن ئېچىلغاندەك ،
يار بىرلەن ياتارمەنمۇ ، سۇغە سۇ قوشۇلغاندەك .
يارنىڭ باغى بار ئىكەن ، باغىدا ئانار ئىكەن ،
يالغۇز دەپ كۆڭۈل بەرسەم ، بۆلەك يارى بار ئىكەن .

## ئويناڭ تۆرەم ناخشىسى

يار كەتتى يۇقارلاشىپ ، مىندىم ئاتنى ياباداق ،
يار ئەسى قارامايدۇر ، فەلەك ياندىمۇ قايداق .
قولىدا چىكەن ياغلىق ، يار كەتتى يۇقارلاشىپ ،
بىر سائەت ياتارمەنمۇ يار بىرلەن قۇچاغلاشىپ .

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن ، ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار ،
خۇنخايغە[1] بارمايمەن ، چوقۇردا[2] ئاداشىم بار .
يارىم بەرگەن ئۈچ ئالما ، ئۈچى ئۈچ بۆلەك ئىكەن ،
مەقسەدكە يەتكۈرمەگەن ئەجەب كاج فەلەك ئىكەن .
لەپلەپ ئېتەدۇر كۆڭلۈم ، يار قاشىغە بارغالى ،
لېبىگە سۆيۈپ قويۇپ ، تەننى تازا قىلغالى .
يارىم بەرگەن ئۈچ ئالما ، ئۈچۈلەسى قوينۇمدا ،
ئۈخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام يارنىڭ قولى بوينۇمدا .
يارىمنىڭ سارايىدا ئوتراسىدە يول بولسا ،
ئادىل پادىشاھ بولسا ، سۆيگەن يارنى ئالسا .
مېنىڭ ئىككى يارىم بار ، بىرى ئالىم ، بىرى زالىم ،
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق ، بىرى كۆڭلۈمدىكى يارىم .
كۆڭۈل بەرمىسەم يارغە ، ئوق تەگمەس ئىدى جانغە ،
كۆڭۈلنى قويۇپ بېرىپ ، يۈرەك ئۆرتەنۈر قانغە .
جان ئىچىدە جانان قىز ، جانغە ئوتنى ياققان قىز ،
قاشلارى ئانىڭ مەھبۇب ، ساچلارى سۈلايمان قىز .
قاشىڭنىڭ قاراسىغە ، خال بولاي ئاراسىغە ،
ئەسلى كەلمەدى رەھىمىڭ ، مۇسۇلمان بەلاسىغە .
مېنى يارىم چىرلايدۇر ، بارسام ئېرى تىللايدۇر ،
باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، ماڭا باقىپ يىغلايدۇر .
تاغقە چىقتىم ئىرادە ، يانىپ تۈشتۈم پىيادە ،
كىچىككىنە يارىم بار ، قىزىل گۈلدىن زىيادە .

---

①② خۇنخاي ، چوقۇر — ئىلىدىكى جاي ئىسىملىرى .

## بىۋەفا نادان يارىم ناخشىسى

ئۆيناپغە تۆتۆپ قويسام ، تىرىكىپ قالاي دەيدۆر ،
دەردىنى تولا تارتتىم ، نىمىشكە كۆتەرمەيدۆر .
بىۋەفا ئىكەن يارىم ، كۆپ جەفانى كىم بىلدى ،
ئاخىرى جۇدالىكەن ، ئايرىلۆرنى كىم بىلدى .
ئۇقاتغە ئۆتەرمەن دەپ ، بۇ قاتدا قونۇپ قالدىم ،
ئۇچ كۈندە بارارمەن دەپ ، يالغانچى بولۇپ قالدىم .
غانجۇغامدا ئارغامچى ، ئۆزۈم قاتتىق ئالبانچى ،
قولدا پۇلۇم يوق ئۇچۇن ، مەن يارىمغە يالغانچى .
كېتىپ بارغان ئايلامىنىڭ ساچى ئۇلاقغە ئوخشايدۆر ،
ئىشارەتنى بىلمەيدۆر ، ياغاچ قۇلاققە ئوخشايدۆر .
كېتىپ بارغان ئايلامىنىڭ نە خىيالى بار ئىكىن ،
بىر باسىپ ئىككى قاراپ ، قايدا يارى بار ئىكىن .
سەن بارساڭ بارىپ تۇرغىل ، ئارقاڭدىن يېتىشەرمەن ،
يامان ئىبرىڭدىن قورقساڭ ، خالىدا تېپىشارمەن .
قىزىل ئالما قىزارغاندەك قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم ،
ئاغزىدا نابات بارمۇ ، شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم .
ھاۋالار تۇمانلاپدۆر ، يىلقىلار قۇلانلاپدۆر ،
ئالتۇن قارا كۆز يارىم نىمە دەپ يامانلاپدۆر .
ئىشىكىڭدە ئانار گۈل ، ئات باغلاپدۆر مىراقۇل ،
يار مەندىن يامانلاپدۆر ، مەن يارىمغە ناماقۇل .

## ئاه يارىم ناخشىسى

بۇلبۇل سايرىماس بولدى ، قىزىل گۇل ئاچىلماس بولدى ،
دۇشمەن سۆزىگە كىرىپ ، يارىم قارىماس بولدى .
كاشكى كۆرمىگەي ئەردىم ، كۆڭۇل بەرمىگەي ئەردىم ،
ساڭا بەرگەن كۆڭلۇمنى تەندە ئاسراغاي ئەردىم .
يارىمغە ساراي سالسام ، گۇل بىرلە مۇنار قىلسام ،
يار ئىچىدە بىلمەمدۇر ، هەر قانچە گۇناه قىلسام .
تاغدا ئاچىلىپ قاپدۇر سارىغ سەفدەر بىلە چوغلۇق ،
ياردىن كۆرمەدىم خوبلۇق ، كۆڭلۇم بولادۇر مۇڭلۇق .
سۇ بولسا سۇزۇك بولسا ، ئېرىقدا ئېقىن بولسا ،
ئاشىق بىلە مەشۇقلار يان قوشنا يېقىن بولسا .
كۇندە كۆرمىدىم يارنى ، بىر كۇنى كۆرەرمەن دەپ ،
ئۇمىد ئۇزمىدىم ياردىن ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ .
مەن ئېيتۇرمەن كۆڭۇل ئۇز دەپ ، بۇ كۆڭلۇم ئۇزۇلمەيدۇ ،
كۆڭۇل ئېيتۇركى ئەي نادان ، كۆڭۇل بەرگەن ئۇزۇلگەيمۇ .

## جانىما ناخشىسى

ئالتۇن قۇتادەككىنە ، ئاپپاق ئۇپپىدەككىنە ،
هەر كىشىنىڭ يارى بولسا ، كۆڭلى مەيلىدەككىنە .
ياخشى ئاتلىرىم بولسە يۇرمەسمەن بۇ يەرلەردە ،
غېرىبلىق ئەسىر قىلدى ، داچىڭشاڭ كۇرەلەردە .

نالى لەيدى لوتوكى ، تۆرپان لەيدى لوتوكى ،
لوتو كەنجەن تولى سا ، خاجۇ ، خۆجو ، جاڭپىزا .
سەھەر بولدى چى چاڭلە ، بامدات بولدى كەي مىڭلە ،
كەيمىڭ ، كەيمىڭ ، قارا كۆز ، نىدى پىكيۇسى لەيلە .
تۆرپان خوما ، قۇمۇل خو ، ناگى يوچەن ناگى خو ،
چوكان خوما ، جۇۋان خو ، ناگى شىڭ شاڭ ناگى خو .
مەن كىمنى دەپ ئۇلتاردىم ، مەن يارنى دەپ ئۇلتاردىم ،
ئوقەتنى خىيال قىلماي ، ئارقامچە زوڭ ئۇلتاردىم .
گۈل كەستىم ئۇيماق ـ ئۇيماق ، بارمۇ ياردىن تويماق ،
قايسى نادانىڭ ئىشى ئۆز ياردىن ئايرىلماق .

## خارابىخمەن ناخشىسى

بىر قارا بوران كېلىپ تەگسە يامان بولمامدۇ گۈل ،
شاخى شاغىغە تېگىپ بەرگى خەزان بولمامدۇ گۈل .
ئالما گۈلى گۈل بولامدۇر ، باشقا قىسسا بىر قۇچاق ،
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇر ، ئۆلگۈچە جانغە پىچاق .
قارا قاشىم بار مېنىڭ ، قاشلىق ماڭا لازىم ئەمەس ،
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ ، ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس .
قارا قاش كىردى بازارغە قاشىنى بازارلىتىپ ،
ئۆزى خۇشخۇيدا يۇرۇرلەر ، بىزنى سەرگەردان ئېتىپ .
قاشىڭىزنىڭ قاراسى ، تۇشتى سېپىلغە سايەسى ،
مۇنداغمۇ يىراق بولۇرمۇ ئىككىمىزنىڭ ئاراسى .

قاش قاراسى بولماسا ، قەشقەر دېگەن قانچە يىراق ،
ئۇپا - ئەڭلىك بولماسا ، ئايدەك جۇۋان ئىتقا يالاق .
قاشىڭىزنى قاراسىنى قارا خەتغە ئوخشىتاي ،
ئەرتە - ئاخشام كۆرمەسەم ، بويۇڭنى كىمگە ئوخشىتاي .
قاشىڭىز قارا - قارا ، كىرپىكىڭ زىرۇ زەبەر ،
سىنىڭ ئوتۇڭدا يۇرەرمەن ، سەن يۇرۇرسەن بىخەبەر .
قارا - قارا قاشلىقىم ، ئۇزۇن - ئۇزۇن ساچلىقىم ،
قارا قاشنى دەپ يۇرۇبان قارغا قالدى ئاشلىقىم .
قاشىڭىزنىڭ قاراسى ئوسمانى پەيدا قىلادۇر ،
ساچىڭىزنىڭ ئۇزۇنى يىگىتنى شەيدا قىلادۇر .
قارا قاشىم بار مېنىڭ ، بېرىپ كېلىشىم بار مېنىڭ ،
قارا قاش ئاندا تۇرۇپ ، مۇندا نېمە ئىشىم مېنىڭ .
قارا قاش كىردى بازارغە ، نەرخىنى بىھراق قىلۇر ،
پۇلى بارلار ئېلىپ - ئېلىپ ، پۇلى يوق قايداق قىلۇر .
قاراقاش بار مەندە دەپ ، قاشىڭغە مەغرۇر بولماغىل ،
ساچىمىز سۇنبۇل دەبان ، ساچىڭغە مەغرۇر بولماغىل .
قاشنى قاشقە ئۇلۇسا ، يەتكەيمۇ قاشىنىڭ بويىغە ،
خۇدايىم مېنى سالىپدۇر قارا قاشىنىڭ كويىغە .
قاشلىق ئەتمەسەڭ يارىم ، قاشىڭ ساڭا يەتمەمدۇر ،
ئىككى ئويناش تۇتقۇنچە ، بىر ئويناشىڭ يەتمەمدۇر .
ئالمالىغ باغقە كىرىپ بىر ئالمانى يەرمۇ كىشى ،
ئالمادەك يارى تۇرۇپ دىۋانەنى دەرمۇ كىشى .
ئېگىز ئايۋان باشىدا ئۇۋا سالىپدۇر سالىملار ،

غۇنچەدەك يارى تۇرۇپ ياتنى سۆيگەن لالملار .
ئاتى بولسا يورغا بولسا ، توقۇسا ، منسە كىشى ،
يارى بولساياندا بولسا ، ئويناسا ـ كۈلسە كىشى .
يارنى كەلدى دېسە ، يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن ،
يار كەلگەن كوچالارغا سۇ سېپەي ياشىم بىلەن .
ئاھ ئۇرۇرمەن ، ئاھا ئۇرۇرمەن ، ئاھلارىم تۇتقاي سېنى ،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ بىلىقلارىم يۇتقاي سېنى .
يارنىڭ چۇرتۇق چىرايىدىن پىراقى ياخشىراق ،
بۇۋاپا يارنىڭ يېقىنىدىن يىراقى ياخشىراق .
يارنى ئاغرىپدۇر دەيدۇر ، مەن بېرىپ كۆرۈپ ياناي ،
ئاغرىسا ـ ئاغرىماسا باشىدىن ئۆيرۈلۈپ ياناي .
يا مېنىڭ مەيلىمچە بولسا قوپماسام يار قاشىدىن ،
كېچە ـ كۈندۈز چۆرۈلۈپ پەرۋانە بولسام باشىدىن .
گۈلى سەۋسەننى كۆرۈك سايغا باقىپ قارىلادۇر ،
بۇۋاپا يارنى كۆرۈك ئۆلمەي تىرىك ئايرىلادۇر .
باغقە بۇغداي تېرىسام بەلباغقە كەلگەن بۇغدايىم ،
ئۆرگەنىپ كەلگەن زاماندا ئايرىپ ئاتقان خۇدايىم .
ئالمانىڭ شاخى تولا ، جىنەستەنىڭ بەرگى تولا ،
يېڭى يار تۇتقان كىشىنىڭ ئىچىدە دەردى تولا .
ئاھ يارىم چاققان جۇۋان ، جاھانغە ئوت ياققان جۇۋان ،
باشىنى قاتتىق تاراپ ئېرىنى قاخشاتقان جۇۋان .
جۇۋان ئاسمادەككىنە ، بەللىرى تاسمادەككىنە ،
شول جۇۋاننىڭ قىلىقى ئونبەش ياشار قىزدەككىنە .

# دادەي ناخشىسى

ئاق قۇشقاچ هارامزادە شېكەر بەرسە سارايدۇر ،
ئىلىنىڭ چوكانلىرى ئاقچە بەرسە قارايدۇر .
ئۇقانقا ئۆتەرمەن دەپ بۇ قاتدا قونۇپ قالدىم ،
ئون كۈندە كېلۈرمەن دەپ يالغانچى بولۇپ قالدىم .
ئېشىكىمدە بادام بار ، ئاستا كىرىڭ دادام بار ،
دادام بولسا كاشكىدى ، قۇچاغىمدا بالام بار .
قاشىڭنىڭ قاراسىغە ، خال بولاي ئاراسىغە .
ئەسلى كەلمەدى رەھمىڭ مۇسۇلمان بالاسىغە .
يارىمنىڭ ئېتى لەيلى ، بىزگە بارمىدۇ مەيلى ،
بولسا - بولماسا مەيلى ، مەن يارنىڭ قەلەندەرى .
هاۋامۇ هاۋامىدۇر ، قار - يامغۇر ياغامىدۇر ،
قىز ئۇچۇن يىگىت ئۆلمەك شەرئىدە راۋامىدۇر .
مەن ئىدىم سېنىڭ بىرلەن ، بولمادىڭ مېنىڭ بىرلەن ،
سەن ياشقا كىچىك نادان ، سەرگەردان سېنىڭ بىرلەن .
باغقە كىرىپ ئالما يەڭ ، باغنىڭ مېۋەسى بىزنىڭ ،
سەن يارىم مېنى دېسەڭ ، جاندىن ئۆزگەسى سىزنىڭ .
تاماكو تارتقۇم كەلسە ، سىلاپ باقامەن يانىنى ،
سەن يارىم مېنى دېسەڭ ، تەسەددۇق قىلاي جانىنى .
باغ ئىچىدە بوستانلار ، ياشارىپدۇر چوكانلار ،
يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار .
يار دەردىدە ئەۋارە ، بولدى يۈرەكىم پارە ،
ئۆزۈڭ بىلىسەن يارىم ، بۇ دەردكە نىمە چارە .

مەن كۆرەگە بارغاندا ئون سەر يارماقىم بولسا ،
مېنىڭ تەبئىم ئۆسمەمدۇر چىرايلىق ئاداشىم بولسا .
شايار يولى يۇلغۇنلۇق ، كۆچا يولى بۇلغۇنلۇق ،
شايارلىقنىڭ قىزلارى ئون سەككىزى بىر پۇللۇق .

## غېرىبىڭمەن ، ئەسىرىڭمەن ۋايەي بەلادىن ئاسرا بەندەڭنى

دەريا بويىدا شەھتۇت ، بىر ياخشىنى ئاداش تۇت ،
ئاداشىڭ يامانلاسا ئويناپ - كۈلۈپ ئاراق تۇت .
يار كېلۈرمۈكىن مۇندا ، مەن بارايمۇكىن ئاندا ،
يارغە يار كېرەك بولسا قول سالىپ كېلۈرمۇندا .
يار ھۇجرىسىدا ياتىپ دېگەن سۆزلەرى ماقۇل ،
يار مەندىن يامانلاپدۇر ، مەن يارىمغە ناماقۇل .
دەريا مۇنداغ ئاقارمۇ ، ئاقىپ لەبدىن ئاشارمۇ ،
يارىم كىيگەن ئارچىن بەل مۇنداغمۇ ياراشارمۇ .
گۈل ئاچىلدى چەمەن باغدا ، تاماشا قىلسە بولمامدۇر ،
ئاتامىز يوق ، ئانامىز يوق ، خۇدايىم رەھىم قىلمامدۇر .
ئۆلۈمدىن ئانچە ۋەھىمىم يوق ، مېنىڭ قورقۇنچۇم ئىماندىن ،
ئەجەل ۋاقتى يېتىپ كەلسە قۇتۇلماسلار قاچىپ ئاندىن .
نەخۇش كۈندۇر بۇرادەرلەر ، كىشى جانانىغە يەتسە ،
چېكىپ جەۋرى - جاپالارنى كۆزى مەستانىغە يەتسە .
جاپانى كىم تولا چەكسە گۆھەرنى شۇل ئالۇر تاشدىن ،
باشىم كەتتى بۇ سەۋدادىن ، بۇ سەۋدا كەتمەدى باشدىن .

مەن باردىم كىچە بىرلەن ، ئىرىقنىڭ ئىچى بىرلەن ،
يىگىت قولى باغلاندى جۇۋاننىڭ ساچى بىرلەن .
قاشىڭ ئەسلى قارادۇر ، ئوسما قويماساڭ يېتەر ،
سەن ئۆلتۈرمەسەڭ مېنى ئۆزۈم ئۆلگەنىم يېتەر .

## لەبلەرىڭ نەبات يارىم

كۆيۈپ كۈل بولماغاي ئەردىم ، يانىپ ئوت بولماغاي ئەردىم ،
ساڭا بەرمىسەم كۆڭۈل مۇنچە بولماغاي ئەردىم .
قاراسام كۆرۈنمەيدۇر دەرياغە يېقىن ساڭلار ،
مېنىڭ يىغلاغانىمنى قارا كۆز قاچان ئاڭلار .
يارىمنىڭ سارايىنىڭ ئوتراسىدا يول بولسا ،
ئادىل پادىشاھ بولسا ، سۆيگەن يارىنى ئالسا .
ئۆگزەڭدە كېتىپ بارىپ ، شەببە قىلاي تۈڭلۈكدىن ،
يارىڭ قاشىغە كىرمەك ، ئوغۇل بالا ئۆزلۈكدىن .
قولىغە پىچاق ئالغان ئوغۇل بالالىغ ئەرمەس ،
ئاشىق بولغان ئەرەنلەر پىچاغىڭغە بوي بەرمەس .
يارىڭ قوساقى ئاغرىپدۇر باغقە كىرىپ ئالما يەپ ،
يامان ئۆرگەنىپ قاپدۇر كۆڭلى خالاغاننى دەپ .
باغىڭغە كىرىپ ئالىپ توڭ غورانى يەپدۇرمەن ،
كۆڭلۈڭغە ئىغىر ئالماڭ ، فەھم قىلماي دەپدۇرمەن .
باغىڭغە كىرىپ ئالدىم ، شەپتالۇڭنى يەپ ئالدىم ،
ئويناماساڭ ئويناما ، مەن ئويناپ - كۈلۈپ ئالدىم .
باغىڭغە كىرىپ باقسام ، ئۈرۈكۈڭ ئەجەپ شاخلىغ ،

تۇشۇمگە كىرىپدۇرسەن قارا كۆز ، تىلى تاتلىغ .
باغىڭدەكى تاللارنى خىرمان هايداسام لازىم ،
ئۇينايمەن دەپ ئايتساڭچۇ ، مەن ساڭا قىلاي تازىم .
باغىڭغە كىرىپ ئالىپ ئۆرۈك ئىرغاتاي يارىم ،
ناخشامغا قوشۇپ ئالىپ سىزنى يىغلاتاي يارىم .
ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۇم ، ئۆتكەنىمنى تۇيدۇڭمۇ ،
توخۇ ئىككى چىرلادى ، بىر چىقمايسەن ئۆلدۇڭمۇ .

## سارىخان ناخشىسى

سىپىلغە چىقىڭ باللار ، دۇم - دۇمنى سوقۇڭ باللار ،
پاششاپ بەگ قوغلاپ كەلسە ، ئارقىغە قاچىڭ باللار .
باغىڭغە كىرىپ كۆردۇم ، ئۆرۈكۈڭ تولا شاخلىق ،
تۇشۇمگە كىرىپ قالدى سارىخان تىلى تاتلىق .
باغىڭغە كىرىپ باقسام ، ئالما تۆكمەدەك بوپدۇر ،
كىچىككىنە سارىخان ئىلىپ قاچقۇدەك بوپدۇر .
باغ ئىچىدە بوستانلار ، ياشىرىپدۇر چوكانلار ،
سارىخاننىڭ دەردىدە ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار .
ئاق سارايدا ئولتۇرغان تولۇن ئاي مىنىڭ يارىم ،
كۆيەر ئۇتقە سەپ قويۇپ ، خەبەردار بولماغان يارىم .
گۈلزارىڭ ئارا چوغلۇق ، گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق ،
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان ، سىزگە سىغىنىپ قۇللۇق .
سارىخان قىزىل گۈلدەك ، بىز ئىشقىدە بۇلبۇلدەك ،
سارىخان كۆلۈپ قويسا ، خىزمەت قىلامىز قۇلدەك .

سارىخان تىلى تاتلىق ، كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق ،
ئىشىكىدىن چىقالمايدۇر مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق .
سارىخان كىچىك ياشلىق ، ئاي يۈزلۈك ، قارا قاشلىق ،
ئىشىككە چىقالمايدۇر ئاتا - ئانىدىن باشلىق .

## گۈلەمخان ناخشىسى

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە تېگەمدۇر ،
ئۇنبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇر .
گۈلەم خانىم چىقىپ بېقىڭ باباڭ كېلەدۇر ،
ئۆز خىلىنى تاپماي تۇرۇپ ئەرگە تېگەدۇر .
گۈلەمخاننىڭ كىيگەن ئەڭلى ، تاش پېشى سولجۇر ،
قېرى بىرلە ياتماڭ ھەرگىز ساقالى سانجۇر .
قويلارىمنى ھايداپ ئەتتى ئويمان بۇلاققە ،
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى قېرى چولاققە .
گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە سۆرۈلدى ،
يۈرەكىدىكى سېرىق سۇلار قانغە ئۆرۈلدى .
تورۇق ئاتنىڭ يۈگەنىنى نەخۇر ئۆرۈگەن ،
گۈلەمخاننىڭ توي كۈنى باشىم تۆرۈگەن .
چىقىپ باقسام گۈلەمخانىم ، تويۇڭ كېلەدۇر ،
ساڭامۇكىن - ماڭامۇكىن تەقدىر بىلەدۇر .
گۈلەمخاننى تۇققان يېرى ئويمان بۇلاقتۇر ،
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان ئەنگەر چولاقتۇر .
ئالتە - يەتتە كەپتەرلەرىڭ قوندى تېرەككە ،

تاۋار تۇندا ئالتۇن تۈگمە پاتتى يۈرەككە .
گۈلەمخاندىن بۆلەك قىزنى قېرى ئالمامدۇر ،
گۈلەم خانىم چولاقلارغە زايە بولمامدۇر .
گۈلەمخانىم ئوبدان بالا ، ساچى ئاز ئىكەن ،
گۈلەمخانىنىڭ تەگكەن ئېرى تۈرتەك تاز ئىكەن .

## ئاللا يارىم ناخشىسى

ئاللا يارىم ، خىيالىڭىز ئەنجانچە بۆكمۇ ،
كىچىكلىكدە ئويناپ ئىدۇك ، ئەمدى پۇل يوقمۇ .
ئاللا يارىم ، خىيالىڭنى بىلىپ بولمايدۇر ،
سەنلەر يۈرگەن كوچالاردا يۈرۈپ بولمايدۇر .
سەن يار ئۈچۈن بولماغانىم قالقان ئەمەستۇر ،
ياكى پۈتۈك - ياكى پۈتمەك ، يالغان ئەمەستۇر .
خاھى پۈتۈك - خاھى پۈتمەك ، خۇشتار مەن سىزگە ،
پۇل - مالىمنى بەرباد بېرىپ قۇل كىرەي سىزگە .
قارا - قارا قاشلارىڭغە قوشساڭچۇ مېنى ،
قارا قاشنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى .
قارا قاشنىڭ بازارىدا يارانماسام مەن ،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى .
ئىشىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ كۆيدۈردۈڭ مېنى ،
جىلۋە قىلىپ ، غەمزە قىلىپ ئۆلتۈردۈڭ مېنى .
لۇتۇف قىلىپ باغباغ ئېتىپ قوشساڭچۇ مېنى ،
بىر ئورۇندا قۇچاغلاشىپ سۆيەردىم سېنى .

گۈل غۇنچەسى ئاچىلغاندەك لەبلەرىڭ سېنىڭ ،
ئۆمرۈم ئۆتتى لەبلەرىڭنى سۆيەلمەي مېنىڭ .

## مايىمخان ناخشىسى

زىندان تامى ئېگىز تام ، ئانىڭ ئىچى گۆرىستان ،
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ شەھىد بولغان مايىمخان .
مايىمخان ئۆزى ئوبدان ، مەست بولسا خۇيى يامان ،
قىز ئۇچۇن باشىڭ بېرىپ ئەمدى بولدۇڭمۇ ئامان .
خان خوجامنىڭ بوز ئېتى دەرياللاردا ئۈزەمدۇ ،
بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزىڭنى دارىن ئامبال تۈزەمدۇ .
ئاتا بولغانىڭ قېنى ، ئانا بولغانىڭ قېنى ،
ياندۇرا - ياندۇرا چاپقاندا ، تىلەپ ئالغانىڭ قېنى .
ئالدىمىزدا تۆرت مانجۇ قىلىچىنى ئوينايتتى ،
هاكىمبەگ بۇلاپ بەرسە ئۆلتۈرمەيتتى ، پالايتتى .
سىڭلى ئاتى مەيىنخان ، ئاغا ئاتى مايىمخان ،
ئەرلەر ئىچرە ئىلغانغان قەشقەردە بىر مايىمخان .
تۇرپاننىڭ يولى قۇملۇق ، ئۆتۈپ بارغىلى بولماس ،
ئاتمىش يامبۇرنى ئېلىپ بىكار تۇرغىلى بولماس .
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ دارىن ، ئامبال تويامدۇ ،
مايىمخاننى ئۆلتۈردى ، خۇنى ئانى قويامدۇ .
كوهنە شەھەردە ئاق تېرەك ، يېڭى شەھەردە كۆك تېرەك ،
مايىمخاننى ئۆلتۈردى ئاڭا ئوخشاش ئەر كېرەك .

گۈلباغ سۇفەت قەشقەردە يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى، ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

## ئالتۇن خېنىم ناخشىسى

ئاققىنە ئايدەك يۈزۈڭگە زەيتۇنە خالىڭ بولاي،
كېچە يانىڭدا ياتىپ كۈندۈز گىرىفتارىڭ بولاي.
بىۋاپا بۇ كۈن بارۇر تاڭلا ئۇنۇتقاي يارنى،
ئادەمى ھەرگىز ئۇنۇتماس كوھنە سۆيگەن يارنى.
بۇ كۈن ئۈچ كۈندىن بېرى يارنى كۆرمەمدۇر كىشى،
كۆرۈبان كۆرمەسكە سالسا تىرىك ئۆلمەمدۇر كىشى.
قارا قاش كىردى بازارغە قاشىنى بازارلىتىپ،
ئۆزى چۈشكويدا يۈرەدۇر بىزنى سەرگەردان ئېتىپ.
مەن بېرىپ قاچان كۆرەرمەن ئامراقىمنىڭ يۈزىنى،
ياغلىقىمغە تۇگۈپ ئالدىم سايدا باسقان ئىزىنى.
سايدا باسقان ئىزىنى كۆزلەرىم سۈرمە قىلاي،
يارنى ئۇيقۇدا تاپسام لەبىگە سۆيۈپ ئالاي.

## قۇمۇل ناخشىسى يار سەنەم

سايدا يۈرگەن جەرەننى سەككىز دەڭلار، يار سەنەم،
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭلىم دەڭلار، يار سەنەم.
ئەرگىم - ئەرگىم يوللاردا ئىز كېلەدۇر، يار سەنەم،

كىمخاپ تونى پۈركەنىپ قىز كېلەدۇر ، يار سەنەم .
ئېگىز تېرەك باشىدا كاككۇك ئوينار ، يار سەنەم ،
چۈڭۈاڭ بەگنىڭ قىزى بىرلەن بەگلەر ئوينار ، يار سەنەم .
ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار سايدا تولا ، يار سەنەم ،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر تويدا تولا ، يار سەنەم .
يىغلىما قىز ، يىغلىما قىز ، تويۇڭ بولۇر ، يار سەنەم ،
ئالتۇن بىرلەن كۆشۈكە ئۆيۈڭ بولۇر ، يار سەنەم .
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا ، يار سەنەم ،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا ، يار سەنەم .
قارا ـ قارا قارغىلار خىرماندادۇر ، يار سەنەم ،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر ئارماندادۇر ، يار سەنەم .
تاغنى تۇمان باسىپدۇر قار كېلەدۇر ، يار سەنەم ،
بەرگى خازان تون كىيىپ يار كېلەدۇر ، يار سەنەم .
بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا ، يار سەنەم ،
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ دەردى تولا ، يار سەنەم .

## دوستلارەي ناخشىسى

بىزبۇ ياققا كەلگەندە يارىم ئىشىكدە قالغان ،
قاچان كېلىسىز يار دەپ قارا كۆزگە ياش ئالغان .
قىزىل گۈل دېگەن نەرسە — بېھىشتىن چىققان نەرسە ،
قىيامەتكە بارغاندا خۇدايىم ئىمان بەرسە .
كۆرۈنگەن قارا تاغلار ئارقىسى قارا باغلار ،

بىزنىڭ يار كىچىك بالا بېلىگە دۆردۈن باغلار .
تۆكۈلۈكتىن قاراپ باقسام يارىم تولغانىپ ياتتى ،
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم دەردىمنى تولا تارتتى .
يۇقاردىن تۆشۈپ كەلگەن بىر يالغۇز قارا ئاتلىغ ،
كىچىككىنە قارا كۆزنىڭ سۆيسە لەبلەرى تاتلىغ .
ئۆيدىن ئاتلانىپ چىقىپ كىردىم چاكانا ئىزغا ،
مەن يارىمنى بەرمەسمەن ئونبەش ياشدىكى قىزغە .
ئونبەش ياشدىكى قىزنى ئالسام ئارمانىم يوقتۇر ،
سۆيگەن يارنى ئالماسام ئۆزگە لايىقىم يوقتۇر .
ئونبەش ياشدىكى قىزلار ئوسما قويۇپ ئويندايدۇر ،
قارا كۆزنىڭ قويندا بالىق بولۇپ سويلايدۇر .
يارىم يارىغە كەتتى ، ئەمدىلەردە يەتكەندۇر ،
ئاندا يارنى كۆرۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇر .
يارىمنىڭ سارايىغە گۈل بىرلە مۇنار قىلسام ،
يار ئىچىدە بولمامدۇر ھەر قانچە گۇناھ قىلسام .
يار دەيسەنۇ يار دەيسەن ، يار قەدرىنى بىلمەيسەن ،
يار قەدرىنى بىلگەندە ، سەھەرلەردە يىغلايسەن .

## ئاللا ئۆرگۈلمەن ناخشىسى

گۈلمىدى ، غۇنچەمىدى يارىم سىينىڭ باشىڭدىكى ،
كىچەلەپ تونالمادىم كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى .
قاش ئاتارىم كېلەدۇر ، كىرپىك ئاتارىم كېلەدۇر ،

بىلىغە ئالما تۈگۈپ يالغانچى يارىم كېلەدۇر .
زەيتۇنە تونى كىيىپ ، خەستە كۆڭۈلگە ئوت سېلىپ ،
نەۋ ئاچىلغان غۇنچەدەك يۈزى ئانارىم كېلەدۇر .
ئەرتىيازنىڭ شامالى تەگسە بولۇر ئاق تەن قارا ،
غەم قىشىنى هايداماقغە نەۋ باهارىم كېلەدۇر .
بىر كۆرۈپ هەسرەت ئوتىدا ئۆرتەنۇرمەن بارەها ،
كۆيدۇرۇپ ئۆلتۇرگىلى كۆزى خۇمارىم كېلەدۇر .
نازىمى غەم باغىدا بۇلبۇل سۇفەت ئەفغان ئېتەر ،
غەمنى بەرباد ئەتكىلى چۇن گۇل ئۇزارىم كېلەدۇر .

## دانە - دانە خاللارىڭدىن ناخشىسى

قاشىڭنى كۆپ قارا دەرلەر ، يۈزۈڭنى ۋەززۇها دەرلەر ،
مەگەر ئىشقىڭدا جان بەرسەم شەهىدى كەربەلادەرلەر .
بارۇرغە يوللارىڭ بولسۇن ، قىزىل گۇل هەمراهىڭ بول-
سۇن ،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغە مېنىڭدەك قۇللارىڭ بولسۇن .
ئىلىنىڭ باغىدا غۇنچە سۇفەتلىك سەن گۇلى رەئنا ،
گۇلى رەئنانى ياد ئەتمەككە مەندەك بۇلبۇلۇڭ بولسۇن .
سېنىڭ چاچۇشلىرىڭ ئالتۇن ، ساماۋار كۇرسىڭىز زەردىن ،
كى خاقان ئورداسىدا سەيرگاهىڭ هەم يولۇڭ بولسۇن .
ئەگەر سەن خاهىش ئەتسەڭ ئەسىب تازەنى يۇگۇرتمەكنى ،
بۇ نازىمنىڭ تەنى ئاتىڭغە سالماققە چۇلۇڭ بولسۇن .

## ئوتۇك يامان ناخشىسى

يارىم يارىغە كەتتى ، ئەمدىلەردە يەتكەندۇر ،
ئاندا يارىنى كۆرۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇر .
يار ئىشىكىدە تۇرسا گۇل مودەن ئاچىلغاندەك ،
كېتەي دېسەم كېتەلمەيمەن باش ئىركىت قىلىپ ئالغاندەك .
ئۈمىدىم ئۈزۈلمەيدۇر ياردىن ئايرىلالمايمەن ،
يانىدىن كېتەلمەيمەن ئىشىق غۇلىنى سالغاندەك .
يىغالماي خىيالىمنى بىر يەردە قىلالماسمەن ،
خىيال كېتەدۇر ھەريان دانەلەر ساچىلغاندەك .
يار ئىشىكىدىن كەتمەي ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردۇم ،
يار تۇرار ئۆي ئالدىدا قىزىل گۇل ئاچىلغاندەك .
نازىم كېتىبان ئۆزدىن ، قان - ياش ئاقادۇر كۆزدىن ،
قالدى نەچچە كۈن سۆزدىن غەم ئىچىدە قالغاندەك .

## نىمە بار بۇ يەرلەردە ، كېتەي ، ئۆز ماكانىمغا ناخشىسى

مېنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ، بولەك ئەلنى كۆرمەمدۇر ،
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ مېنى يارىم سۆيمەمدۇر .
قاشىنى قىلىچ ئەيلەپ ، كىرپىكىن ئېتىپ خەنجەر ،
ھىجران خەنجەرى سالدى قانىمىزنى ئالغالى .
باشىمغە سېلىپ مېھنەت ، بىرلەرگە بېرىپ رۇخسەت ،

دەيدۇر يانىمىزدىن كەت غەيرى بىلە قالغالى .
يولۇڭ مىڭىنىڭ يولى بولسە ، خىيالىم سەندە تۇرماسمۇ ،
چىرايىمنى سىرىق دەيدۇر ، جۇدالىق دەردى بولماسمۇ .
دەريا بويىدا ئۆزۈم ، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم ،
كىشىنىڭ يۇرتىغە كېلىپ ئۆتمەيدۇر مېنىڭ سۆزۈم .
دەريا بويىدا تالى ، تاللاپ ئالدىم تالىمنى ،
بىۋاپامۇ يار ئىكەن ، سورامايدۇر ھالىمنى .
يۇرۇڭ يارىم ئوينايلى ، دەريا بويى بويلايلى ،
بىلىنقلارغە ئەرز قىلىپ ، خۇدايىمغە يىغلايلى .

## غېرىبىڭمەن ، ئەسىرىڭمەن ، بەلادىن ئاسرا بەندەڭنى ناخشىسى

ئەرتە بىرلەن غاز ئۆتەر ، سودىگەرلەر ياز ئۆتەر ،
كىچىككىنە قارا كۆز قانداغ قىلسام زار ئېتەر .
جۇۋانمۇ تېگەي دەيدۇ ، چوكانمۇ تېگەي دەيدۇ ،
چوكاننى ئالاي دېسەم ۋەقتىمغە باقاي دەيدۇ .
ۋەقتىغە قاراپ ھاردىم ، ھەر كۈندە ئاڭا باردىم ،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ، ئانامدىن سوراي دەيدۇ .
شەھرى غۇلجە ئىچرە سىز تاپماسسىز بۇ قىسمى قىز ،
مەن قىلسام ئىشارەتنى ، خالىغە باراي دەيدۇ .
باشىغە قىسىپ غۇنچە ، تۇرماس دەمى سۆيگۈنچە ،
كۆيسەم ئاڭا ئۆلگۈنچە ، كۆڭلۈڭنى ئالاي دەيدۇ .
بۇلبۇلدەك قىلىپ ئەفغان دائىم قىلامەن گىريان ،

ئالماققه تەنىمدىن جان ئىشىق تىغى سالاي دەيدۇ .
پۇل تاپسا دېگەي نازىم ، مەككەغە قىلاي تازىم ،
يار ياخشى قالىڭ دېسەم ، مەن بىرگە باراي دەيدۇ .

## نەغمىدە ئېيتىدىغان ناخشا

مەن ئۆلسەم ئاتىم ئۆچەر ، باشىمدىن شامال ئۆتەر ،
ياخشى تۇتقان دوستلارىم يانىمدىن يىغلاپ ئۆتەر .
ئاتام ھەم ئۆلۈپ كەتكەن ، ئانام ھەم ئۆلۈپ كەتكەن ،
قېرىنداش بولغان بىلەن كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن .
يات خەلق دەردى چاغلىقدۇر قېرىنداشىڭ دەردىدىن ،
قېرىنداش قىلغان دەردلەر ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن .
ئاتامىمۇ ھايات بولسا ، ئانامىمۇ ھايات بولسا ،
دەردىنى ماڭا ئېيتسا ، ھالىغە بۇدەم يەتكەن .
نەۋبەتى خەزان يەتتى ، مەۋسۇمى بەھار كەتتى ،
ۋەقىت بىزگە يېقىن يەتتى ، نازىم مۇنى دەپ كەتكەن .

## ياھۇ يارەي ، يامەۋلانەي ناخشىسى

پاچا ئەيتۇرسىز غەمە باشىم ، غەمخانە بولدى نەيلەيىن ،
بىر سۆز بىرلەن ئاشنا يارىم ، بىگانە بولدى نەيلەيىن .
يامان كۆرمەڭ مېنى دەرلەر ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن ،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇر ، ۋەتەنىنىڭ گەۋھەرىدۇرمەن .
كىشى بىلمەس لەتىف سۆز دۇررىنى خەلقلەر ئۆز ساچىم ،

كى سۆز بابىغە كەلگەندە سەخنۇرلەر دۇررى دۇرمەن .
ئۆزۈم ۋەسفىنى ئايتسام ، دىلبەر ئايتۇر ئانچە ئېرمەسسەن ،
كەتۇرگەن سۆزگە سىزنى دىلبەرى ئۆزرە پەرىدۇرمەن .
كى تەئرىف ئەيلەدىڭ كۆپ باغ ئارا غۇنچە كۆرۈپ ئانى ،
تەمامى نۇشكۇفە غۇنچەلەرنىڭ مىھتەرىدۇرمەن .
نەھۇددى بىزگە ئول ئاي يۈزلۈك سۆزىنى تىلغە كەلتۇرمەك ،
قۇلنىڭ قۇللەرنىڭ ئالدىدا بىر چاكەرى دۇرمەن .
قىيا باقسە تەرەھھۇم ئەيلەبان بىز خەستەغە ئول ئاي ،
دېگەيمەن شاد ئولغاندىن ، خەلايىق بىھتەرىدۇرمەن .
ئىلى بازارىدا يىغلاپ بۇ نازىم يالبارىپ يارغە ،
كى ئېيتىپ بىر قىيا باقساڭ ، نە بولغاي بىر قەرىدۇرمەن .

## ئايرىلغانغە ئۆلمەيمەن ، ئەقىدەمگە يىغلايمەن ناخشىسى

يار ئىشىكىدىن ئۆتتۇم ئالما شاخىنى تۇتۇپ ،
سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن ، مەن تالادا قان يۇتۇپ .
شۇل يارىمنى كۆرگەن خەلق بارچە بولادۇر ئاشىق ،
يارىمنى كۆرۈپ خەلقلەر كۆيۈپ ئۆلگۇدەك بوپتۇ .
يارىم يۈرەدۇر دائىم بىر ساچقە جالا سالىپ ،
يارىمنىڭ قارا ساچى ئىككى بۆلگۇدەك بوپتۇ .
ئەۋۋەلدە ئويۇن قىلسام يىغلار ئىدى ئول دىلبەر ،
بۇ دەمدە ئويۇن قىلسام قاراپ كۈلگۇدەك بوپتۇ .

## دوستلارىما ناخشىسى

ئۆيان ئۆتۈپ ، بۇيان ئۆتۈپ كۆڭلۈڭنى ئالاي ،
قارچىغەنىڭ بالاسىدەك قولۇڭغە قوناي .
قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر سەمەندىن قورغان ،
ئەجەب قاتتىق يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان .
يار ئايرىلىپ چىدار ئىكەن ، بىز چىدالماسمىز ،
ھېچ ئايرىلىپ چىدارمۇكىن كۆڭۈل ئالدۇرغان .
شۇل يارىمنى بىر كۆرۈبان كۆڭلۈم ئالدۇردۇم ،
ھېچ مېنىڭدەك بارمۇ يارغە ئەۋۋارە بولغان .
ئەۋۋەل باقىپ كۆڭلۈم ئالىپ ، ئەمدى باقمايدۇر ،
مەن ساددا مەن يارباقار دەپ ئۈمىددە تۇرغان .

## ئۆلمەمدۇر كىشى ، كۆيمەمدۇر كىشى ناخشىسى

قىزارىپ تونغە سىغماسمەن مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى ،
جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن سېنىڭ بىر جۆرە خالىڭنى .
يۈسا ئاق بولماس ، يامان ھەرگىز ياخشى بولماس ،
سەن دوست بولساڭ ، ئۇل دوست بولماس ، مەن سېنى سۆيدۈم
قارا كۆز .

قىزىل ئالما قىزارغاندەك تونۇڭ چوكان ياشارغاندەك ،
قىزىل گۈلدە ياسالغاندەك يۈزۈڭغە كۆيدۈم قارا كۆز .

## چىن مودەن خېنىم ناخشىسى

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ بىر جىلۋە قىلالمايدۇر ،
بىر كۆرۈپ كېلەي دېسەم ، خالىدە بولالمايدۇر .
ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى مەن دەپسەپ ئۆتەرمەنمۇ ،
كۆڭلۈمدىكى يار بىرلەن بىر كېچە ياتارمەنمۇ .
يالبارىپ ساڭا ھەر كۈن ، ياد ئېتىپ سېنى ھەر تۈن ،
باغرىمنى قىلىبان خۇن ، ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ .
بارسام ئىشىكىڭگە يىغلاپ ، ئاچچىغىڭ كېلىپ قوغلاپ ،
بۇ قىسمى كۆرۈپ خارلىق دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ .
يارىم ماڭا باقمايدۇر ، سىنەسىنى ياقمايدۇر ،
مۇنداغ بىۋاپا يارغە بىھۇدە كۆيەرمەنمۇ .
باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ ، چىرايىمنى زەرد قىلدىڭ ،
دەرىڭگە داۋا تاپماي ئاخىرى ئۆلەرمەنمۇ .
بىزلەرنى خاپا قىلدىڭ ، جانىمغە جاپا قىلدىڭ ،
سەندەك بىۋاپا يارغە ئەۋارە بولۇرمەنمۇ .

## گۈلزارە ناخشىسى

ئويمان بايتوقاي سازى ، ئۆردەكدىن تولا غازى ،
كىچىككىنە يارىم بار ، ئۆلتۈردى ئېنىڭ نازى .
سەن دەردىڭ ماڭا ئېيتساڭ ، سېنىڭ ھالىڭغە مەن يەتسەم ،
ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ ، چۆللەرگە ئېلىپ كەتسەم .

چۆللەر ئىچىدە يۈرسەڭ ، ئىككىمىز بولۇپ مۇنىس ،
سىنەمنى يىرىپ تىغدا يۈرەكىمنى كۆرسەتسەم .
بىزگە مەرھەمەت ئەيلەپ دەردىمنى ئىشتكەندە ،
ئون توققۇز قىلىپ تەزىم ، مەن يارىمنى خۇش ئەتسەم .
يارىم يۈرتىغە كەتسە ئاتىسىنى كۆرگەلى ،
بوز ئاتىمنى ئىگەرلەپ يارىڭ كەينىدىن يەتسەم .

## خانىم ئۆرگۈلەي دەيمەن ناخشىسى

ئالمۇتۇغە بارمايمەن ، سايدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ ،
غۇلجەدىكى يارىمغە ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ .
ئاخشىمى قاراڭغۇدا ، كۆرەنۇر چىراغ ئوتى ،
ئاشىقلىق قىلاي دىسەم ، قورقىمەن كىشى يۈرتى .
يارىم تەئرىفىنى دەپ كىچە ـ كۈندۈز سۆزلەيمەن ،
مەندەك سۆز قىلالمايدۇر شاھلار ئاسراغان تۇتى .
يۈرەكىمنى كۆيدۈردى ، مىنى ھەركۈن ئۆلتۈردى ،
كۆيدۈردى ۋۇجۇدۇمنى يارىڭ ئىشقىنىڭ ئوتى .

## يۇملاق چوكان يارىم ناخشىسى

سىنىڭكى ھىجرى دەردىڭدە بوغۇزۇمدىن غىزا ئۆتمەس ،
بىر يىل بولدى كۆيگەلى ، كۆيگەن ئوت ساڭغا ئۆتمەس .
باغ ئىچىدە بوستانلار ، ياشارىپدۇر چوكانلار ،
يارىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار .

يارىم يانىمە كەلسە ، بوينۇمنى قۇچۇپ سۆيسە ،
قۇچاغىمدا ئولتۇرسا ، تازە بولادۇر جانلار .
يار ئۆيگە كېلۇر بولسا ، يانىمىزدا ئولتۇرسا ،
جانىمنى خەرىد ئەيلەپ ، قىلسام ئانى مېھمانلار .
يارىم باغقە بارالىن ، گۇل غۇنچەسى ئالالىن ،
مودەن گۇل ئاچىلىپدۇر قىسىڭ باشقە رەيھانلار .
نازىم بارادۇر باغقە ، ئوۋ ئوۋلاپ كۆيۈك تاغقە ،
غۇلجەدە سۆزۈم ئاڭلاپ خۇشھال بولادۇر خانلار .

## ئۆرگۈلەمەن ئاللا ناخشىسى

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇمەن ، ماھافەم تاراقلاتىپ ،
تارتىنماي سۆيۈپ قويۇڭ ، جالانى پۇلاڭلاتىپ .
لاچىن بولۇپ ئەرگىيمەن ھويلاڭدە تېرەكىڭدە ،
بالىق بولۇپ ئوينايمەن مەيدەڭدە ـ يۈرەكىڭدە .
ئۆزۈم قارچىغا بولسام ، تورۇڭغە ئىلىندۇرساڭ ،
مېنى قولىڭا ئالساڭ ، تەلپۈنسەم بىلەكىڭدە .
ياز كۈنى تومۇزلاردا ، ياز ئاخىرى كۈزلەردە ،
قىش كۈنى مەسجىدلەردە ، يۈردۈمەن تىلەكىڭدە .
باغىڭدا گۈلۈك بولسام ، باشىڭدا گۈلۈك بولسام ،
باغقە سۇغە كىرگەندە ، سۇ بولسام چىلەكىڭدە .
غۇلجەغە بارىپ كۈزدە ، ياتتىم مەن تالا ـ تۈزدە ،
نازىم بولۇبان ھۇقۇش قىچقارۇر تېرەكىڭدە .

## گۇل يارەي، دادەي ناخشىسى

ئۇيان ئۆتەدۇر بىر گۇل، بۇيان ئۆتەدۇر بىر گۇل،
ھەزرەتنىڭ ئاياغىدا، سايراپ تۇرادۇر بۇلبۇل.
مەن ئەمدى نېچۈك قىلاي غەمگە قالغان باشىمنى،
كۆرگەلى ئۇزاق بولدى، ساغىندىم ئاداشىمنى.
ساغىنغان بىلەن يارنى مىنگەلى تېپىلماس ئات،
ئات بولسا كۆرەر ئېردىم بارىپ قارا قاشىمنى.
ئالاي مەن دېسەم بىر ئات، ئاتنىڭ بىر خۇيىدۇر يات،
يارغە يەتكۈزەرمۇ پات، كۆرسەم باغرى تاشىمنى.
خۇش ياخشى ئىلى شەھرى، يارنىڭ بارمۇدۇر مەھرى،
مەن ئەمدى بىلەلمەسمەن يارىمغە باراشىمنى.
يار ئارقاسىدىن باردىم قورغاسنىڭ مازارىغە،
يارىمدىن بىلەلمەيمەن بىر خەبەر ئالاشىمنى.
قۇمرىدەك قىلىپ گۇگۇ، شەيخلەردەك ئېتىپ ھۇ - ھۇ،
يىغلاپ يۈگۈرۈپ ھەرسۇ، تۆكۈپ كۆزدە ياشىمنى.
بىۋاپا بۇدۇن ئەفلاك، يۈرەكنى قىلىپدۇر چاك،
قىلىپدۇر زەھر ئاغۇش، ھەركۈن ئىچەر ئاشىمنى.
خەلق بىزگە جاپا قىلدى، دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا ئاھ قىلدى، كۆرەلمەي ئاداشىمنى.

## چاققان يارەي ناخشىسى

قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر ئالەمنىڭ ئۇچى،
بۇ ئالەم بىر كوھنە رابات، بىز يول ئۆتكۈچى.

قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر ئابرالنىڭ تاغى ،
ئوتدا كۆيۈپ ئەدا بولدى يۈرەكنىڭ باغى .
يار دەردىدە سارغاردىمەن زەئفىران سۈفەت ،
كۈز ۋەقتىدە سارغارغاندەك تېرەك ياپراغى .
غۇنچە يۈزلۈك نىگارىمنى كۆرەر كۈن بارمۇ ،
تەسبىھ تەھلىل بولدى ماڭا يارنىڭ سوراغى .
يارىمىزنىڭ قىلغان سۆزى داغ بولدى بىزگە ،
يۈرەكىمنى مەجرۇھ قىلدى شۇل سۆزنىڭ داغى .
ئارا ئۆستەڭ تۇغراقلىقدۇر يارىمنىڭ جايى ،
قاراپ يارغە بەسىر بولدى كۆزنىڭ قاراغى .
ئۇلاغىمنىڭ يوقلۇقىدىن كۆرمەدىم يارنى ،
كۆرەر ئەردىم زالى زەرنىڭ بولسە ئۇلاغى .

## نادەخان ناخشىسى

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا قەند بىرلەن يېمىشىم بار ،
ياخشى دەمدۇر ، يامان دەمدۇر ، ئەل بىرلەن نېمىشىم بار .
بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە قىلاي خىزمەت ،
هەركۈن خىزمەت ئەتمەككە هەركۈندە بارىشىم بار .
كىم قىلسە زىيان بىزگە ، زىيانى ئەيان بىزگە ،
بارۇرنى قىلىبان تەرك ، هەم ئاندىن يانىشىم بار .

## هەمدەم يارەي ناخشىسى

تەرگەن بىرلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى ،
دەرد كەلگەندە ئېرتىپ بولماس كۆزنىڭ ياشىنى .

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى ،
ئالتۇن بىرلەن ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى .
يارىم بىزگە باقماي يۈرۈپ ، دىلغە غەم سالدى ،
شەفقەت بىرلەن سورىغان بارمۇ كۆڭلى مالالنى .
بەختىم قارا بولغان ئۈچۈن يار بىزگە باقماس ،
يىغلاتقانى ياخشى ئېرمەس بىزدەك ئوغۇلنى .
يارىم بىزگە باقماس بولدى ، بايلار نامرادغە ،
ئەرەنلەر ھەم يوقلاماسلار ئېرى يوق تۇلنى .
ئايا يارىم ، قەھقە كۇلۇپ ئاچىلك كۆڭلۇمنى ،
يامان بولماس يوقلاسىڭىز نازىمى قۇلنى .

## ۋاي دادەي ناخشىسى

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر ، ياردىن تالىئىم يوقتۇر ،
ياردىن تالىئىم بولسە ، ئۆلسەم ئارمانىم يوقتۇر .
يارنى ئۆيىدە قويۇپ ، باغدا مەشرەپ ئوينايلى ،
قاشنى تەبرەتىپ قويۇپ ، يارنى قىيناپ ئوينايلى .
قىز ھەممەسى يار بولماس ، يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس ،
قىزلار كوچىدا كۆپدۇر ، قىزنى تاللاپ ئوينايلى .

## مەن ھەيران ئارسلانخان ناخشىسى

سايراڭ بولبۇلۇم سايراڭ ، شۇل گۇلنىڭ شاخى سۇنسۇن ،
يار ئايرىلمەن دەيدۇ ، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن .

بۇ ئالەمغە كېلىپ تاپقان مېنىڭكى مېھرىبانىمسەن ،
بۇ ئالەمغە روشەنى كۆڭلۈم خۇشى ئارامى جانىمسەن .
سېنىڭدەك نازىنىنلا كەلمەگەندۇر دەھرىگە ھەرگىز ،
ھەمە قىزلاردىن ئارتۇق باخىدەد شېرىن زەبانىمسەن .
ئىشىكىڭدىن قاۋۇمەن ، چۈن غولامىڭنىڭ غۇلامىمەن ،
مېنىڭدەكلەرگە شەفقەت ئەتكەلى شاھى زەمانىمسەن .
لەبى لەئلى زىلالىڭ بىزگە دۇركىم ئابى ھەيۋان ،
ئۆلۈك تەنلەرنى زەندە ئەتكەلى روھى رەۋانىمسەن .
بۇ نازىم ئېيتادۇر يۈز ئىلتىجا ئەيلەپ نىگارىغە ،
ماڭا پەندى ــ نەسىھەت ئەتكەلى بىر نۇكتەدانىمسەن .

## ئالتۇنجان ناخشىسى

قاراپ كۆزلەرىم تالدى بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن ،
نېمە مۇنچىزا بولدۇڭ ، سۆيۈپ قويغانغە ئۆلمەيسەن .
مېنىڭ مەقسەد كانىم شۇلدۇر سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم ،
ئاياغىمدا مادارىم يوق ، بارىپ باشىڭدىن ئۆرگۈلسەم .
مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمنى چىرايلىق مەشۇقۇم ئالدى ،
راست سۆزۈڭنى ئېيت يارىم ، جان كىچىككىنە قالدى .
مېنىڭ يارىم ئەجەب دانا ، ئەجەب رەئنا ، ئەجەب خۇشخۇي ،
ئاخشاملىققە مەن باراي ، ئىشىكنى تاقاماي بوش قوي .
مېنىڭ يارىم ئەجەب رەزگى ، ئۇينايدىغىنا ۋاقتى ،
ئىچىمدىكى دەردلەرىم قانغە ئۆرۈلۈپ ئاقتى .
مېنىڭ يارىم سەفەر كەتتى ، مېنىڭ مۇنداق يارىم يوق ،

كۆيەر ئوتغە سالىپ قويدى ، مېنىڭ تارتماسقە چارەم يوق .
مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان ، سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان ،
كىچەلەر تاكى مەجنۇندەك ، بېلىڭغە چىرماشىپ ياتقان .
كۆچەت تىكتىم سۆگەت بولدى ، بىر قاراڭغۇ باغ بولدى ،
يارىم قىلغان ئاھانەت يۈرەكىمغە داغ بولدى .
يارنىڭ ئىشىكى تاللىق ، شاخ - شاخى مارجانلىق ،
سېنى سۆيگەن ئاشىقلار ھەر كوچىدا ھەيرانلىق .
ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز ، يالپۇزنىڭ شاخى يالغۇز ،
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم يىغلاپ يۈرگۈدەك يالغۇز .

## ئاھ يارلار ئاي ناخشىسى

لەيلى مەجنۇن ئېگىلدى ، يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا ،
يا كېلىپ جانىمنى ئالغىل ، ياكۆڭۈل بەرگىل ماڭا .
كەت دېسەڭ سەھرا كېتەيىن ، قالدى قەشقەرىڭ ساڭا ،
ئەلىمىڭنى تولا تارتتىم ، رۇخسىتىڭ بارمۇ ماڭا .
ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ شەرەتلىشىڭدىن ئۆرگىلەي ،
تال چىبىقدەك تولغىنىپ مېڭىشلەرىڭدىن ئۆرگىلەي .
مەن كېتەر بولدۇم بۈگۈن ، ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي ،
مېھرىبانىم قايدا دەپ ، چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي .
قاراقاش بولغان بىلەن كەلمەيدۇر قاشىمغە مېنىڭ ،
بۇ مەلامەت تاغلارى سىرىلدى باشىمغە مېنىڭ .
ھەۋادا پارچە بۇلۇت يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن ئەمەس ،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ مۇرادىغە يەتكەن ئەمەس .

مەن بىلىمنى باغلادىم قىل بىلەن ۋە سىم بىلەن ،
سەن ئەقىدە باغلاساڭ ، ئۆمرۈم ئۆتەر سىنىڭ بىلەن .
يار يىراقدا ، بىز فىراقدە ، ۋەئدە يالغان بولماسۇن ،
خەلقىئالەم بىر بولۇپ يولدىن چىقارغان بولماسۇن .
ئىشىكىڭغە مەن كىلىپمەن گۈل زاراڭزا تەرگەلى ،
گۈل زاراڭزا بانە بولدى ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى .
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولەسى تۈشتى سىفىلغە سايەسى ،
خۇشماغۇ يىراق بولۇپتۇر ئىككىيلەنىڭ ئاراسى .

## لەيلۇن يارەي ناخشىسى

ئاق بوز ئاتنىڭ قۇيرۇقى يەرگە سۆرەلەمدىكى ،
ئۆزۈمنىڭ مەشۇقى بولسا ، باشىمدىن ئۆرگۈلەمدىكى .
ياخشى ئاتغە نىمىدى شەھەر يولۇڭنىڭ ئاراسى ،
ياختىدىن يۇمشاق ئىكەن ئىككى ئەمچەك ئاراسى .
ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە دىگەن يەرگە يەتمەيدۇر ،
ئەل يارىنى ماختايدۇر ، بىزنىڭ يارغە يەتمەيدۇر .
تورۇق ئاتدا تورۇق بار ، ئاق بوز ئاتدا قورۇق بار ،
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىل ، قىيامەتدە سوراق بار .
ئاتلارىڭنىڭ ئىچىندە مىنگۈدەك ئىتىڭ بارمۇ ،
يىنىپ ئارقاڭغا قارايسەن ، يارغە بىر گىپىڭ بارمۇ .
ئاتنى ئوينىتىپ چىقتۇق قورغاسىنىڭ غولى بىرلەن ،
ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا ھەر ئىشنىڭ يولى بىرلەن .
ئىتىمنى توقۇپ قويۇپ ، ئاتنى مىندىم قايرىلدىم ،

دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ مەن يارىمدىن ئايرىلدىم .
ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم شىۋىرغان يامان قاردا ،
باشىمغە ھەر بالا كەلسە ، خىيالىم تەخى ياردا .
سەن ئاتىڭنى ئويناتىپ دۈشمەنلەرغە بات قىلمە ،
سەن يارىم مېنى دېسەڭ ، بۆلەك يارنى ياد قىلمە .
ياخشى ئاتنى مىنگەندە ، ئالدىم قولۇمغە قامچى ،
يارىمغە ياراشىپدۇر پوپۇش بىلە تىزلامچى .
ئاتنى ساتماسام بولماس ، دەردنى تارتمىسام بولماس ،
پۇلۇم يوق دېگەن بىرلەن ، خوتۇن ئالماسام بولماس .
يامغۇرلار تولا ياغسا ، ئۆيدىن ئۆتەدۇر تامچى ،
مەن يارنى سېغىنغاندا پۇتۇم ئات ، قولۇم قامچى .

## يارەي ناخشىسى

ۋاي ، ئاتلارىڭنى ھايدامىسىز مۇز داۋان بىرلەن ،
ۋاي ، بىر ياخشىنى قىينامىسىزلەر بىر يامان بىرلەن .
ۋاي ، بارادۇرمىز ، ياناۋدۇرمىز ، ياخشى قالىڭلار ،
ۋاي ، ئېگىز داۋان ئاشادۇرمىز ، شوتا سالىڭلار .
ۋاي ، ئۇ تاغىڭدىن بۇ تاغىڭغە قۇرغۇي سالىشتۇق ،
ۋاي ، قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك كۆڭۈل ئالىشتۇق .
ۋاي ، قىزىل - قىزىل قىياقلىقدا ، قىينالدىم سىزگە ،
ۋاي ، قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك ئېگىلدىم سىزگە .
ۋاي ، قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر ئالەمنىڭ ئۇچى ،
ۋاي ، بۇ ئالەم بىر كوھنە رابات ، بىز يول ئۆتكۈچى .

ۋاي ، ئاربانىدىن نېرى دوستلار ، ئىككەن بۇغدايىم ،
ۋاي ، بىر ياخشىنى بىر يامانغە قوشقان خۇدايىم .
ۋاي ، سىم ـ سىم دەيدۇر ، سىم ـ سىم دەيدۇر ، سىم ـ
سىم قوينۇمدا ،
ۋاي زەررە گۇناھ مەندە بولسە ، قىلىچ بوينۇمدا ،
ۋاي ، ئۇيان ئۆتۈپ ، بۇيان ئۆتۈپ تىشىڭغە تېگەي ،
ماڭا قويغان ئالماڭىزنى ئايلاڭىز يېگەي .
ۋاي ، ئۇقاتدا سەن ، بۇ قاتدا مەن ، قاچان كۆرەرمەن ،
ۋاي ، خۇدا بەرسە سېنى يارىم ، بىر كۈن سۆيەرمەن .

## ئاللا يەي ناخشىسى

ئاسماندىكى ئۈچ ئۆردەك ، ئۈچۈلىسى ھەم بىردەك ،
كىچىككىنە يارىم بار ئاچىلمىغان قىزىل گۈلدەك .
يار بولسە ياراشقۇدەك ، دۈشمەنلەر ماراشقۇدەك ،
ئۆزى ئۈيقۇدا تۇرۇپ ، ئويغانىپ كۆز ئاچقۇدەك .
يار يالغۇز ياتامدىكىن ، مەن بارسام قاتامدىكىن ،
خۇشما تولا ساغىندىم ، خىيال قىلىپ ياتامدىكىن .
ئاخشاملىققە يار كەلسە ، بىر بەلگە ئېلىپ قالسام ،
ھەرگىز تۈيماسۇن دۈشمەن ، يارنىڭ كەلمەكى ئاسان .
يار دەردى يامان ئىكەن ، ئۆرە بولالمايمەن ،
باراي دېسەم يول يىراق ، ۋەقتىدە كۆرەلمەيمەن .
بۇگۈن كېچە تۈش كۆرسەم ، تۈشۈمدە مەيدەم ئاغرىپدۇ ،
يار مەندىن يامانلاپدۇ ، نېمەدىن كۆڭلى ئاغرىپتۇ .

يار بار مەلىگە بارسام يۈرەكىم پوكۇلدايدۇ ،
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ خۇشماغۇ كوتۇلدايدۇ .
بۇگۈن كېچە تۇش كۆرسەم ، تۇشۇمدە يولغە بارغۇم بار ،
قولۇمغە پىچاق ئېلىپ ، يۈرەكىغە سالغۇم بار .
قولىغە پىچاق ئالغان ئوغۇل بالالىق ئېرمەس ،
ئاشىق تۇتقان ئەرلەرما پىچاقىغە بوي بەرمەس .
يانىمغە پىچاق ئاستىم ، ئانىڭ چوكاسى دەندان ،
ئويناماساڭ ئويناما ، سىنىڭدەك چوكان چەندان .
ياغاچ پىچاق ئاسقانلار بازارغە كېلەلمەيدۇ ،
يالغۇز بىر پىچاق بىرلە چوكاننى ئالالمايدۇ .
پىچاقنى سالاي دېسەم ، يارىم قولۇمنى تۇتتى ،
ئەگمە قاشىنى ئاتىپ ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتتى .
سارغارغان سۆگەتلەرنىڭ سايەسى بولامدىكى ،
يارغە كۆيگەن يۈرەكىنىڭ تازاسى بولامدىكى .
ئاق يارغا ساراي سالدىم ، مەخمەل بىرلە ياپتۇردۇم ،
سەپەر كەتكەن يارىمنى خۇدايىمغە تاپشۇردۇم .

## دوستلارىم يەي ناخشىسى

كەپتەر تالۇكەپتەرتال ، كەپتەر تالدا كەپتەر بار ،
كەپتەرىڭنى بەرمىسەڭ ، جانىڭ قۇرۇپ ئۆلۈپ قال .
يارىنىڭ يانىدا باغدا بۇلبۇل تولا سايرايدۇ ،
خۇدا قوشقان كۆڭۈلنى دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ .
هاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ ، ئۆگزىسىدە قار بارمۇ ،

ئالەمنى كېزىپ كەلدىم، سەندەك ياخشى يار بارمۇ.
ئالتە شەھەردە بارمۇكىن سەن يارىمدەك ئاي چىراي،
ئىلاندەك تولغىنىپ چىقساڭ، قايداق سەندىن ئايرىلاي.
ئالتۇن بىرلە رەئنانى مەن يارغا تۇتاي دەرمەن،
مەي بولسا خەرىدارى، بىر قەترە يۇتاي دەرمەن.
ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ باشىدا تۇماغاسى،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ يارىم، جانىڭىنىڭ سادىغاسى.
قىز بالا دېگەن نەرسە، تاۋار ئەڭىنىنى كەيسە،
بويىنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ شېرىن لەبىغە سۆيسە.
ئاخشامى قاراڭغۇدا كۆرۈنەر چىراغ ئوتى،
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم، قورقىمەن كىشى يۇرتى.
چاچىڭ نېمە ئۆسمەيدۇر، تارامايسەن ئۆسمەيدۇر،
يارىڭ نېمە كەلمەيدۇر، چىللامايسەن كەلمەيدۇر.
قىزىل گۈل ئىشتىمەيدۇ بۇلبۇلنىڭ ساداسىنى،
ئۆلسەم ئارمانىم يوقتۇر بىر كۆرسەم جامالىنى.
بۇلبۇل قوندۇرما باغىڭغا، مېنى كۆيدۈرمە داغىڭغا،
ئەتلەس كەمزۇل ياراشىپدۇر سېنىڭ نازۇك جامالىڭغا.
ئۇچاڭدىكى پەشمەتنى بىر يىللىق بولا دەمسەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن، ئايرىلسا ئۆلە دەمسەن.

## نازىرگۈل ناخشىسى

يارىمنىڭ بويى زىبا، زىبا بويىدا گۈل بار،
شېرىن سۆزلەرى تاتلىق، ئايدەك يۈزىدە خال بار.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز ، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز ،
يوقمىدى ئۇياتىڭىز ، زار ـ زار يىغلاتتىڭىز .
قۇشقاچلار جىبىرلايدۇ ، قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ ،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ .
چىلان باغقە كىرمەيمەن ، چىلان باغدا ئىلان بار ،
يار قاشىغە بارمايمەن ، يارنىڭ بۆلەك يارى بار .
دەرۋازاڭ ئەجەب يوغان ، ئىلىپ قويغالى بولماس ،
كىشىنىڭ قولىدا يارىم ، سۆيۈپ قويغالى بولماس .
ئىشىكنى قىيا ئاچقىل ، يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئالاي ،
قۇلاقىڭدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئاغزىڭغە سۆيۈپ ئالاي .
ئىشىككە چىقىپ ئاپسەن ، سەن كۆزۈڭنى ئويناتىپ ،
سىنىڭ بىر خىيالىڭ بار ، مەن غىرىبنى قاقشاتىپ .
يارنىڭ باغىغە كىرىپ ئۆرۈك ئىرغىتاي يارىم ،
ئۆرۈك ئۈچىدا تۇرۇپ ، سىنى يىغلىتاي يارىم .
كۆيۈپ كۇل بولماغاي ئەردىم ، يانىپ ئوت بولماغاي ئەردىم ،
ساڭا بەرمىسەم كۆڭۈل ، مۇنچە بولماغاي ئەردىم .
كۆرۈنگەن قارا تاغدا ئات قانىدا ياغدى قار ،
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم ، كىچىكلىكدە تۇتقان يار .
كۆرۈنگەن قارا تاغلار ، ئارقاسى ئانىڭ باغلار ،
بىزنىڭ كىچىك باللار ، بىلىغە دۈردۈن باغلار .
مەن باغىڭنىڭ تاشىدە ، سەن باغىڭنىڭ ئىچىندە ،
سەندەك نەچچە چوكانلار رومالىمنىڭ ئىچىندە .
ئورماڭىزنى مەن ئوردۇم ئۈنچەڭىزنى سايلاماي ،
يانىڭىزدا يار تۇتتۇم ئوتۇڭىزغە پايلاماي .
شەھەردىكى بايلارنىڭ ئىككىدىن سارايى بار ،
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ ئالتۇندەك چىرايى بار .

## ئولتۇرسا قوپالمايدۇ ، قوپسا ئولتۇرالمايدۇ ناخشىسى

ئۆگزەڭگە ئىلان چىقتى ، يەلپۈنۈپ چوكان چىقتى ،
كېڭەشنى پىشارغاندە ، ئىسمائىل دۇگان چىقتى .
چىبجىقچە مېنىڭ جانىم ، نەچچەڭگە بۆلەي خانىم ،
نەچچەڭگە بۆلۈپ كەلسەم ، يەتمەيدۇر مېنىڭ جانىم .
يان يەرگە ساراي سالدىم شامال كەلسە دالدا دەپ ،
ئارزۇلاپ سېنى سۆيدۈم قىز چوكاننىڭ ئالدى دەپ .
ئۆيىمىز شامالباغدا ، بارسىلا تاپالاملا ،
ئىشىك باشىدا ئاچقۇچ ، كىلتاڭنى ئاچالاملا .
دەريا بويى قومۇشلۇق ، ئېنىڭ تۆبىدە قوراي ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم ، ئېرىڭ بارمۇكىن سوراي .
سېرىق سەچەك سايدا بار ، سىزدەك چوكان قايدا بار ،
سىزدەك چوكاننى سۆيسەك ، قىيامەتتە پايدا بار .
ئورۇس ياساغان ساندۇق ، جانىم سىزگە تەسەددۇق ،
ئىشلەتسەڭىز مىڭ كۆڭلۈك ، سېتىپ يېسەڭ بىر كۆڭلۈك .
مېنى مۇندا قويامسەن ، ئۆزۈڭ ئاندا بارامسەن ،
ئاتام سالغان باغچاڭدا ئويناتقالى قويامسەن .
ئاسماندا ئۇچۇپ كەتكەن بىر يالغۇز قارا قارغە ،
باساڭلا سالام دەڭلا بىزنى سوراغان يارغە .
كېچە بولسە ياتمەيمەن ، پەنجىرەڭدىن پاتمايمەن ،
راست گېپىڭنى ئېيتمامسەن ، سېنىڭ دەردىڭنى تاتمايمەن .
باي توقاينىڭ يولىدا ئالا ئۆردەك ئىزى بار ،

ئۇنبەشى ئاكام ئۆيدە ئوتتۇز ياشىدا قىزى بار .
سىز مېنى كىچىك دېمەڭ ، سەكرەپ سۆيىمەن قىزنى ،
ھەرقانچە كىچىك بولسام ، ئوتقا سالىمەن سىزنى .

يۇقىرىقى ناخشىلارغا سېلىنغان تېكىستلەرنىڭ مولل‍ۇقىدىن بىز ئەينى يىللاردىكى خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە خېلىلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز . باتۇر ئەرشىدىنوف بۇ ناخشىلار ئىچىدىكى يىگىرمە ئىككى ناخشىني بىلال نازىم (موللا بىلال ) ئۆزىنىڭ نازىم تەخەللۇسلۇق شېئىرلىرىغا ئىشلىگەن ئىجادىي ناخشىلار[1] دەپ قارايدىكەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇگۇنكى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ بىلال نازىمنىڭ خەلق قوشاقلىرى تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن نۇرغۇن شېئىرلىرى ئۇچرايدۇ .

خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى تاللاش ۋە بېكىتىشتە شۇ تېكىستلەرنىڭ تىل تاۋۇش ، بوغۇملىرىنىڭ شۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا راۋان چۈشۈشىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىللە بىللەن ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، بەدىئىي جەھەتتىكى نەپىسلىكىگە بەكمۇ دىققەت قىلىش كېرەك . ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش ، تارىخىي ناخشىلارغا جەزمەن ئۆز تېكىستلىرى سېلىنىشى لازىم . گەرچە ناخشىچىلار ناخشا ئېيتقاندا بىر ناخشىغا بىر ياكى بىر ـ ئىككى كۇبلېتلا تېكىست ئىشلىتىدىغان بولسىمۇ ، ئىككىنچى كىتابقا ناخشا تېكىستلىرىنى بەرگەندە ، ناخشىچىلارنىڭ تاللاپ ئېلىشىغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، شۇ ناخشىنىڭ تارىختىن

[1] باتۇر ئەرشىدىنوف : «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، 247 ـ بەت .

بىرى ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان، مەشھۇر ناخشىچىلار شۇ ناخشىلارنى ئېيتقاندا ئىشلەتكەن ياكى شۇ ناخشىغا كۆپرەك سىلىنىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان تېكىستلەرنىڭ ئىچىدىن سەرخىللىرىنى تاللاپ بەرگەن ياخشى.

## 2. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇش تەرتىپى مەسىلىسى

ئىلى خەلق ناخشىلىرى يۇرۇشلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەربىر يۇرۇشنىڭ قانداق نام بىلەن ئاتىلىشى، ھەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىش تەرتىپى قاتارلىقلارنى تۈراقلاشتۇرۇش — كېلەر قېتىم يېزىلىدىغان «ئىلى خەلق كلاسسىك ناخشىلىرى ئىككىنچى كىتابى»نىڭ ھالقىلىق مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇشلىرى قايسى بىر ناخشىچىنىڭ شەخسىي خاھىشى ياكى كىملەرنىڭدۇ ياخشى كۆرۈشى بىلەن شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشتىكى بىر - بىرىگە يېقىنلىقى بىلەن تەبىئىي بىرلىككە كەلگەن تەرتىپ. بىر يۇرۇشتىكى ناخشىلارنىڭ باشلىنىش، ئاخىرلىشىش ئۇقتىلىرى، كۆي تىپى، ئاھاڭ خاراكتېرلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بەزى ناخشىلارنىڭ ئاياغلىشىشى يەنە بەزى ناخشىلارنىڭ ئۆزىگە تەبىئىي ئۇلىنىپ كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئومۇمەن ناخشا - مۇزىكىچىلىرىمىز ھازىر ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئون ئىككى يۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشتى. ئەمما، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ھەرگىزمۇ بىر كۈندىلا

ئون ئىككى يۇرۇش بولۇپ شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس . كىتابى-
مىزنىڭ يۇقىرىقى بابلىرىدىن كۆردۇقكى ، ئىلى خەلق ناخشىلى-
رىنىڭ بۈگۈنكى يۇرۇشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق بىر تارى-
خىي جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . ئەڭ دەسلەپتە خەلق ناخشى-
چىلىرى بۇ ناخشىلارنى ئايرىم - ئايرىم ئېيتقان ، كېيىن بىر -
بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىش شەكلىنى تاپقان . بارا - بارا ناخشا يۇرۇش-
لىرى بارلىققا كېلىپ ، ھەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلار مۇقىملى-
شىپ بارغان . ناخشىلار تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى ، خەلق ناخ-
شىچىلىرى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى تۆت - بەش يۇرۇش قىلىپمۇ
ئېيتقان ، ئون - ئونبەش يۇرۇش قىلىپمۇ ئېيتقان .
مۇزىكا تەتقىقاتچىمىز مۇساجان روزى : «مېنىڭچە ، كلاس-
سىك ئىلى خەلق ناخشىلىرى 60 دىن ئاشمايدۇ ، بۇ ناخشىلار
توققۇز يۇرۇش بولۇپ ئېيتىلغان ، كېيىن قالغان ناخشىلار قېتى-
لىپ ئۈچ يۇرۇش بولۇپ ، ئون ئىككى يۇرۇشكە يېتىپ باردى»
دەيدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، زىكرى ئەلپەتتامۇ : «كونا ناخشى-
لىرىمىز 80گە يەتمەيدۇ» دېگەن ئىكەن .
ۋېلىبايىنىڭ ئوغلى جالام بايۋەچچە 1910 - يىللىرى ئەتراپى-
دا ، يەتتىسۇ تەۋەسىدە «كۆك كۆينەكلەر» سەنئەت كۇرژۇكىنى
قۇرغان . بۇ ئۆمەككە جەم بولغان سەنئەتچىلەر ئىلى خەلق ناخشى-
لىرىنى بىر قېتىم رەتلىگەن ئىكەن . باتۇر ئەرشىدىنوف : ھازىر
ئىلىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ۋادەرىخا» ، «لەيلۇن 1» ، «لەي-
لۇن 2» ، «ئۆسەك» ، «كوچا ناخشىسى» قاتارلىق بىر قانچە
يۇرۇش ناخشىلارنى ئەنە شۇ قېتىمكى رەتلەشنىڭ مەھسۇلى ، دەپ
قارايدىكەن . ئاتاقلىق چالغۇچىمىز ھۇسەنجان جامى : «ئىلى خەلق

ناخشىلىرىنى بۇگۈنكىدەك تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۆتكەن ئە-
سىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن ، يەنى سانائىنەپسەگە ئىلىدى-
كى سەرخىل سەنئەتچىلەر جەملەنگەندە باشلانغان بولۇشى مۇم-
كىن » دەيدۇ . يەنە بىر پىشقەدەم چالغۇچىمىز ھۇسەنجان ھەسەن :
«ئىلى خەلق ناخشىلىرى 80 ئەتراپىدا ، ئىجادىي ناخشىلارنى قوش-
قاندا 95 گە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن . كېيىن قېتىلغان ئىجادىي
ناخشىلارنىڭ سەۋىيىسىمۇ خەلق ناخشىلىرىدىن قېلىشمايدۇ .
1954 ـ يىللىرى ئىلى تىياتىرىدا مۇزىكا كۇرسى ئويۇشتۇرۇلۇپ
روزى تەمبۇر مۇقام ، زىكرىكام خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن .
شۇ قېتىمدا بىر رەتلەش ئېلىپ بېرىلىپ ، ناخشىلار يۈرۈشلىرى
بويىچە ئېيتىلىدىغان بولغان ، تېكىستلەرنى مۇقىملاشتۇرغان ،
ھەممە ناخشا ئون ئىككى يۈرۈش قىلىنغان . بەزى يۈرۈشلەردە
تۆت ـ بەش ناخشا ، بەزى يۈرۈشلەردە ئون نەچچە ناخشا بار ئىدى »
دەيدۇ . ھۇسەنجان جامى يەنە : «ناخشا ـ مۇزىكىچىلىرىمىز بەزىدە
خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتاتتى ،
بەزىدە مۇقام مۇقەددىمىسىنى ئېيتىپ ، ئارقىدىن شۇ مۇقام ئاھا-
ڭىغا ياندىشالايدىغان خەلق ناخشىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپمۇ
ئېيتاتتى » دەيدۇ .

مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى
ئۇلاپ ئېيتىدىغان بۇ شەكىلنىڭمۇ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن . بەزى
تەتقىقاتچىلار بۇ شەكىلنى «ئىلىنىڭ يەرلىك خەلق مۇقامى » دەپ
قارايدۇ . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنى-
سى » دېگەن كىتابىدا : «ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى بىلەن ئۇيغۇر
كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەلنەغمە (فولكلور ) ۋە كلاسسىك

نەغمە تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرنى شەكىللەندۈرۈپ تۇر-
ماقتا... كلاسسىك سەنئەت ئۈچۈن ھەقىقىي ھايات بۇلىقى خەلق
سەنئىتىدىن ئىبارەت. خەلق سەنئىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى بەرق
ئۇرۇپلا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭدا كلاسسىك كامالەت مۇمكىنچىلىكى
ساقلانغان بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.[1] باتۇر ئەرشىدىنوف «ئون ئىك-
كى مۇقام ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا: «مۇقامچىلىق كەسپىنى
ئىككى مەكتەپكە ئاجرىتىمىز. ئالدىنقىسى خەلق مۇزىكىلىرى
ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاددىي - ساددا مۇقاملار بولسا، كېيىنكىسى
كەسپىي مۇزىكانتلار ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ مۇرەككەپ ۋە ئېغىر
ئۆلچەمدىكى مۇقاملاردۇر... يەرلىك مۇقاملار خەلق مۇقامىغا كى-
رىدۇ. ئۇنىڭدا شېئىرىيەتنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى قوشاق ۋە
بېيىتلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. كلاسسىك مۇقاملارغا شېئىرىيەت-
نىڭ كلاسسىك تۈرى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرخىل بەھرلىرىگە
مەنسۇپ غەزەل، مۇخەممەس، مۇرەببە شەكىللىرى ئىستېمال
قىلىنىدۇ... كلاسسىك مۇقاملار قارىماققا خەلقتىن يىراقتەك
تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزى تۇغ-
دۇرغان ئالىي شەكلى» دەپ كۆرسىتىدۇ.[2] باتۇر ئەرشىدىنوف-
نىڭ يەنە شۇ كىتابتا يېزىشىچە، مۇقامنىڭ ئىلى كلاسسىك
ناخشىلىرىدىن تۈزۈلگەن بۇ كونا تۈرى 1974 - يىلى تاشكەنتتە،
ئاتاقلىق سازەندىلەردىن مەتتاھىر ھەسەن، نۇرمۇھەممەت ناسىر،
غوپۇرجان قادىر ھاجىيوف (غوپۇر دىڭخۇلۇ)، سۇلتانمۇراتلار-
نىڭ ئىجراسىدا لېنتىغا ئېلىنغان. بۇ نۇسخىنىڭ تېكىستلىرى

---

① «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 323 -، 325 - بەتلەر.
② «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، 30 - بەت.

1987 ـ يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» كىتابىدا سەككىز يۇرۇش شەكلى بويىچە بېرىلگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

**I «راك» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۇرۇش**

1. «راك» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2. گۇلشەدىخان
3. ئاخېنىم داگەنزىدە
4. ئاخېنىم شەرۋانىخان
5. ئاق بېلىق
6. نودەركام ‹1›
7. نودەركام ‹2›
8. نودەركام ‹3›

**II «چەببايات» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۇرۇش**

1. «چەببايات» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2. كىچىك خانلەيلۇن
3. چوڭ خانلەيلۇن
4. خانلەيلۇن
5. گۇلمەشۇق
6. غېرىپلىق ناخشىسى
7. هەي نادان
8. مەن قانداق قىلاي يارىم

Ⅲ «مۇشاۋەرەك» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۈرۈش

1 . «مۇشاۋەرەك» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ئايارىمەي
3 . گۈللەيلۈن
4 . سادىر ‹3›
5 . لەيلىخان
6 . ئانارخان يارگۈلۈم
7 . ئالتۈنۈم
8 . گۈلمەشۇق (گۈليار ياريارەي)

Ⅳ «چارىگاھ» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۈرۈش

1 . «چارىگاھ» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم
3 . گۈلشەدىخان
4 . شازادىخان
5 . جېنىم - خېنىم
6 . ئايارەي

Ⅴ «پەنجىگاھ» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۈرۈش

1 . «پەنجىگاھ» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ۋادەرىخا ‹1›
3 . ۋادەرىخا ‹2›

4 . ۋادەرىخا ‹3›
5 . ۋاي داغ - ئەلەم
6 . ئاھ يارەي
7 . گۇليار
8 . يار - يارەي
9 . كۆك قۇمۇش

**Ⅵ «ئۆزھال» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يورۇش**

1 . «ئۆزھال» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . دەردى ھۇسىيىن ‹1›
3 . دەردى ھۇسىيىن ‹2›
4 . جانەي
5 . يالارەي
6 . جىنىم ئايارەي
7 . ئەۋرىشىم
8 . مەستۇن ھەيران

**Ⅶ «ئۇششاق» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يورۇش**

1 . «ئۇششاق» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ئاھ ھېكىم
3 . ئايەي
4 . يار سىنىڭ دەردىڭ يامان
5 . جۇنۇن

6 . خىۋار يىگىياڭ
7 . گۈلزارەي (گۈلى غۇنچە)
8 . ناسىرگۇم

## VIII «ناۋا» مۇقامى مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدىغان يۇرۇش

1 . «ناۋا» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ئۆسەك (ئاللىيەي يار ـ يارەي)
3 . ئۆسەك ‹2›
4 . ئۆسەك ‹3› (ئۆرگىلەي)
5 . ئايارەي (هەي دادەي)

يۇقىرىدىكى سەككىز يۇرۇشكە مۇقام مۇقەددىمىلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا جەمئىي 52 ئىلى خەلق ناخشىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

بىز دە هازىرغىچە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى يۇرۇشلىرى بويىچە نوتىغا ئېلىپ تۈزۈلگەن كىتابتىن ئىككىسى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى : بىرى ، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ 1976 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنغان ناخشىلىرى ئاساسىدا ئابلىكىم ئابدۇللا ، تۇرغان شاۋۇدۇن قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەقەملىك نوتا بىلەن تۈزۈلگەن ، 1987 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتاب . يەنە بىرى ، ئاتاقلىق مۇزىكانت غىياسىدىن بارات ، ئابدۇكېرىم ئوسمانلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ، 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز

قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتاب .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرى ئاساسىدا نوتىغا ئې-لىنغان ئالدىنقى كىتابتا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇشلىرى ۋە ھەربىر يۇرۇشلەر ئىچىدىكى ناخشىلارنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە بېرىلگەن :

I **ئۆستەڭ ناخشىسى يۇرۇشى**

1 . ئۆستەڭ ناخشىسى
2 . بىز ئاتلاندۇق
3 . ۋاڭخۇلۇ
4 . جۇنۇن
5 . جۇخار يىگىياڭ
6 . جانان قىز
7 . ئالتۇن بىلەن رەنا
8 . يىپەك رومال

II **گۇلەمخان يۇرۇشى**

1 . گۇلەمخان
2 . سىپىل ناخشىسى
3 . كۆچ - كۆچ
4 . دەردۇ ھۇسىيىن
5 . سادىر ‹1›
6 . سادىر ‹2›
7 . سادىر ‹3›

III ئورما ناخشىسى يۈرۈشى

1 . ئورما ناخشىسى
2 . نۇزۇگۇم
3 . لەيلىخان ـ ئانارخان
4 . چىن مودەن
5 . مودەنخان
6 . ئالتۇنجان

IV كوچا ناخشىسى يۈرۈشى

1 . كوچا ناخشىسى ‹1›
2 . كوچا ناخشىسى ‹2›
3 . جانەي
4 . مەستۇنە ھەيران
5 . نىگارىمسەن ‹1›
6 . نىگارىمسەن ‹2›
7 . ئەۋرىشىم

V خانلەيلۇن يۈرۈشى

1 . كىچىك خانلەيلۇن
2 . چوڭ خانلەيلۇن
3 . خانلەيلۇن
4 . گۇلمەشۇق
5 . نودەركام ناخشىسى
6 . كىچىك ئايلىخان

7 . كىچىك ئالتۇنۇم
8 . گۈليار

VI دەردىڭ يامان يۈرۈشى
1 . دەردىڭ يامان
2 . يار سېنىڭ دەردىڭ
3 . يار سېنىڭ دەردىڭا
4 . داگەنزىدە
5 . شەرۋانىخان
6 . ئاق بېلىق
7 . ئۇيىنىۋالاي ئايلىخان

VII ئاھ يارىمەي يۈرۈشى
1 . ئاھ يارىمەي
2 . گۈللەيلۈن
3 . مەيگە چۈشكەن بىلەن
4 . بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى
5 . نادان ‹1›
6 . نادان ‹2›

VIII ھەي ـ ھەي نادان يۈرۈشى
1 . ھەي ـ ھەي نادان
2 . شازادىخان
3 . چوڭ ئا يارەي

## IX گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم يورۇشى

1. گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم
2. گۈلشەدىخان
3. جېنىم ـ خېنىم
4. غەم ـ قايغۇ ‹1›
5. غەم ـ قايغۇ ‹2›
6. ئاھ ئۇرارمەن
7. ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدا

## X ۋادەرىخا يورۇشى

1. ۋادارىخا ‹1›
2. ۋادەرىخا ‹2›
3. ۋادەرىخا ‹3›
4. ۋادەرىخا ‹4›
5. دەرد ـ ئەلەم
6. گۈليار
7. كۆك قۇمۇش

## XI ئۆرگىلەي (ئۆسەك) يورۇش

1. ئۆرگىلەي ‹1›
2. ئۆرگىلەي ‹2›
3. ئۆرگىلەي ‹3›
4. ئۆرگىلەي ‹4›
5. ئەرزىم دادەي
6. ئەرزىم

XII **لەيلۇن يۇرۇشى**

1. كىچىك لەيلۇن
2. چوڭ لەيلۇن
3. گۇلزارەي
4. تاغلار ئارا
5. ئېتىم بوز ئات
6. چوڭ ئالتۇنۇم

ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئۆزىنىڭ بۇ ناخشا ئېيتىش تەرتىپىدە هەربىر يۇرۇشلەرنىڭ بېشىنى مۇقام مۇقەددىمىلىرى بىلەن باشلىمىغان، هەربىر يۇرۇشنىڭ هەربىرىگە يەتتە ـ سەككىزدىن، ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچتىن ناخشا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئون ئىككى يۇرۇشتە جەمئىي 78 ناخشا ئېيتقان.

غىياسىدىن بارات بىلەن ئابدۇكېرىم ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتابتا غىياسىدىن بارات بارلىق يۇرۇشلەرنىڭ بېشىنى مۇقام مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرۇشلەرگە ناخشا ئورۇنلاشتۇرۇشى تۆۋەندىكىچە بولغان:

I **خانلەيلۇن يۇرۇشى**

1. «راك» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2. كىچىك خانلەيلۇن
3. چوڭ خانلەيلۇن
4. خانلەيلۇن

5 . گۈلمەشۈق
6 . نودەركام

## Ⅱ لەيلۈن يۈرۈشى

1 . «چەبباياتە» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . لەيلۈن ‹1›
3 . لەيلۈن ‹2›
4 . ئەي نادان
5 . نادان
6 . يار سېنىڭ دەردىڭا
7 . داگەنزە
8 . شەرۋانىخان

## Ⅲ دەردىڭ يامان يۈرۈشى

1 . «مۇشاۋەرەك» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى
2 . باغلار ئارا
3 . دەردىڭ يامان
4 . ئاق بېلىق
5 . ئاھ خەلقىم
6 . تالى دەيدۇ
7 . مودەنخان
8 . ئالتۇنجان
9 . قادىر مەۋلان
10 . يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ
11 . مەن كېتەر بولدۇم

### IV گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم يۈرۈشى

1. «چارىگاھ» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى
2. گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم
3. گۈلشەدىخان
4. شازادىخان
5. جېنىم - خېنىم
6. ئانارخان ‹1›
7. ئانارخان ‹2›
8. چوڭ ئايارەي

### V كوچا ناخشىسى يۈرۈشى

1. «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى
2. كوچا ناخشىسى ‹1›
3. كوچا ناخشىسى ‹2›
4. جانەي
5. نىگارىمسەن ‹1›
6. نىگارىمسەن ‹2›
7. ئەۋرىشىم
8. مەستۇن ھەيران

### VI گۈلەمخان يۈرۈشى

1. «ئۆزھال مۇقامى» مۇقەددىمىسى
2. گۈلەمخان ‹1›
3. گۈلەمخان ‹2›
4. ئۆستەڭ ناخشى

5 . كۆچ ـ كۆچ
6 . سېپىل ناخشىسى
7 . دەردى ھۇسىين
8 . سادىر ناخشىسى ‹1›
9 . سادىر ناخشىسى ‹2›
10 . سادىر ناخشىسى ‹3›

## VII ئاھ يارىم گۈللەيلۈن يۈرۈشى

1 . «ئەجەم» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ئالۋاڭ ناخشىسى
3 . ئاھ يارىمەي ‹1›
4 . ئاھ يارىمەي ‹2›
5 . گۈللەيلۈن
6 . مەيگە چۈشكەن بىلەن
7 . ئايلىخان — ئانارخان
8 . كىچىك ئالتۇنۇم
9 . گۈليار

## VIII بىز ئاتلاندۇق يۈرۈشى

1 . «ئۇششاق» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . غېرىبىم ئانام
3 . بىز ئاتلاندۇق
4 . جۇنۇن
6 . بارغانىمدا ياز بولۇپتۇ
7 . جانان قىز

8 . ئالتۇن بىلەن رەنا

9 . گۇلزارەي

## IX ۋادەرىخا يۇرۇشى

1 . «بايات» مۇقامى مۇقەددىمىسى

2 . ۋادەرىخا ‹1›

3 . ۋادەرىخا ‹2›

4 . ۋادەرىخا ‹3›

5 . ۋادەرىخا ‹4›

6 . ۋادەرىخا ‹5›

7 . ۋادەرىخا ‹6›

8 . گۇليار ‹1›

9 . گۇليار ‹2›

## X ئۆرگىلەي يۇرۇشى

1 . «ناۋا» مۇقامى مۇقەددىمىسى

2 . ئۆرگىلەي ‹1›

3 . ئۆرگىلەي ‹2›

4 . ئۆرگىلەي ‹3›

5 . ئۆرگىلەي ‹4›

## XI يار سىنىڭ دەردىڭ يامان يۇرۇشى

1 . «سىگاھ» مۇقامى مۇقەددىمىسى

2 . قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم

3 . ھارۋىكەش ناخشىسى

4 . ۋاڭخولو
5 . لوتپوللا
6 . كېتەر بولدۇم
7 . ئاھ ھېكىم
8 . مەن بۈگۈن
9 . چوڭ ئانارخان
10 . ئايەي

## XII ئاھ ئۇرارمەن يۈرۈشى

1 . «ئىراق» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . ئاھ ئۇرارمەن ‹1›
3 . ئاھ ئۇرارمەن ‹2›
4 . پەرەنجە
5 . ئېچىلغان گۈل
6 . ئايدەك جامالىڭ ‹1›
7 . ئايدەك جامالىڭ ‹2›
8 . سەرۋازا

## XIII ئىجادىي ۋە خەلق ئاھاڭلىرى يۈرۈشى

1 . «رۇخسار» مۇقامى مۇقەددىمىسى
2 . داپ نەغمىسى
3 . ئەرزىم
4 . ئەرزىم دادەي
5 . مېنى ھەر زامان
6 . ئۆرگەلدى پەلەك

7 . ياردىن ئايرىمىسۇن

XIV ئىلى سەنىمى يۇرۇشى

1 . يۆلەن
2 . هاي ـ هاي يۆلەن
3 . ۋاي يار سەنەم
4 . مەستۇن هەيران
5 . يۇزۇڭ بىر ئاي
6 . شەھىرىڭدە خۇمار
7 . بىر كۆرۈپ سېنى يارىم
8 . ئۇكىجان ئېتىڭ ئامانمۇ
9 . يەللە دوست
10 . يار ساڭا مەيلىم بار
11 . سۇۋار
12 . شامۇ سەھەر
13 . چىم ـ چىم ئەتتىم
14 . ئاق لەيلى
15 . قارا ـ قارا قاشلىرىڭ
16 . يارىم ـ يارىم دوست

غىياسىدىن بارات بىلەن ئابدۇكېرىم ئوسمان تۈزگەن بۇ كىتابتا ئاپتورلار تەرىپىدىن بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى مەقسەت تونۇشتۇرۇلۇپ : «ئون ئىككى مۇقام بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش مۇددىئاسى بىلەن ئون ئىككى يۇرۇش ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئون

ئىككى مۇقام تەرتىپى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قانۇنىيەت سىستېمى-سى بويىچە خەلقئارالىق نوتىغا ئېلىنىپ ، ئون ئىككى مۇقام رەت تەرتىپىنى ئاساس قىلغان هالدا يۇرۇشتۇرۇلدى . ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئاهاڭ ۋە مەزمۇن جەهەتتىن يۇرۇشلەشتۇرۇشتە ئون ئىككى مۇقام بىلەن چەمبەرچەس باغلاشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەقسەت نەزەردە تۇتۇلدى . » دېيىلگەن . ئون ئىككى مۇقام بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى راست . ئەمما ، خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇشلىرىنى زورمۇزور كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا ئوخشىتىپ قويۇشنىڭمۇ هاجىتى يوق . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ئىلى خەلق ناخشى-لىرىنى ئون ئىككى يۇرۇش قىلىپ ئەمەس ، ئون ئۈچ يۇرۇش ، هەتتا ئىلى سەنىمىنى قوشۇپ ئون تۆت يۇرۇش قىلغان . مۇقام-لارنىڭ مۇقەددىمىسىنى هېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ كىتابقا 111 ناخشا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئىلى خەلق ناخشىلى-رىنى ئون ئىككى مۇقام بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىساقمۇ بولمايدۇ ، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆزى قى-لىپ قويساقمۇ بولمايدۇ .

يۇقىرىدا بىرىلگەن مەتتاهىر هەسەن ، نۇرمەهەممەت ناسىر قاتارلىق ناخشىچىلار ئورۇندىغان سەككىز يۇرۇش ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئورۇندىغان ئون ئىككى يۇرۇش ، غىياسىدىن بارات ئورۇندىغان ئون تۆت يۇرۇش ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرتىپىگە دىققەت قىلساق ، يۇرۇشلەر ۋە هەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلار سا-نى ، هەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلىنىپ كېلىش تەرتىپى ، هەربىر يۇرۇش ۋە هەربىر ناخشىنىڭ ئاتىلىشى قاتارلىق

تەرەپلەردە ئوخشاشلىقنىڭمۇ ، يەنە خېلىلا زور پەرقلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئىلى خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدىكى ئىككىنچى كىتابتا ناخشىلارنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن بىر - بىرىگە ياندىشىشىغا ، ئەنئەنىگە ، ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلارنى گۇرۇپپىلاش ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇشلىرى ، ھەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلار ۋە ئۇلارنىڭ سانى ، يۇرۇشلەردىكى ناخشىلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى ، يۇرۇشلەر ۋە ھەربىر ناخشىلارنىڭ ئاتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك . بۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن نوتىسىنى ئىشلەپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم .

### 3 . يۇرۇشلەشكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەرغۇلى مەسىلىسى

يۇرۇشلەشكەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاخىرىنى مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرۈش — بۇ كېيىن پەيدا بولغان ئىجادىيەت . بۇنى ئون ئىككى مۇقامدىكى مۇقام داستانلىرىنىڭ ئاخىرىنى مەرغۇللار بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشتىن كەلگەن ئىلھام دېيىشكىمۇ بولىدۇ . خەلق ناخشىچىلىرى بىلەن خەلق سازەندىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ناخشا - مۇزىكا ئورۇنداش ئادەتكە ئايلانغاندىن كېيىن ، ناخشىلار ئارىلىقىدا پاۋۇز بېرىش ۋە ناخشا يۇرۇشلىرىنىڭ ئاخىرىنى مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرۈش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان . ناخشا ئاياغلىشىشى بىلەنلا مۇزىكىنىمۇ چورتلا توختىتىپ قويسا كىشى بىر ئاز غەلىتىلىك ۋە كەمتۈكلۈك ھېس قىلىدۇ . مەرغۇللار ناخشا توختىغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىشىپ ، كىشىلەرنىڭ ناخ-

شا ئېيتىش ياكى ناخشىلارنى ئاڭلاش جەريانىدا چىڭقالغان نېرۋى تارلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ، سىيلىق ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . گۈزەل مەرغۇللار كىشىنىڭ روھىغا يەنە نەپىس مۇزىكىلىق تۇيغۇ بېغىشلاپ ناخشىلاردىن ئالغان ھۇزۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ . لېكىن ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى يۇرۇشلىرىنىڭ مەرغۇللىرى ھازىرغىچە تولۇقلانغىنى يوق . كۆپىنچە سازەندىلەر ھەممە ناخشا يۇرۇشلىرىغە ئوخشاشلا بىر ـ ئىككى مۇزىكىنى چېلىپ بولدى قىلىدۇ .

ھۇسەنجان جامى : «ئىلگىرى ناخشىلار يۇرۇشلىرىنىڭ ئاخىرىغا مەرغۇل چېلىنمايتتى . بەزىدە ‹چەببايات › مۇقامىنىڭ مەرغۇلىنى ئانچە ـ مۇنچە چېلىپ قوياتتۇق . كېيىن يۇرۇشلەردىن كېيىن مەرغۇل چالىدىغان بولدۇق» دەيدۇ . ھۇسەنجان ھەسەن : « ‹ئايارەي › يۇرۇشىگە تەلقە ئاھاڭىنىڭ مۇزىكىسىنى مەرغۇل قىلىپ چالغان ئىدۇق . بەزى يۇرۇشلەرنىڭ ئاخىرىغا ئون ئىككى مۇقام ئىچىدىكى مەرغۇللار بېرىلگەن» دەيدۇ . يۇسۇپجان توختى : «ئىلى ناخشا يۇرۇشلىرىنىڭ مەرغۇللىرىنى ئون ئىككى مۇقامدىن ئالماي ، ئىجادىي مۇزىكىلارنى تاللاپ كىرىشتۇرسەك ، مەرغۇل بولىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق مۇزىكىلار بار» دەيدۇ . سەنئەت مەكتەپ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى شىرمەھەممەت نۇراخۇن : «ناخشىلارنىڭ مەرغۇلى چارچاشنى ئالىدۇ ، كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ . ئىلگىرى ھۇسەنجان جامى ، قۇربان ئۆمەرلەرنىڭ مۇزىكىلىرى مەرغۇل قىلىپ چېلىنغان . ھەربىر يۇرۇشتىكى ناخشىلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن مەرغۇللارنى تولۇقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ» دەيدۇ .

ئاتاقلىق مۇزىكانتىمىز غىياسىدىن بارات بىلەن ئابدۇكېرىم ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى خەلق

ناخشىلىرى» دېگەن كىتابتا ناخشىلارنىڭ «ئىلى سەنىمى»دىن باشقا ھەممە يۈرۈشلىرىنىڭ ئاخىرىسىغا مەرغۇل بېرىلگەن: «خانلەيلۇن»، «لەيلۇن»، «دەردىڭ يامان»، «كوچا ناخشىسى»، «گۇلەمخان»، «بىز ئاتلاندۇق» قاتارلىق يۈرۈشلەرگە شۇ ناخشىلار قايسى مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلانغان بولسا، شۇ مۇقامنىڭ 1 ـ داستان مەرغۇلى مەرغۇل قىلىپ ئېلىنغان. «گۇل قىسقان مىنىڭ يارىم» يۈرۈشىگە «ئايارەي» ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسى مەرغۇل قىلىنغان. «ئاھ يارىم گۇللەيلۇن» يۈرۈشىگە «جازايىر ‹1›» مۇزىكىسى مەرغۇل قىلىنغان. «ۋادەرىخا» يۈرۈشىگە «جازايىر ‹2›» مۇزىكىسى مەرغۇل قىلىنغان. «ئۆرگىلەي» يۈرۈشىگە «ئۆسەك سەكتىسى» مەرغۇل قىلىپ بېرىلگەن، «يار سىنىڭ دەردىڭ يامان» يۈرۈشىگە ئابلىكىم ئابدۇللانىڭ «بىزنىڭ ناخشىمىز» مۇزىكىسى مەرغۇل قىلىنغان. «ئاھ ئۇرارمەن» يۈرۈشىگە قۇربان ئىبراھىمنىڭ «تۈن ۋە كۈن» مۇزىكىسىدىن ئارىيە ئېلىنىپ مەرغۇل قىلىنغان. «ئىجادىي ۋە خەلق ئاھاڭلىرى يۈرۈشى» دېگەن نام بىلەن بېرىلگەن 13 ـ يۈرۈشكە غىياسىدىن باراتنىڭ «باھار خۇشاللىقى» مۇزىكىسى مەرغۇل قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ئىشقىلىپ ناخشىلارنىڭ ھەممە يۈرۈشلىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇۋاپىق مەرغۇللار بىلەن چۈشۈرگەن، بىر مەرغۇلنى بىرنەچچە يەردە قايتىلىمىغان. يۈرۈشلەرنىڭ مەرغۇللىرىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان مۇۋاپىقمۇ ياكى ئۇنى ئىجادىي مۇزىكىلار بىلەن تولۇقلىغان ياخشىمۇ؟ بۇ نوپۇزلۇق ساز ئالىملىرى ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىككىنچى كىتابتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بول-

غان يەنە بىر مەسىلە . ئەلۋەتتە ، ھەربىر يۈرۈش ناخشىلارنىڭ مۇقىم ، مۇستەقىل مەرغۇللىرى بولۇشى زۆرۈر .

«ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ئىككىنچى كىتابىدا يەنە ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا لازىملىق بولغان چالغۇ ئەسۋابلار توغرىسىدىمۇ ئاز - تولا سۆزلەپ ئۆتۈش كېرەك . بىز بۇ بىرىنچى كىتابتا پانتۇسوف «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىدا تونۇشتۇرغان ، 19 - ئەسىردىكى ئىلى ۋە يەتتىسۇ تەۋەسىدە ئىشلىتىلگەن چالغۇ ئەسۋابلار ۋە يۇسۇپجان غاپپاروف تونۇشتۇرغان 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئىشلىتىلگەن مۇزىكا قوراللىرى توغرىسىدا ئۇچۇرلارنىلا بەردۇق . شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ياش دوتسېنتى ، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» دېگەن كىتابىدا يېزىشىچە ، نۆۋەتتە بىز ئىشلىتىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلار نەي ، بالىمان ، كارناي ، سۇناي ، بەرباپ ، راۋاب ، دۇتار ، تەمبۇر ، قالۇن ، چاڭ ، ساتار ، غىجەك ، داپ ، ناغرا ، ساپايە ، قوشۇق ، تاش... قاتارلىق بولۇپ ئوتتۇز خىلغا يېتىپ بارىدىكەن . شۇنداقتىمۇ ، تارىختىن بېرى ئىلى خەلق ناخشا - سازلىرىنى ئورۇنداشتا ئەڭ زۆرۈر بولغان چالغۇ ئەسۋابى — دۇتار ، تەمبۇر ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان بىر كامانچىلىق چالغۇ (ساتار ، غىجەك ياكى ئىسكىرىپكا ) بولۇپ كەلدى . ئىلى خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا ھازىرغىچە بۇ ئۈچ خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ مۇھىملىقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ ، دۇتار ، تەمبۇر ، غىجەك (ساتار ياكى ئىسكىرىپكا ) قاتارلىق بۇ ئۈچ خىل چالغۇنىڭ تۈزۈلۈشى ، ياسىلىش ئۆلچىمى ، كۆركەملىكى ، ئاۋاز

ساداسى ، ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك بولۇشى ۋە بۇ چالغۇ ئەسۋابلار-
نى ياسايدىغان ماتېرىياللاردا كۆپ ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتلار بول-
دى . ئىككىنچى كىتابتا بۇ ھەقتىمۇ توختىلىپ ئۆتۈش لازىم
بولىدۇ .

# ئىلى سەنىمى ھەققىدە

«سەنەم» دېگەن بۇ سۆزگە تەتقىقاتچىلىرىمىز ، سەنەم — «گۈزەل بۇت» ، «كۆپ قوللۇق ئۇسسۇل مۇئەككىلى سىۋا» ، «گۈزەل ئايال» ، «كۆڭۈل - كۆكسۈم» ، «قەلبىم» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ ، دەپ تەبىر بېرىشىدۇ . سەنئەتتە بولسا سەنەم — ناخشا - ئۇسسۇل بىرلەشكەن بىر نەغمە شەكلىدىن ئىبارەتتۇر . ئۇنىڭدا ناخشا ، ئۇسسۇل ، قوشاقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەركىب مۇستەھكەم يۇغۇرۇلغان بولىدۇ . ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن بارلىققا كەلگەن ، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى . سەنەملەرنى خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئېيتىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ . سەنەملەرنىڭ كېلىش تارىخى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىيا - چىيا سېلىپ ۋارقىراپ ، قىيغىتىپ سەكرەشلىرىدەك ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرىدىن باشلىنىپ ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىدىنمۇ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان ھەرخىل دىنلارنىڭ تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملىرىغىچە بېرىپ تاقىلىدۇ . ئىسلام دىنىمۇ خەلق سەنەملىرىنى مۇتلەق رەت قىلمىدى . ھېيت - ئايەملەردە مەسچىت - جامە پەشتاقلىرىدا ناغرا - سۇنەيلەر چېلىنىپ ، مەيداندا سامالار ئوينالدى . «ئىنسانىيەت ياراتقان ھەرقانداق دىنىي ئېتىقاد مۇتلەق مەنىدە مۇزىكا مەدەنىيىتىنى رەت قىلغان ئەمەس ، ئەكسى ھالدا مۇزىكىنى ، بەزىلىرى ئۇسسۇل - سامانى ئۆزىنىڭ دىنىي

مۇراسىملىرى ئۇچۇن ۋاستە سۈپىتىدە قوللانغان . ئىسلامىيەتمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس... مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆز نۇتۇقلىد-رىنى گۈزەل «ئەزان» بىلەن باشلىغان . جەننەت سائادەتلىرى ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭدىكى نەغمە ـ ناۋا تىلغا ئېلىنغان . ئۇ : قۇرئان سۈرىلىرىنى چىرايلىق قىرائەت ئاھاڭىغا سېلىپ ئوقۇش دىنىنىڭ نوپۇزىنى كۆتۈرىدۇ ، دېگەن... ئىسلام.سوفىزىمى زىكرى ـ سامانى دىلنى پاكلاپ ، ۋەسلى ئىلاھىيەتكە يېتىشتىكى ئىشقى پائالىيەت ، دەپ تونۇپ ، خانىقالاردا زىكرى ـ ساما قىلىشنى تەرىقەت شەرتى قىلغان»①

فېيىرباخ مۇزىكىنى «ھېسسىياتنىڭ ھېسسىياتقا سۆزلىشى» دېگەنىدى . ئۇسسۇل بولسا ئىنسان قەلبىنىڭ بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىلى . سەنەملەردە بولسا مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى بىلەن بىرلىشىپ كىشىگە تېخىمۇ چوڭقۇر زوق بېغىشلايدۇ ، كىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ . خەلق سەنەملىرى ئون ئىككى مۇقام تەركىبىد-ىكى بارلىق مەشرەپ ـ نەغمىلەرنىڭ ئانىسى . قەدىمدىن ھازىر-غىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «دولان سەنەد-مى» ، «ئىلى سەنىمى» ، «كورلا سەنىمى» ، «قەشقەر سەنەد-مى» ، «كۇچا سەنىمى» ، «ئاتۇش سەنىمى» قاتارلىق خەلق سە-نەملىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسى جەھەتتىن ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكىنى بىر گەۋدە قىلىشتەك ئورتاقلىققا ئىگە ، پەقەت ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىد-رىگە قاراپ شەكىللەنگەن ئۇسسۇل ھەرىكىتى ، مۇزىكا ئۇدارى ،

① ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 206 ـ ، 207 ـ بەتلەر .

ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئىشلەتكەن قوشاق - بېيىتلاردىلا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت . ناخشا - ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىدا ناغرا - سۇنەيلەر ئورتاق قوللىنىلغاندىن باشقا ، ئىلى سەنىمىدە تەمبۇر ، قومۇل سەنىمىدە غىجەك ، كۇچا سەنىمىدە دۇتار بىلەن داپ باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ . ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ناغرا - سۇناي پەدىلىرىنىڭ ئاھاڭ ، رېتىملىرىدىمۇ ئوخشاسماسلىق بار .

ئىلى سەنىمى تۈرلۈك دىنىي بايرام ، ھەرخىل مۇراسىملار ، نورۇز پائالىيەتلىرى ، توي - تۆكۈن ، مەشرەپ ، ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىكى يورۇشلەشكەن ناخشا - ئۇسسۇللاردىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن . مۇزىكا تەتقىقاتچىمىز تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ يېزىشىچە ، «ئىلى سەنىمى» 1934 - يىلى ئىلىدىكى ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى ھۆسىيىنبەگ تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغانىكەن . شۇ مەزگىللەردە ئىلى سەنىمىنى قىزىتىدىغان داڭلىق ئۇسسۇلچىلاردىن قۇربانھاجى ، تۇرغان ، مەنسۇرجان قاتارلىق كىشىلەر ئۆتكەن ئىكەن . بۈگۈنكى ئىلى سەنىمى 14تىن 16گىچە يورۇشلەشكەن ئۇسسۇللۇق ناخشا - مۇزىكىلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، 1953 - يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە سابىق ئىلى «ئىتتىپاق» تىياتىرى تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ سەھنىلىرىمىزنى قىزىتىپ كەلدى . «ئىلى سەنىمى» 1979 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن قايتا رەتلىنىپ ، شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە شىخۇدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە يەنە بىر قېتىم

يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى .

«ئىلى سەنىمى» ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى . غىياسىدىن بارات بىلەن ئابدۇكېرىم ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى» دېگەن كىتابتا «ئىلى سەنىمى» 16 يۈرۈشلۈك تەرتىپى بويىچە نوتىلىرى بىلەن بېرىلگەن . بۇمۇ «ئىلى سەنىمى» ھەققىدىكى دەسلەپكى چوڭ ئىزدىنىش . زۆرۈر بولسا ئىككىنچى كىتابتا پېشقەدەم سەنئەتچىلەر ۋە «ئىلى سەنىمى» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ، «ئىلى سەنىمى»نىڭ مۇزىكىلىق يۈرۈشلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش لازىم .

2005 ـ يىل ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخى بايانى







封面设计：刘家峰

ISBN7-105-07720-4

9 787105 077205 >

ISBN 7-105-07720-4/I · 1673

民文(维 245)　　定价：20.00 元